

روزى هوشۇر (دولانى)

# جەڭ شېئىرلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 978-7-105-08380-0
9 787105 083800 >
定价：17.00元

روزى هوشۇر (دولانى)

# جەڭ ئىزلىرى

(ھېكايىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىر : مۇكەررەم مەمەت
مەسئۇل كوررېكتور : قەيسەر قۇربان
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى : دولقۇن قادىر

# جەڭ ئىزلىرى

## روزى ھوشۇر(دولانى)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 11.875
سانى : 0001 ـ 1000
باھاسى : 17.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-08380-0/I. 1838（维 265）

责任编辑：木开日木·买买提
责任校对：开赛尔·库尔班

图书在版编目(CIP)数据

战场足迹：维吾尔文/肉孜·吾守尔著. —北京：
民族出版社，2007.6
ISBN 978-7-105-08380-0

Ⅰ.战... Ⅱ.肉... Ⅲ.短篇小说—作品集—
中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第091905号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2007年7月第1版　2007年7月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米　32开
印　　张：11.875
印　　数：0001-1000册
定　　价：17.00元
ISBN 978-7-105-08380-0/I.1838（维265）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

خىسلەت ........................................ 1
ئىگىسىنى تاپقان سوۋغات ........................................ 6
ئوغلۇمنىڭ تەلىپى ........................................ 17
ئائىلىدىن كەلگەن خەت ........................................ 22
ئۆزگىرىش ........................................ 26
ۋىجدان ئازابى ........................................ 32
خاسىيەتلىك ئىش ........................................ 38
لەۋھە ........................................ 43
«مۆجىزە» ........................................ 46
بەخت يولى ........................................ 50
كۆپۈك ........................................ 55
تۆەنجاڭنىڭ شادلىقى ........................................ 59
ئەپچىل «چارە» ........................................ 64
تەقسىمات ........................................ 67
پۇرسەت ........................................ 71
ئاتا ئۈمىدى ........................................ 75
چىراغ يورۇقىدا ........................................ 79
چىلان تورۇق ........................................ 84
ئىز بېسىش ........................................ 89
مانپۇر ئالدىدا ........................................ 96
رىشتە ........................................ 104
سەپەر ئۈستىدە ........................................ 108

تاغ بۇركۈتى ................................ 113
قىممەتلىك يالداما ................................ 117
پېشقەدەم جەڭچى ئېيتقان ھېكايە ................................ 121
بوۋاينىڭ رەھمىتى ................................ 126
ئاچچىق ساۋاق ................................ 129
راستچىل ئادەم ................................ 133
موماينىڭ ھىممىتى ................................ 140
ئىلتىماس ................................ 147
قوللاش ................................ 150
يولدا ................................ 154
ئورۇنسىز تەنقىد ................................ 160
پوستتا تۇرۇش ................................ 162
مېۋە تەقدىم قىلىش ................................ 165
«جاھىل ئەسكەر» ................................ 168
تەقدىرلەش ................................ 176
كۈتكۈچى قىز ۋە سىڭلىم ................................ 183
قوشۇندىن ئايرىلىش ................................ 186
ئۇقۇشماسلىق ................................ 191
قايتۇرۇپ بېرىلگەن «سوۋغات» ................................ 195
خىجىللىق ................................ 200
ئادىل تەقسىمات ................................ 205
گۇمان ................................ 209
تەلپى كۆپ جەڭچى ................................ 216
ئاتىدىن ئېلىنغان «ئىمتىھان» ................................ 220
پۇشايمان ................................ 228
دادامنىڭ بۇيرۇقى ................................ 231
ئاجايىپ «ئارشاڭ» ................................ 238

يايرىغان كۆڭۈل ........ 244
ئىسمى ئالماشقان جەڭچى ........ 249
بېكىتىلمىگەن تاماق ........ 254
ناخشا مۇسابىقىسى ........ 260
سەنئەتچى ئەسكەرلەر ........ 265
يارىدارلار ھېكايىسى ........ 269
جەڭ ئىزلىرى ........ 279
ساتىراشلار ........ 291
تۆۋەنگە چۈشكەن تۈەنجاڭ ........ 296
كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش ........ 308
ئىنكاس قوزغىغان ھېكايە ........ 312
ئۈزۈلمەس دولقۇن ........ 316
ئورۇندالغان ۋەسىيەت ........ 323
ئىز قالدۇرۇش ........ 325
جىددىي پەيتتە ........ 331
نامسىز خەت ........ 335
«ئاغىنەم» نىڭ ھۈنىرى ........ 339
يىراقتىن كەلگەن خەت ........ 346
بۇزۇلغان قارار ........ 351
ئەل ئوغلى ........ 361

# خىسلەت

لىيەنىنىڭ ئالاقىچىسى خەت - چەك ۋە گېزىتلەرنى ئېلىپ كىرىشكە، سىياسىي يېتەكچى مىجىت ئادىتى بويىچە جەڭچىلەرنىڭ خەت - چەك ۋە تېلېگراممىلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا جەڭچى مەھەممەتجانغا كەلگەن پۇل چېكىگە چۈشتى - دە، ھەيران بولغان ھالدا ئالاقىچىنى مەھەممەتجاننى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

— مېنى چاقىرغانمىدىڭىز؟ — سورىدى مەھەممەتجان سىياسىي يېتەكچىگە سالام بەرگەندىن كېيىن دىققەتتە تۇرۇپ.

— باشقا ئىش يوق ئۇكا، قارا، بۇ ساڭا كەلگەن چەك ئىكەن، ئېيتقىنا، بۇنچە كۆپ پۇلنى نېمە قىلىسەن؟ بىرەر تىجارەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ قالمىغانسەن؟ — سىياسىي يېتەكچىنىڭ گۇمانلىق سوئاللىرىدا كۆيۈنۈشمۇ، كىنايىمۇ بار ئىدى.

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن، مەن بۇ پۇلنى تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئالاقىدار كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتمەكچى، — مەھەممەتجان ئۆز مەقسىتىنى چۈشەندۈرگەچ سىياسىي يېتەكچىنىڭ قولىدىن پۇل چېكىنى ئالدى ۋە پۇل چېكىدىكى رەقەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— كىتاب سېتىۋېلىشقا بۇنچىۋالا كۆپ پۇل كەتمەس ئۇكا، — سىياسىي يېتەكچىنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل گۇمانلىنىش بىلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق سىياسىي يېتەكچى، كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆپ پۇل كەتمەيدۇ، بىراق، دادام بۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ؟

— ئۇكا، داداڭ بۇ پۇلنى مەيلى نەدىن تېپىپ ئەۋەتكەن بولسۇن، ئۇ داداڭنىڭ ئىشى، لېكىن سەن ھەربىر بۇنچە كۆپ پۇلنى تېخنىكا ئۆگىنىمەن دەپ بۇزۇپ - چاچساڭ بولمايدۇ، شۇڭا، بۇ پۇلدىن ئۆزۈڭنىڭ ئۆگىنىشىگە يەتكۈدەك قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئائىلەڭگە قايتۇرۇۋەت.

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، سىياسىي يېتەكچى! — مەھەممەتجان سىياسىي يېتەكچىگە يەنە بىر قېتىم ھەربىيچە سالام بەردى - دە، ليەن ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھوي مەھەممەتجان، ئائىلەم نامرات، دادام ياشىنىپ قالدى دەپ ھە دېسە ئائىلەڭنىڭ غېمىنى يەپ يۈرەتتىڭ، ئەمەلىيەتتە داداڭنىڭ پۇلى جىق ئىكەنغۇ؟ — مەھەممەتجاننىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى غىياس مەھەممەتجاننىڭ قولىدىكى پۇل چېكىنى كۆرۈپ شۇنداق دېدى.

— ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقى راست، لېكىن، دادامنىڭ بۇ پۇلنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلمىدىم.

— بولدى يوشۇرما ئاداش، باي بولغاندىكىن باينىڭ بالىسىدەك يۈرۈۋەرمەمسەن، ئائىلەم نامرات دېگىنىڭگە ليەندىن يا ساڭا قۇتقۇزۇش بەرمىسە.

— ئەجەب ماڭا ئىشەنمەس بولۇپ قاپسەن ئاداش، ئىشەنسەڭ ئائىلىمىزنىڭ بارى - يوق بىساتىمۇ بۇنچىلىك پۇلغا يارىمايدۇ!

— كىم بىلىدۇ؟ داداڭ سەن بىلمەيدىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئالتۇن - كۈمۈش ساقلاپ كېلىۋاتقانمۇ تېخى!

— ۋاي تاڭ، ئىشقىلىپ دادامنىڭ ئۇنىڭ يەن ئەۋەتكەنلىكىگە ئۆزۈممۇ ھەيران.

— ئۇنداقتا داداڭغا تېلېفون بېرىپ سوراپ باق.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

※ ※ ※

— داداڭ راستىنلا شۇنداق دېدىمۇ؟ — سورىدى سىياسىي
يېتەكچى مەھەممەتجاننىڭ: «دادام ماڭا مىڭ يۈەن ئەۋەتىپتىـ-
كەن» دېگەن سۆزىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي.

— دادام راست مىڭ يۈەن ئەۋەتىپتىكەن سىياسىي يېتەك-
چى، مەن بۇ ئىشنى دادامدىن قايتا - قايتا سورىدىم.

— ھىم. . . ، ئۇنداقتا پوچتىخانىدىكى خادىملار ئېزىپ كې-
تىپتۇ، يۈر ئۇكا، ناھىيىلىك پوچتىخانىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ
باقايلى، — سىياسىي يېتەكچى كۆڭلىگە نېمىلەرنىدۇر پۈككەن
ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

پوچتىخانا ئىچى ئابۇنتلار بىلەن تولغان بولۇپ، پوچتىخانا
خادىملىرى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. سىياسىي يېتەكچى بىلەن مە-
ھەممەتجان پۇل ئېلىش ئورنىغا كەلدى - دە، ئالدىراش ئىشلەۋات-
قان ئاق پىشماق قىزغا:

— قىزچاق، خاپا بولماي بۇ پۇل چېكىنى تەكشۈرۈپ باققان
بولسىڭىز، چەكـتىكى پۇل سانـى خاتا بولۇپ قالغانـدەك تۇر-
دۇ، — دېدى.

— پۇل سانى خاتا بولۇپ قاپتۇ دەمسىز؟ — قىزچاق ھەم
ھەيران بولغان، ھەم تېرىككەن ھالدا سىياسىي يېتەكچىنىڭ
قولىدىكى پۇل چېكىنى ئالدى - دە، كۆتەك دەپتەرنى ئاختۇرۇپ
كۆرگەندىن كېيىن بىرئاز تېرىككەن تەلەپپۇزدا:

— خاتا ئەمەس ئىكەن ھەربىي يولداش، — دېدى. قىزنىڭ
بۇ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى.

— سىڭلىم، بـۇ ئىشقا ئـەستايىدىلـراق مۇئامىلە قىلسى-
ڭىز، — دېدى سىياسىي يېتەكچى قىزغا يەنە.

— سىز زادى نېمە دېمەكچى ئاكا! — قىز سىياسىي يېتەك-
چىگە چەكچىيىپ قارىدى. ئەتراپتا ئۆچرەت كۈتۈپ تۇرغان ئا-

بۇنتلارمۇ سىياسىي يېتەكچىگە ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— سىڭلىم، پۇل ئەۋەتكۈچى ئەسلىي مىڭ يۇەن ئەۋەتمەكچى ئى-كەن، چەككە ئونمىڭ يۇەن يېزىلىپ قاپتۇ، شۇڭا، چۈنكى ئەۋەتىل-گەن ئورۇندىكى پوچتىخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈ-سىڭىز، — دېدى سىياسىي يېتەكچى.

— ھە. . . ، مۇنداق ئىشمىدى؟ ماقۇل ئاكا، — قىزچاق ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپلا بىر ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى سېمىز بىر كىشى بىلەن خۇشال ھالدا چىقىپ كەلدى ۋە سىياسىي يېتەكچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پوچتىخانا باشلىقىغا:

— مانا مۇشۇ كىشى، — دېدى.

— سىزگە رەھمەت ئۇكام، پوچتىخانىمىزدىكى خادىملار ئېھتى-ياتسىزلىقتىن پۇل چېكىگە مىڭ يۇەننى ئونمىڭ يۇەن دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئەگەر سىز بۇ ئىشنى مەلۇم قىلمىغان بولسىڭىز بۇ ئىشنى بىجىرگۈچى خىزمەتچىگە زور زىيان بولاتتى، ئىدارىمىز-نىڭ ئىناۋىتىگىمۇ تەسىر يېتەتتى، — دېدى پوچتىخانا باشلىقى سىياسىي يېتەكچىنىڭ قولىنى مىننەتدارلىق بىلەن چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— بۇ بىز ھەربىيلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز، — دېدى سىياسىي يېتەكچى كەمتەرلىك بىلەن.

— يۈرۈڭ ئۇكام، مەن سىزنىڭ تۆھپىڭىزنى ئىدارە نامىدىن قۇتلۇقلىۋالاي، — پوچتىخانا باشلىقى سىياسىي يېتەكچىنى ئىش-خانىغا تارتتى.

— رەھمەت سىزگە، بىز قايتايلى، ئەگەر رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كەلسە مانا بۇ يىگىتكە رەھمەت ئېيتىڭ، چۈنكى، چەكنىڭ ئىگىسى مانا مۇشۇ يىگىت.

— رەھمەت ئۇكام سىزگە، ئىسمىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز-نى ئېيتىپ بەرسىڭىز، — پوچتىخانا باشلىقى خاتىرە دەپتىرى

بىلەن قەلىمىنى ئېلىپ مەھەممەتجانغا قارىدى. شۇ تاپتا پوچتىخا-
نا باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى ۋە مەھەممەتجاننىڭ چىرايىدىن
ئوخشاشلا تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر خىل خۇشاللىق بالقىپ
تۇراتتى.

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# ئىگىسىنى تاپقان سوۋغات

غەربكە پېتىۋاتقان قۇياش كائىناتقا تويمىغاندەك قارايتتى ۋە ئاداققى قىزغۇچ نۇرىنى ئانا دالىغا سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى. كۆجۆم مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان تۆمۈر رىشاتكىلىق سېمونت كۆۋرۈك ئۈستىدە 18 ـ 19 ياشلار چامىسىدىكى بىر قانچە ياش پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىجاتنىڭ بويى ھەممىدىن ئېگىز ھەم زىلۋا، يېشى ھەممىدىن كىچىك ئىدى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى پىيالىدەك چوڭ كۆزلىرى ۋە ئاقپىشماق چىرايى خىيالچان كۆرۈنەتتى. گەپتىن ـ گەپ چىقىپ، پاراڭ ھەربىي سەپكە كىرمەكچى بولغان نىجاتقا مەركەزلەشتى.

— ھەي ئاداش، بۇ ياخشى مەسلىھەت. ئالىي مەكتەپكە بارمىغاندىكىن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھەربىي سەپكە كىرگىنىڭ تۈزۈك، — دېدى نىجاتنىڭ ساۋاقدىشى ئەركىن.

— دېگەنلىرىڭغۇ دۇرۇس، لېكىن بۇ يىل بىزنىڭ ناھىيىگە بەرگەن سان بەك ئاز ئىكەن. ھازىرقى مەسىلە ھەربىي سەپكە قانداق كىرىش مەسىلىسى ـ دە، — دېدى نىجات غەمكىن ھالدا.

— ھەي ئەخمەق! شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدۇ؟ كونىلاردا «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار. ھالقىلىق پەيتتە «ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئولتۇرساڭ قاملاشمايدۇ، — دېدى ئەركىن نىجاتقا مەسلىھەت بېرىپ.

— ھەي ئاداش! ئەركىن راست دەيدۇ. پۇل دېگەن نەرسە بارغۇ، شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدۇ. ئانچە ـ مۇنچە سوۋغا ـ سالام يوللاشمۇ قولۇڭدىن كەلمەمدۇ؟ ھازىر بەزىلەرنىڭ گىلى

يوغىناپ كەتتى، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ مەردان.

ساۋاقداشلار نىجاتقا بىرقۇر مەسلىھەت بېرىشكەندىن كېيىن، بىرلەپ - ئىككىلەپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

گۇگۇم بىلەن باشلانغان يامغۇر تاڭ يورۇشىغا توختىدى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئالتۇن نۇرى بىلەن كائىناتنى يورۇتۇشقا باشلىدى. لېكىن، نىجاتنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا ئىدى. ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ بەزى ۋاقىتلاردا كۈن بويى ئۆيدە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈرسە، بەزىدە ساۋاقداشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلەتتى.

ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت يەتكۈزمىسە، ئىش بېجىرىپ بەرمەيدىغان ناتوغرا خىزمەت ئىستىلىدىن نارازى ئىدى. ئۇ ھەم ئۈمىد، ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزدى.

ئۇ نېمىدەپ ئاغرىنسا ھەقلىق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىشقا شەرتى توشاتتى. بەزى يىپ ئۇچىغا قارىغاندا، نىجاتنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشىغا ئەسكەر قوبۇل قىلىش كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلۇپ بولۇپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇزاكىرىدىن ئۆتكەنلەرگە ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلىق ھەققىدە چاقىرىق قەغىزى كېلىپ بولدى، لېكىن نىجاتقا بۇ ھەقتە خەۋەر يوق ئىدى.

قۇياش پېتىشقا باشلىدى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ، ئاستا چىقىۋاتقان سالقىن شامال، كەچكى شەپەق نۇرىدا جۇلالانغان دەل - دەرەخ ياپراقلىرى، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ئۆستەڭ بويىغا بىر خىل رومانتىك تۈس بەخش ئەتكەنىدى. پېشايۋاندا ئەختەم ئاكا چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئويلىغانسېرى

قورۇق باسقان چىرايى نېمە ئۈچۈندۇر تاتىرىپ، قارا قوڭۇر قوبۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ قوي كۆزلىرىدە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر خىل بىسەرەمجانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ دۇنيالىقتىكى بىر تاللا ئوغلىنىڭ ئىچىگە تىنىپ، كۈندىن-كۈنگە جۈدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالماي قىلىۋاتاتتى. ياش ئەگىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىنى ئوغلىنىڭ تەقەززالىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە تىككىنىچە:

— بولدى ئوغلۇم، بەكمۇ ئىچىڭگە سېلىپ كەتمە، بۇنداق ئازابلىنىۋېرىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىسەن، — دېدى ئاتىلىق مېھرى بىلەن.

* * *

ئەختەم ئاكا بىلەن گۈلنىساخان ئاچىنىڭ بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۆينىڭ ئىچى بۈگۈن تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى. چۈنكى، ئەختەم ئاكا بىلەن گۈلنىساخان ئاچا تۇرمۇش قۇرۇپ نەچچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، بالا يۈزى كۆرەلمەي خۇداغا نالە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن بۇ ئۆيدە ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئوغۇل پەرزەنت — نىجات دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، نىجاتجان ناھايىتى ئەتىۋارلىنىش ئىچىدە ئوماق چوڭ بولدى. ئۇ مەھەللىدىكى ھەممە كىشىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا تولماي تۇرۇپلا تىلى چىقتى. ئويلىمىغان يەردىن شۇ يىلى ئەختەم ئاكىنىڭ ئايالى گۈلنىساخان «ساقايماس» كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قازا قىلدى. گۆدەك بالىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ كۈنلەرنى مىڭ مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەختەم ئاكا ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇش ھەققىدىكى مەسلىھەت، تەكلىپ-

لىرىگە: «ياق! مېنىڭ بۇ قوزام ئۆگەيلىك دەردىنى تارتىپ قالمىسۇن» دەپ جاۋاب بېرىپ رەت قىلدى. نىجاتنى ۋاقتىدا يۇيۇپ - تاراپ، رەتلىك كىيىندۇرۇپ، قەيەرگە بارسا بىرگە ئېلىپ بېرىپ چىرايلىق باقتى. نىجات ئوقۇش يىلىغا ئەمدىلا توشقاندا، ئۇنى ئۆزى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. نىجات تۇنجى قېتىم «ئاتا، ئانا» دېگەن خەتنى يازالايدىغان بولغاندا، ئوغلىدىن سۆيۈنگەن ئەختەم ئاكا نىجاتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «ئوماق ئوغلۇم، ئوبدان قوزام. . . ياخشى ئوقۇپ چوڭ بولغاندا ئەسكەر بولۇپ ۋەتەننى قوغدىغىن» دەپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆككەندى.

* * *

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ئەختەم ئاكا سەھەرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئىشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىيا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى. ئىشخانىدا ئېگىز بويلۇق بىر كىشى گېزىت كۆرۈپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ناھىيىلىك خەلق قورallıق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شاڭشياۋ قادىر ئىدى. ئەختەم ئاكا ئىشىكتىن كىرىپ قەستەن بىرنى يۆتىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

قادىر گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇشياقمىغان ھالدا ئەختەم ئاكىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئارىنى خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىق باستى. ئەختەم ئاكا ئاخىر بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— مەن بىر ئىش بىلەن سىلىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم ئۇكام، — دېدى.

— قېنى ئېيتسىلا، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ —

سورىدى قادىر سوغۇققىنە.

— ئوغلۇم ھەربىي سەپكە كىرمەكچى بولۇپ تەكشۈرۈشكە قاتنىشىۋىدى، شۇڭا. . .

— ھە، ئىسمى نېمە ئىدى؟

— نىجات.

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىچۇ؟

— ئەختەم، — ئەختەم ئاكا جاۋاب بېرىۋېتىپ: «ئەجەبمۇ قوپال باشلىقكەنغۇ بۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— نىجات ئەختەممۇ؟

— ھەئە، — ئەختەم ئاكا سەل ھودۇققان ھالدا جاۋاب بەردى.

قادىر قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، شىرەنىڭ تارتمىسىدىكى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىگە قاراپ چىقتى ۋە:

— مەن باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. ھەرھالدا بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى، سان ئاز، تىزىملاتقانلار كۆپ، — دېدى ئەختەم ئاكىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ.

— شۇنداقتىمۇ ئامالىنى قىلىپ باقارلا باشلىق، مۇشۇ ئىش قاملاشمىسىلا قالىدىغان بولسا مەنمۇ قاراپ ئولتۇرمايمەن، ھەرھالدا خىزمەتلىرىدە بولغۇچىلىكىمىز بار، — دېدى ئەختەم ئاكا باشلىقنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك.

— ياقەي، بۇنىڭ ئامالىنى سىلى ئەمەس، ئۆزۈم قىلىمەن، — دېدى قادىر.

ئەختەم ئاكا خۇشاللىقىدىن باشلىققا بىرمۇنچە «رەھمەت»لەرنى ئېيتقىنىچە ئىشخانىدىن يېنىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەختەم ئاكا پرىنسىپنى ئۆلچەم قىلماي، ئۆزىگە يەتكۈزگەن مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىدىغان نەپسى يامان كىشىلەرگە تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆچ ئىدى. لېكىن ئوغلىنىڭ بۇ ئىشى ئۇنى ئامالسىز قالدۇردى. شۇڭا، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا «ئامال قىلىش» يولىدا تىنىم تاپماي چېپىشقا باشلىدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەختەم ئاكا قادىرنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە كەلدى. ئىشخانىدا قادىر يوق ئىدى. ئەختەم ئاكا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىشخانىدىن چىقىپ ناخۇش ھالدا قايتىش ئۈچۈن ئەمدىلا يولغا چىقىپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاپتوموبىل سىگنالى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەختەم ئاكا ئۆرۈلۈپ قاراپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان قادىر بۇجاڭنى كۆردى. ئەختەم ئاكا دەرھال تېتىكلىشىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باشلىق ئۇكام، — دېدى قىزغىن سالام بېرىپ.

— سىلىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن - دە، — دېدى قادىر سەممىي كۈلۈمسىرەپ، — ئوغلۇمنىڭ توي ئىشى يېقىنلىشىپ قېلىۋىدى، شۇنىڭغا تېلېۋىزور سېتىۋالاي دەپ دۇكانلارنى ئارىلاپ كەلدىم.

— بۇ ئىشنى پېقىرغا تاپشۇرسىلا بولماسمىدى ئۇكام، — دېدى ئەختەم ئاكا دەرھاللا.

— ياقەي، شەخسىي ئىشقىمۇ سىلىنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولىدۇ؟

— ئۈنچىلىك خىزمەتلىرىدە بولالمىساق، بىزمۇ سىلىنى ئىزدەپ كەلمىسەك بولىدۇ ئۇكام.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئىشلىرى پۈتۈپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ خەۋىرىنى ئالسىلا. مېنىڭ ئۆيۈم خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك، — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ شۇ تاپتا يەنە جىددىي ئىشىم بار، — دەپ ئەختەم ئاكا بىلەن خوشلىشىپلا

ماشىنىغا چىقىپ كېتىپ قالدى.

ئەختەم ئاكا ئۆيگە كەلگەندە نامازشامدىن ئاشقانىدى، ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قادىر بۇجاڭنىڭ تەمەخورلۇق چىقىپ تۇرىدىغان سىرلىق قاراشلىرى كەچمىشىتە ئىدى. ئۇ كرېسلودا بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن: «بۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ غودۇڭشىپ ئورنىدىن تۇردى – دە، ئۇيان – بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. ئەختەم ئاكىنىڭ كۆڭلىگە خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقىنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلغاندا پارا ئېلىپ جازالانغانلىق ئىشى كەلدى – دە، «خەپ توختا، سەنمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ئەدىپىڭنى راسا بىر بەرمىسەم» دەپ ئويلاپ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكتى.

ئەختەم ئاكا خۇپتەندىن ئاشقاندا ئىلاجسىز يىغىلا سېتىۋالغان 25 دىيۇيملىق «سونىي» ماركىلىق تېلېۋىزورنى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ، قادىرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ئەتراپ تۇن قاراڭغۇسىدا گۆرىستاندەك كۆرۈنەتتى. قاياقتىندۇر ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەختەم ئاكا قوراللىق بۆلۈمىنىڭ دەرۋازىسىدىن مىڭ تەستە كىرىپ، ئاران دېگەندە قادىرنىڭ ئۆيىنى تاپتى – دە، ئىشىكنى چەكتى.

ئىشىك ئېچىلىپ خۇش چىراي بىر ئايال چىقىپ كەلدى ۋە ئەختەم ئاكىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەختەم ئاكا ئۆيگە كىرىپ بىلدىكى، بۇ خۇش پىچىم ئايال قادىر بۇجاڭنىڭ ئايالى گۆھەربانۇم ئىكەن.

— بۇ تېلېۋىزورنى ئاددىي بولسىمۇ. . . — ئەختەم ئاكىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولۇپ بولغان گۆھەربانۇم:

— ۋىيەي! ؟ قادىر تېلېۋىزور ئالىمەن، دەۋاتاتتى، تېلېۋىزورنى سىلىدىن ئەۋەتىپتۇ – دە، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ، — دېدى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ.

ئەختەم ئاكا ئۇن - تىنسىز ھالدا تېلېۋىزورنى گۆھەربانۇمغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، گۆھەربانۇمنىڭ «چاي ئىچىپ ماڭسىلا تاغا» دېگەنلىرىگە قارىماي ئۆيىگە قايتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. ئەختەم ئاكا قادىر بۇجاڭنىڭ توي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك يەنە قانداق ئىشلىرى بارلىقىنى سوراپ بېقىشنى باھانە قىلىپ، نىجاتنىڭ ئىشىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن قادىر بۇجاڭنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىگە ئۇل-گۇرۇپ ئۆيىگە باردى. شۇ ئەسنادا قادىر بۇجاڭمۇ قولىدا سومكا كۆتۈرگەن ھالدا بىر خىل ئاھاڭدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئىدارىدىن چىقىپ كەلدى ۋە ئەختەم ئاكىنى كۆرۈپ خۇددى قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ:

— ئوغلىڭىزنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشنى ناھايىتى تەستە ھەل قىلدىم، — دېدى - دە، سومكىسىدىن بىر لىپاپىنى ئېلىپ ئەختەم ئاكىغا سۇندى، — مەڭ، ئوغلىڭىز ئەمدى رەسمىيەتنى ئۆتەپ، قىسىمغا مېڭىشقا تەييارلىق قىلسۇن.

— بولدۇ ئۇكام، سىلىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، — ئەختەم ئاكا نۇرسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى سۈرتكىنىچە قوراللىق بۆلۈم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن چىقتى.

ماي ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن چىققان شامال كۈن چىقىش بىلەن بورانغا ئايلىنىپ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ھەربىي گازارمىنى توپا - چاڭغا كۆمۈ-ۋەتتى. پۇرقىراپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇم - توپىلار دەستىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى.

چۈشتىن كېيىن بوران پەسلەپ، ھاۋا ئېچىلدى. جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچىلەر ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەيدانىنى قىزىتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ «سا. . . سا. . . سا. . .» دەپ توۋلىغان ياڭراق ئاۋازلىرى تەلىم - تەربىيە مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، يىراقلاردا ھەيۋەتلىك ئەكس سادا ياڭراتتى.

ئەتىياز پەسلى، ھەممە ياق باش باھار پەيزىگە چۆمگەندى. نىجاتنىڭ كىچىكىدىنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئەسكەر بولۇش ئارزۇسى بۈگۈن ئاخىر ئىشقا ئاشتى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ مۇمكىن بولسا پۈتۈن ئۆمرىنى ھەربىيلىكتە ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئاشۇ ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە قىسىمدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلىمەكتە ئىدى.

ئۈچ ئايلىق يېڭى ئەسكەرلەر تەلىمىدىن كېيىن، نىجات لىيەنگە تەقسىم قىلىنىدى. ئۇ لىيەنگە كېلىپ تېخى بىر ئاي بولماي-لا، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە لىيەنجاڭ ئىبلى ياتاق ئارىلاپ 6 - بەنگە كىرگەندە، بىر جەڭچىنىڭ ئورنىدا يوقلۇقىنى كۆردى. «يېرىم كېچىدە بۇ جەڭچى نەگە كەتكەندۇ؟» لىيەنجاڭ ئەجەبلەن-گەن ھالدا بەنجاڭنى ئويغىتىپ سورىدى:

— بۈگۈنكى كېچىلىك پوستتا تۇرۇش ۋەزىپىسى سىلەر-نىڭ بەندە ئەمەسقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ ئورۇندىكى جەڭچى نەگە كەتتى؟

بەنجاڭ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى - دە، لىيەنجاڭنى باشلاپ تەلىم - تەربىيە مەيدانىغا چىقتى.

بۈگۈن كەچ ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، پايانسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. مەيىن باھار شامىلى دەرەخ يوپۇر-ماقلىرىنى يېنىك تەۋرىتەتتى. مەشىق مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە كىمدۇر بىرىنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— لىيەنجاڭ ئەنە قاراڭ، سىز بايا سورىغان جەڭچى ئەنە شۇ، — دېدى بەنجاڭ يىراقتىكى بىر كۆلەڭگىنى كۆرسىتىپ.

ئالدىغا تىزىۋالغان مەشىق گراناتىغا قولىنى ئۇزىتىۋاتقان نىجات ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان تىۋىشنى ئاڭلاپ ئۆزىنى رۇسلىدى.

— يېرىم كېچىدە ئۇخلىماي بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتى-

سەن؟ — سورىدى لىيەنجاڭ نىجاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
— مېنىڭ ھەربىي تەلىمدە ئاساسىم ئاجىز، شۇڭا، گرانات تاشلاشنى مەشىق قىلىۋاتىمەن.
— نىجات يېڭى ئەسكەر بولسىمۇ، يېقىندا ئېلىنغان سىناقتا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى، لېكىن، ئۇ يەنىلا بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ئۆزىنى ھەربىي تەلىمدە ئاجىز دەپ قاراپ تىرىشىپ مەشىق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى بەنجاڭ لىيەنجاڭغا نىجاتنى تونۇشتۇرۇپ.
— سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل ئۇكا، — دېدى لىيەنجاڭ نىجاتقا كۆيۈنگەن ھالدا ۋە ئۇنى قايتىپ ئۇخلاشقا بۇيرۇدى.
نىجات قىسىمغا كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دائىم دادىسى ئەختەم ئاكىنىڭ: «ياخشى ئىشلەپ، يارامىلىق ئادەم بولغىن» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى، ئۇ مۇشۇ سۆزنىڭ تۈرتكىسىدە ئاز دەم ئېلىپ، كۆپ مەشىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىسىم بويىچە «مەشىق ئۈلگىسى» دەپ نام ئالدى. قىسىملار ئارا ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە قېتىملىق ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە بەش تۈر بويىچە بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى ھەمدە يېقىندا قىسىم تەرىپىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىگە ئېلىندى.

* * *

ئەختەم ئاكا قادىر بۇجاڭنىڭ ھويلىسىدا مېھمان كۈتۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ پەرزەنتلىرىگە تەييارلىغان تويلۇقلارنى قويۇشقا باشلىدى. ئەختەم ئاكىنىڭ كۆزى ئالدى بىلەن شىرە ئۈستىدە تۇرغان تېلېۋىزورغا چۈشتى. بۇ تېلېۋىزور قادىر بۇجاڭنىڭ ئايالى گۆھەربانۇمغا بەرگەن تېلېۋىزورغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەختەم ئاكا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى.

«قادىر بوجاڭ مەن سوۋغا قىلغان تېلېۋىزورنى بالىسىغا بېرىشكە قورسىقى ئاغرىپ، بالىسىغا باشقا تېلېۋىزور سېتىۋالغانمىدۇ ـ يا؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەختەم ئاندىن چەكسىز خىياللار بىلەن ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ھەيران قالدى. چۈنكى، ئەختەم ئاكىنىڭ قادىر بوجاڭغا سوۋغا قىلغان تېلېۋىزورى پېتى بۇزۇلمىغان ھالدا ئۆيىدە تۇراتتى. «تووا، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ كۆزۈم مېنى ئالداۋاتامدىغاندۇ ـ ھە؟» ئەختەم ئاكا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن تېلېۋىزورغا يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدى، ھەتتا تېلېۋىزورنى تۇتۇپمۇ كۆردى. ئۇ كۆزىنىڭ ئۆزىنى ئالدىمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئويغا پاتتى:

«قادىر بوجاڭ تېلېۋىزورنى نېمىدەپ ئەكىلىپ بەرگەندۇ؟ ياكى قادىر بوجاڭ مېنىڭ نىيىتىمنى بىلىپ قېلىپ ئۆزىنى ئۆزى سورىدىمۇ يا؟ نېمىلا دېگەن بىلەن تېلېۋىزورۇم ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ جۇمۇ، ئىنساپلىرىغا رەھمەت قادىر بوجاڭ!». ئەختەم ئاكا ئۆز ـ ئۆزىگە ئەنە شۇنداق پىچىرلايتتى، ۋۇجۇدىغا پاتمايۋاتقان خۇشاللىقتىن تاتلىق كۈلۈمسىرەيتتى ھەم تېخى بايىلا قادىر بوجاڭ ئۈستىدە خاتا ئوي ـ خىياللاردا بولغىنىدىن خىجىل بولاتتى.

1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# ئوغلۇمنىڭ تەلپى

بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىم بەكلا جىق بول- غاچقا، ئىشقا چىقىش سىگنالى چېلىنىشتىن بۇرۇن ئىشخانىغا كىرىۋالدىم. مەن ئىشخانىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ئو- يىدا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دېدىممەن تەئەججۇپ بىلەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداقراق ئاداش ئەھۋالىڭ؟ — دېدى چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا ئىشلەيدىغان يېقىن سەپدىشىم رۇسۇل قىزغىنلىق بىلەن.

— تاڭ سەھەردىلا سالامىنىڭ يوغىنىنى قىلىپ كېلىپ قاپسەنغۇ، سېنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— قانداق شامال بولاتتى، سېنى سېغىنىپ كەلدىم. ئەمە- لىڭ ئۆسۈپ بەكلا كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ؟

— ئۇنچىمۇ ئەمەس، بىرەر ئىشىڭ بولمىسا، مېنى ئىزدەپ كەلمەيتتىڭغۇ دەيمەن، — دېدىم ئاغىنەمنىڭ مەقسىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇدۇللا.

— «دوستۇڭ گۈل بولسا سەنمۇ پۇرايسەن، دوستۇڭ كۆل بولسا سەنمۇ تۇزۇيسەن» دېگەن گەپ بارغۇ، ئەمىلىڭنىڭ بارىدا. . . — رۇسۇل تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماقچى بولغاندەك چىرايىمغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمىلىڭنىڭ بارىدا ماڭا ياردەم قىل.

— ئادەمنى تولا تەقەززا قىلماي، مەقسىتىڭنى تېز ئېيتمام- سەن؟ قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم قىلاي، تەلىپىڭ پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولسىلا.

— راست گەپنى ئېيتسام، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەل-
گەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇنىڭ سىنىپى
جاپالىق چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا تەقسىم قىلىپ قويساق
— مۇشۇ ئىشمىدى؟ — دېدىممەن ئۇستۇمدىن ئېغىر بىر
تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ، — قارا سېنى خەق بالىلىرىنى
تاغدىن يۆتكەپ كېلەلمەي ئاۋارە بولۇۋاتسا، سەن ئوغلۇڭنى تاغقا
ماڭدۇرماقچى بولۇپ قاپسىنا؟
— ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ، جاپالىق مۇھىتتا چېنىقسۇن،
پىشسۇن دەيمەنـا! — دېـدى سەيدىشىم رۇسۇل كـەسكىن قىيا-
پەتتە، — «زىمىستان كۆرمىگـەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدىرىنـى
بىلمەس. . .» دېگەن ناخشىنى ھېلىمۇ ئېيتىپ تۇرامسەن؟
— چاقچىقىڭنى قويۇپ تۇر، ھېلى دېگەن گېپىڭ سېنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشىڭمۇ ياكى ئوغلۇڭنىڭ تەلىپىمۇ؟ — سورىدىم
مەن بۇ ئىشنى تازا ئاڭقىرالماي.
— مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم، تېخـىمـۇ مـۇھىمى ئوغلۇم-
نىڭ تەلىپى.
قىسمىدا خېلى يىل بىللە ئىشلىگەن سەيدىشىم رۇسۇلنى
قايتا چۈشەنگەندەك بولدۇم ـ دە، بەزى ئىشلار خىيالىمدىن
ئۆتۈشكە باشلىدى:
«ھېلىقى يىشقەدەم باشلىقىمدىمۇ شۇنچىلىك ئاڭ بولغان
بولسىدى، مەن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتىم. ئۇنىڭدىنمۇ
ئاغرىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق ئا-
دەملەر بار، ئۇلار ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئايىمايدۇ. بىر ئىشنى
بېجىرىپ بەرسەڭ، يەنە بىر ئىشنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، ئورۇنسىز
تەلەپلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. . .»
— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى رۇسۇل دولامغا نوقۇپ، — بۇ
تەلىپىمنى ئورۇنداش شۇنچە تەسمۇ؟
— ياق، ياقەي، باشـقا ئىشـنى ئويـلاپ قاپتىمەن، —

دېدىمەن گويا چۈشتىن ئويغانغاندەك ھودۇقۇپ، راستىنى ئېيت-سام، شۇ تاپتا، ئىلگىرى مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ھېلىقى پېشقەدەم باشلىقىمنىڭ تېخى ئالدىنقى كۈنىلا، شۇنچە كۆپ ئادەم-لەرنىڭ ئالدىدا ماڭا دارتىملاپ: «ئوغلۇمنى شۇنچە چەت، شۇن-چە جاپالىق چېگىرىغا تەقسىم قىلىۋەتكىنىڭلار نېمىسى، ئوغ-لۇمنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭلارمۇ مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىشىڭلار كې-رەكتىغۇ! شۇنچە چوڭ ئورگانغا مېنىڭ ئوغلۇم پاتمىدىمۇ؟ تۇ-زۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭنى چاقاي دېگەن شۇدە!» دەپ ئاچچىقلاپ قىلغان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ھېلىدىن - ھېلىغا جاراڭلىماقتا ئىدى.

— چاتاق يوق ئاداش، بۇ تەكلىپىڭنى ئورۇنداش تولىمۇ ئاسان، ئەمما پۇشايمان قىلىپ قالما، ئوغلۇڭغا خىزمەتنى ئوبدان ئىشلە، — دېدىم سەپدىشىم رۇسۇلغىا مەستلىكىم كېلىپ.

ئۇ قاتتىق تۇتقىنىمغا ئۇنىماي كېتىپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ ئاددىي، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى يۈرىكىمدە قالدى.

تېلېفون جىرىڭشىدى. ئالسام، يەنە بىر يۇرتلۇقۇمنىڭ ئا-تالمىش تۇغقىنىنىڭ بالىسىنى ئۆز يۇرتىغا تەقسىم قىلىپ قويۇ-شۇمنى تاپىلاپ بەرگەن تېلېفونى ئىكەن. راست گەپنى قىلسام، بۇنداق تېلېفونلار كۆپ كېلىدۇ. ئىلگىرىكى باشلىقلىرىم، يۇرت-لۇقلىرىم، تۇغقانلىرىم، ئاغىنە، ساۋاقداشلىرىم باغاقچىلار ئە-ۋەتىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنچە كادىرلار باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشنىڭ ھەقىقەتەن تەسلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىمەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتكوم دائىمىي ئەزالىرىنىڭ كادىرلار مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى تۈگىگەندىن كې-يىن ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ، بۇرۇنراق دەم ئالماقچى بولدۇم.

ئۆيگە كەلسەم سابىق قوماندان مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— سىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن قوماندان، قېنى، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن تەكەللۇپ بىلەن.

www.uyghurkitap.com

— قوماندان سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، — دېدى ئايالىم روشەنگۈل.

مەن قوماندانني داستىخانغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئانىلىك قېنىدەك دەملەنگەن چاينى ئوتلاۋېتىپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى.

— بۈگۈن بۇياققا قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇ قوماندان، — دېدىم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى بىلىپ باقاي، دەپ كەلگەن، — دېدى باشلىق مەندىن ئوغلىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ھەققىدە «ئۇچۇر» غا ئىگە بولۇش مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ.

— ياردەم قىلالمىغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ باشلىق، ئوغلىڭىزنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە يوللانغان دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدۇق، ئەمما. . . شەرتى. . .

گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا، باشلىقنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى ياندى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

— مۇبادا مەن دەم ئېلىشقا چىقمىغان بولسام. . . — دەپلا كەينىگىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ تەستىقلانماسلىقىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ كەينىدىن چىقتىم، باشلىق ماڭا ئېرەن قىلماي كېتىپ قالدى.

«بار ئىشنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك تۇزۇم ـ تەرتىپنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمانداق ئادەمنى تەتۈر قىينايدىغاندۇ بۇ ئادەم» پىشقەدەم باشلىق كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمگە غودۇرىدىم. چۈنكى، دەل مۇشۇ باشلىق بىرىنچى قېتىم شەرتى تولۇق توشمىغان ئوغلىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ قويۇش، ئىككىنچى قېتىم ئوغلىنى ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈزۈش، ئۈچىنچى قېتىم ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوغ-

لىنى ياخشى ئورۇنغا تەقسىم قىلىپ قويۇش توغرىسىدا مېنى ئىزدىگەنىدى، مانا ئەمدى ئوغلىنى دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈپ قويۇش توغرىسىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ئىزدەشلىرى ئۈنۈم بەرمىۋىدى. . .

مەن كۆڭلۈم غەش هالدا ئۆيگە قايتىپ كىردىم، لېكىن «هەي زىددىيەتلىك دۇنيا، مەن ئەتە يەنە قانچىسىنى كۈلدۈرۈپ، قانچىسىنى يىغلىتارمەن، مۇشۇنداق ئورۇنسىز تەلەپ، ئورۇنسىز رەنجىشلەر قاچانمۇ تۈگەر؟!» دېگەنگە ئوخشاش ئاچچىق خىياللار كۆڭلۈمنى بىئارام قىلاتتى.

1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېتى ئادرېسى

# ئائىلىدىن كەلگەن خەت

باھار كۈنلىرى، گازارمىنىڭ ئالدىدىكى مەشىق مەيدانىغا ياندىشىقان مەنزىرىلىك باغقا نەزەر تاشلىغىنىمچە كېتىۋاتىمەن. باغدا ئاپئاق ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ ئارىسىدا ۋە يول بويىدىكى رەتمۇرەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشلىرى بىلەن غەيرىتى پەلەككە يەتكەن جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەيدانىدىكى جاراڭلىق ئاۋازى قوشۇلۇپ، گازارمىنى ئاجايىپ جانلاندۇرىۋەتكەنىدى.

مەن پەيلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئىشىنى قايسى تۇردىن باشلاش ئۈستىدە خىيال قىلىپ كېتىۋاتقىنىمدا، كىمدۇر بىرى چاقىردى. مېڭىشتىن توختاپ ئارقامغا قارىدىم. تۆت - بەش قەدەم نېرىدىلا ئالاقىچى مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. «ئۇنىڭ نېمە زۆرۈر ئىشى بار بولغىيتتى؟»، مەن شۇلارنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇمغا، ئالاقىچى يېنىمغا يېتىپ كەلدى ۋە ماڭا بىر پارچە خەتنى بەردى. خەتنى ئالدىم - دە، ئۇنىڭ ئائىلىدىن كەلگەن خەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە مەزمۇنىنى ئوقۇماي تۇرۇپلا چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ خەتمۇ «زاۋۇتىمىز ئىسلاھاتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تاقىلىپ قالدى، مەنمۇ ئىش ئورنىمدىن قېلىپ، ئائىلىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنلىپ قالدى. ئۇنى ئاز دەپ، يۇرتتا تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى، 6 - ئايدىن بۇرۇن ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سېتىۋالىسىلەر دەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش كونا گەپلەردۇر ھەقچان، دەپ ئويلىدىم ۋە خەتنى يانچۇقۇمغا

پۇرلاپ سىلىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەيدانىغا قاراپ ماڭدىم.
ئالتۇن شاردەك يالقۇنجاپ تۇرغان قۇياش يەر - جاھاننى قىزىتىشقا باشلىغانىدى. مەشىق مەيدانىدا قارشىلىشىش تەلىمى ئەۋجىگە چىققانىدى، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئوقلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ «ھۇررا» لىرىدىن ئۈركىگەن قۇشلار تەرەپ - تەرەپكە قاراپ ئۇچۇشماقتا ئىدى.
— يارايسىلەر يىگىتلەر! — دېدىم ھاياجىنىمنى باسالمىغان ھالدا مەشىق مەيدانىدىكى جەڭچىلەرگە سۆيۈنۈش نەزىرىدە قاراپ.
— دىققەت! — ئەمدىلا مەشىق مەيدانىغا يېتىپ بېرىۋىدىم، 1 - پەيىنىڭ پەيجاڭى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ دىققەت ھالەتكە كەلدى - دە، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە تاقاپ سالام بەرگەندىن كېيىن، — يولداش لىيەنجاڭ! لىيەنىمىز قارشىلىشىش تەلىمى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، يوليورۇق بېرىڭ! — دېدى.
مەن پەيجاڭنىڭ دوكلاتى ۋە سالىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھۆرمەت بىلەن رەتلىك تىزىلغان ئەسكەرلەرگە راھەتتە تۇرۇش كوماندىسى بەردىم ۋە سۆز باشلىدىم:
— يولداشلار! ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت تىنچلىقپەرۋەر كۈچلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ، زومىگەرلىك ۋە كېڭەيمىچىلىك ھەر ۋاقىت ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشى مۇمكىن. قولىمىزدىكى بۇ قورال ۋەتىنىمىزنى ئاشۇ تاجاۋۇزچى كۈچلەردىن قوغداشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى! شۇڭا، بىز ماھارىتىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز لازىم!
جەڭچىلەر سۆزۈمگە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ئۇلارنىڭ چاۋاك چالغان چاغدىكى ھالىتىدىن بىر خىل كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت چىقىپ تۇراتتى.
مەن ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەيدانىنى يەنە بىر پەس ئايلى-

نىپ، مەشىق ئەھۋالىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئىشخانامغا قاراپ يول ئالدىم. لېكىن، خىيال قۇشلىرىم ھېلىلا كاتىپ ئەكىلىپ بەرگەن ئائىلەمدىن كەلگەن خەت ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى.

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى، ئۆيىمىزنىڭ سول تەرىپىدە چوڭ بىر زاۋۇت قۇرۇلغانىكەن. ئەقلىمگە كەلسەم دادام مۇشۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدىكەن. بۇ زاۋۇتنىڭ نەچچە مىڭ ئىشچىسى بولۇپ، «1 ـ ئاۋغۇست توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» دېسە بىلمەيدىغانلار يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ 50 ـ يىللاردا ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قۇرۇلغان زاۋۇت بولۇپ، يۇرتىمىزغا نىسبەتەن خېلى چوڭ زاۋۇت ھېسابلىناتتى. ھەتتا بۇ زاۋۇتقا ھەر يەر ـ ھەر يەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئىلگىرى «روناق تاپقان زاۋۇت» دېيىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ ئورۇن مانا ئەمدى ئىسلاھاتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تاقىلىپ قالغانىدى. دادام ئىش ئورنىدىن قېلىپ، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. شۇڭا، ماڭا ئۆيدىن قىيىنچىلىق ھەققىدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان خەتلەر دائىم دېگۈدەك كېلىپ تۇراتتى. بالا بولغاندىكىن قاراپ ئولتۇرغىلى بولمايتتى. ھەر ئايلىق مائاشىمنى ئۆيگە ئەۋەتىپ بېرىشتىن سىرت، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئىقتىساد قىلغان ئاز ـ تولا پۇلۇمنىمۇ ئۇلارغا ئەۋەتىپ تۈگەتكەنىدىم. يۇقىرىقىدەك خىياللار بىلەن ئىشخانىغىمۇ كېلىپ قاپتىمەن. مەن بىر ئاز ھاردۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقۇمدىن خەتنى ئېلىپ، پەرىشان ھالدا ئوقۇشقا باشلىدىم. تونۇش پۈچۈركا غەمكىن روھىمغا ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى، ئائىلەمنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىنمۇ ئىشقىلىپ كونۋېرت تۈتقان قولۇم يېنىك تىترەيتتى. چۈنكى، ماڭا ئۈزاقتىن بۇيان كېلىۋاتقان خەتلەر پەقەت مېنىڭ ھەل قىلىشىمنى

كۆتۈپ تۇرغان قىيىنچىلىقلار ھەققىدىلا يېزىلغانىدى. بەزىدە: «ماڭىمۇ ئائىلىدىن مېنى خۇشال قىلىدىغان، كۆڭلۈمگە ئازادىلىك بېغىشلايدىغان خەتلەر كېلىپ باقسا نېمە بولار ـ ھە؟!» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. مەن شۇنداق خىياللار ئىلكىدە خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم، ئويلىمىغان يەردىن ۋۇجۇدۇمنى قاپساپ تۇرغان بىئاراملىق نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل خۇشاللىق ئىگىلىدى. چۈنكى، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىك بالام ئىمام، قانداق ئەھۋالىڭ، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ بۇ قېتىم مەن بۇ خەتنى ئائىلىمىزنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىدىن سېنى بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن. مەن ئىش ئورنۇمدىن قالغاندىن كېيىن، شوپۇرلۇق كۇرسىدا ئوقۇدۇم ۋە ‹ئازاد› ماركىلىق چوڭ ئاپتوبۇستىن بىرنى سېتىۋېلىپ يولۇچى توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئېھتىمال پۇلنى دادام نەدىن تاپقاندۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن، سەن ئەۋەتكەن پۇللارنى يىغىپ، ئۇنىڭغا بانكىدىن ئالغان تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنى قوشۇۋىدىم، ئىشىم ئەپلىشىپ قالدى. ئاپتوبۇسنى سېتىۋالدىم ـ دە، ئۈرۈمچىگە قاتناشقا باشلىدىم. بىر قېتىم بېرىپ ـ كېلىشتە قولۇمغا ئۈچ ـ تۆت مىڭ يۈەن ساپ پايدا قالىدىكەن. ھازىر كۈنىمىز ناھايىتى ياخشى، ئاناڭمۇ مىلىچمال دۇكىنى ئېچىۋالدى، ئۇنىڭمۇ تىجارىتى ئوبدان ئېقىۋاتىدۇ. ھازىر ئالغان قەرز پۇللارنى قايتۇرۇپ بولدۇم، ئۇندىن باشقا ئاز ـ تولا ئىقتىساد قىلىپمۇ ئۈلگۈردۇق تېخى!»

مەن خەتنى ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمىگەن ھالدا ئوقۇپ تۈگەتتىم. كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ جەمئىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئەزاسى بولغان ئائىلىمىزگىمۇ بەخت نۇرىنى چاچقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم ـ دە، ئىسلاھاتقا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى.

1998 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۆزگىرىش

ئاۋغۇست ئايلىرى. دولان دەرياسى قىزغىن ئەمگەك دولقۇنىغا چۆمگەنىدى. ئايرىلغىنىمغا بىر قانچە يىل بولغان ئانا يۇرتۇمنىڭ تاناپتەك ئاسفالت يولىدا «ئازاد» ماركىلىق كىرا ئاپتوموبىلى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېتىزلاردا ئورما ئورۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ خۇشال ناخشىلىرى، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئۈزۈلمەي جاراڭلايتتى. مېنى شۇ تاپتا بۇ يەردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئاپتوموبىل خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا رەتلىك سېلىنغان قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئالدىدىكى يولغا كېلىپ توختىدى. مەن ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئىلگىرىكى پاكار - پاكار خام كېسەكلىك ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا هازىر ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر سېلىنغان، يوللارمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

«بىزنىڭ كەنتكە بارىدىغان يول قاياقتا قالدى؟» مەن شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇرغىنىمدا ماتورنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا «شالىي» ماركىلىق كىرا پىكاپىدىن بىرى ئالدىمغا كېلىپ توختىدى:

— ئاكا نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى شوپۇر.

— يانتاق كەنتىگە.

— ھە، يېڭى ئاۋات كەنتىگە دەڭە، چىقىڭ، — دېدى شوپۇر.

— ياقەي، يانتاق كەنتىگە، — دېدىم مەن.

— ئىككىسى بىر گەپ، بۇرۇن ئۇ يەرنى يانتاق كەنتى

دەيتتۇق، هازىر يېڭى ئاۋات كەنتى دەيمىز.

شۇنداق قىلىپ پىكاپقا چىقتىم، پىكاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر مەھەللىگە كېلىپ توختىدى.

— كەلدۇق، — دېدى شوپۇر بىر چاغدا پىكاپنى سىلىققىنا توختىتىپ.

مەن كىرا پۇلىنى تۆلەپ شوپۇر بىلەن خوشلاشتىم. ئىككى تەرىپى بوك - باراقسان دەرەخلىق يولدا كېتىۋېتىپ، ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قارىدىم ۋە ھەيران قالدىم. چۈنكى، كىچىك چاغلىرىمدا بۇ ئەتراپتىكى تاقىر ئېتىزلاردا ئاپئاق شور ئۆرلەپ تۇراتتى، قومۇش، يۇلغۇن، شاپ قاتارلىقلاردىن باشقا نەرسە ئۆسمەيتتى. هازىر بۇ ئېتىزلاردا ئاق بولۇتتەك ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەزلەر، بىلەكتەك باش ئالغان كۆممىقوناقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەن بۇلارغا زوقلىنىپ كېتىۋاتقىنىمدا، يول بويىدىكى پىششىق خىش بىلەن ياسالغان بىر ئىمارەت دىققىتىمنى تارتتى. هويلىدىن سىرتقا چىقىپ قالغان ئۆرۈك شاخلىرىدىكى ساپسېرىق ئۆرۈكلەرگە قاراپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېگەن ئاۋاز خىيالىمنى بۆلدى. قارىسام يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدا دولىسىغا كەتمەن ئارتىۋالغان، بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، بېشىغا ئاپئاق شاپاق دوپپا كىيگەن 45 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ ئادەمنى تونۇغاندەك قىلدىمىيۇ، ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ئەنۋەرجانغۇ سەن، سېنى قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — ئۇ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ قېشىمغا كەلگەندىلا، ئاندىن ئۇنى تونۇدۇم.

— ئەسقەرجانمۇ سەن، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سېنى تونۇيالماي قاپتىمەن، — دېدىم مەن.

— سەن ئەسكەرلىككە شۇ كەتكەنچە يۇرتقا بىرەر قېتىممۇ

كىلىپ باقمىدىڭ، يېزىمىزدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى.

بىز قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. ئەسقەر باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرىغىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى.

— ئاخىر دېھقان بولۇپ كەتتىم دېگىنە.

— شۇنداق، نىمە ئامال دەيسەن، لېكىن دېھقانچىلىقىمۇ بولىدىغان كەسىپ ئىكەن، يەر دېگەن ئىشلىگەننى بىلىدىكەن، — ئەسقەر شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئۇدۇلدىكى قوش قاناتلىق ھويلىدىن بىر ماشىنا چىقىپ چوڭ يول تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

— بۇ كىمنىڭ ھويلىسى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەسقەردىن.

— ۋاي ھېلىقى توختى قەلەندەرنىڭ بولمايچۇ.

— ئۇنىڭ كۈنى شۇنچە ياخشى بولۇپ كەتتىمۇ؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ. ئۇ قوشاق بىلەن ماڭا توختىنىڭ تۇرمۇشىنى بايان قىلىپ بەردى.

بىزنىڭ يۇرتتا توختاخۇن،
تېزلا روناق تېپىپتۇ.
يېڭى بايلار سېپىدە،
تۇلپار بولۇپ چېپىپتۇ.

يۇرتىمىزدا ئۇ بۇرۇن،
«قەلەندەر» دەپ نام ئالغان.
قولۇم - قوشنا تۇغقانغا،
تالاي قەرزگە بوغۇلغان.

كەڭ ئازادە بىر مەكتەپ،
يۇرتىمىزغا سالدى ئۇ.
رازى قىلىپ ئەل - يۇرتنى،
«مەرد» لىك نامى ئالدى ئۇ.

هازىر نامى ئۆزگەردى
توختاخۇننىڭ باي بولۇپ.
نۇرغا تولدى چىرايى،
خۇددى تولۇن ئاي بولۇپ.

— سەن قـوشاق-چىلىقنىڭـى تېخىچـە تاشلىمـاپسەن - ھە؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ كىچىكىدىمۇ قوشاققا ئۇستا ئىكەنلىكى-نى ئېسىمگە ئالغان ھالدا كۈلۈپ.

— توختى روناق تاپقان بولسا يۇرتىمىزدا ھەقىقەتەن چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپتۇ، — دېدىم مەن يەنە گەپ تېشىپ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، توختـى قەلەنـدەرنـىڭ تەركىبى ئا-زادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يالالنما دېھقان دەپ ئايرىلىپ، يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىدە ئۆي - ماكان، يەر - ئۇلاغ قاتارلىقلار تەقسىم قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەر يىلى تەشكىلدىن «بەش كاپالەتلىك ئائىلە» دەپ كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، ياغ، چارۋا ۋە تۇرمۇش خىراجىتى بېرىلەتتى. لېكىن، تەشكىل شۇنداق قىلسىمۇ ئۇنىڭ كۈنى كۈن-دىن - كۈنگە رۇۋۇكلىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەسقەرنىڭ: «بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ قالدۇق» ، دېگەن سۆزى خىيالىمنى بۇزدى. ئۇ مېنى ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا باشلىدى ۋە داستىخان سېلىپ چاي ئەكەلدى. مەن مەزەگە ئېغىز تەگكەچ ھەيران بولغان ھالدا ئەسقەردىن سورىدىم:

— يۇرتىمىزدا قانداقلارچە بۇنچىۋالا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى؟

ئۇ يەنە قوشاق ئارقىلىق سوئالىمغا جاۋاب بەردى:

ئېيتىپ بېرەي مەن ساڭا،
يۇرتىمىزدىن گەپ ئېچىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قانداق روناق تاپقاننى،
ئىسلاھاتتا يول تېپىپ.

ئومۇمىي يىغىن[1] روھىدىن،
كەتتى خەلق جانلىنىپ.
راسا ئىشلەپ باي بولۇپ،
قەد كۆتۈردى شادلىنىپ.

ئۇ پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— پارتىيىنىڭ ئىسلاھات توغرىسىدىكى سىياستى بۇ يەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىنى يورۇتتى. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى قايتا چاقناتتى. كىشىلەر بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويدى. ھازىر يۇرتىمىزنى ئاشپەز، قاسساپ، بورداقچى، ماگىزىنچى ۋە ماشىنا كىراچىلىرى بىر ئالدى. يەنە تېخى ياغاچچى، تامچى، تىككۈچى، موزدۇز دېگەنلەرمۇ بار. ھازىر بۇ يۇرتتا پۇللا بولسا توخۇ سۈتىدىن باشقىسىنى تاپقىلى بولىدۇ.
— سىلەر بېيىشنىڭ يولىنى تېپىۋاپسىلەر جۇمۇ، — دېدىم مەن.
— تىجارەت دېگەن ساخاۋەتلىك داستىخان ئىكەن، ئەگەر كاللىنى سەللا ئىشلىتىپ يولىنى تېپىۋالسا، ئەجرىڭگە تۇشلۇق مەنپەئەت بېرىدىكەن، — ئەسقەرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.
بىز بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئەسقەر: «يۈرە ئاداش، ئەتراپنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي» دەپ باشلاپ ماڭدى.
ئەسقەر بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋېتىپ، يۇرتنىڭ قاپ ئوت-

---

[1] ئومۇمىي يىغىن — پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان نەچچە قەۋەتلىك بىنالارغا كۆزۈم چۈشتى ۋە:
— بۇ قايسى ئىدارە؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— ۋاي ئاداش بۇرۇنقى بىخىل، پىخسىق خەقلەر ھازىر سېخىي بولۇپ كەتتى. قارا، ئاۋۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاۋۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنا دوختۇرخانا، مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاۋۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنا باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ماگىزىن، بۇلارنى يۇرتىمىزدىكى ئالدىن بېيىغانلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سالدۇردى. تېخى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلەرنىڭ مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە كېتىدىغان ئوقۇش راسخوتىنىمۇ بېيىغانلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى دېگىنە، — دېدى ئەسقەر سۆزىنى يىغىنچاقلاپ.
— ھەقىقەتەن زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپتۇ. . . — ھاياجانلانغان، پەخىرلەنگەن ھالدا ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قارىدىم. كۆزۈمگە چېلىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق تۇيۇلدى، بۇ يېڭىلىقلاردا ئىسلاھاتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى جۇلالىنىپ تۇراتتى.

1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋىجدان ئازابى

كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ئىختىيارىي پائالىيەت ۋاقتى ئىدى. تاماق سىڭدۈرگەچ مەشىق مەيدانىدا ئايلىنىپ كېتىۋاتات-تىم. ليەنىنىڭ ئالاقىچىسى چاقىردى.

— نېمە ئىش؟ — سورىدىم ئالاقىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— سىزنى ليەنجاڭ چاقىرىدۇ، دەرھال كىرگىن، — ئالاقىچى شۇنداق دەپ قويۇپلا، ليەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

«ليەنجاڭنىڭ نېمە ئىشى باردۇ؟» كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن خىياللار كەچكەن بولسىمۇ، ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدىم. چۈنكى مېنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلەردىكى نەتىجەم ياخشى ئىدى. ھەتتا بىرنەچچە قېتىم مۇكاپاتلانغانىدىم. ليەن ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، فورمامنى بىرقۇر تۈزەشتۈردۈم ـ دە، ئې-شىكنى چەكتىم.

— كىرىڭ! — ليەنجاڭنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ليەن ئىشخانىسىغا كىردىم ـ دە، ليەنجاڭغا ھەربىيچە سالام بەرگەندىن كېيىن:

— چاقىرتىپتىكەنسىز ليەنجاڭ، — دېدىم.

— قېنى ئولتۇر ئۇكام.

مەن ليەنجاڭ كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، «قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار؟» دېگەن مەنىدە ليەنجاڭغا قارىدىم.

— سەن ئىزچىل ياخشى ئىشلەۋاتىسەن ئۇكام، شۇڭا، تەش-كىل ساڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئائىلىگە بېرىپ كېلىشىڭگە قوشۇل-دى. رۇخسەتنىمۇ ئېلىپ قويدۇم. ھېيتمۇ كېلىپ قالدى، ھېيتنى ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلمەمسەن؟ —

لیەنجاڭنىڭ چىرایىدىن كۇلكە، ئاۋازىدىن كۆيۇنۇش یېغىپ تۇراتتى.

— رەھمەت لیەنجاڭ! — ھایاجانلانغىنىمدىن ئاۋازىمۇ ئۇرغۇلۇق چىقىپ كەتتى.

— یەڭگەڭنىڭ ئىشسىز ئىكەنلىكىنى سەن بىلىسەن ئۇكام، ئۆتكەندە یۇرتقا بارغىنىمدا یول مېڭىپ بەزى ئىشلارنى پۇتتۇرۇپ قویغانىدىم، لېكىن، بۇ ئىش تېخىچە بىر باشقا چىقمایۋاتىدۇ. داداڭ باشلىق بولغاندىكىن بۇ دوكلاتنى ئالغاچ بېرىپ كۆرسىتىپ باقساڭ قانداق؟ ئەگەر داداڭ بۇنىڭغا قول قویۇپلا بەرسە، ئىش پۇتتى دېگەن گەپ، ئۇكا، — لیەنجاڭ یېزىپ تەییارلاپ قویغان ئىلتىماسىنى سۇندى. لیەنجاڭنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلتىجا چىقىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ لیەنجاڭ، مەن بۇ ئىشنى ئىمكانقەدەر ھەل قىلىپ كېلەي، — بۇ ئىشنى بېجىرىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، دادامنىڭ ھوقۇقىغا ئۇمىد باغلاپلا لیەنجاڭغا ۋەدە بەردىم. چۇنكى لیەنجاڭ ماڭا شۇنچە كۆيۇنۇۋاتقان یەردە، لیەنجاڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا ماقۇل دېمەي بولمایتتى.

— یارایسەن ئۇكام، ئىش پۇتكەندىن كېيىن ساڭا رەھمىتىمنى بىلدۇرۇۋالارمەن، قول قولنى یۇیسا، قول بېرىپ یۇزنى یۇیىدۇ - دە؟ — لیەنجاڭ خۇشال بولغان ھالدا مۇرەمگە «یارایسەن» دېگەن مەنىدە یەڭگىل ئۇرۇپ قویدى.

— ئەرزىمەیدۇ لیەنجاڭ، مەن تېخى تاپشۇرغان تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇندىمىدىم. كىم بىلىدۇ، ئىشىڭىزنى پۇتتۇرەلمەي ئالدىڭىزغا سالپىیىپ كېلەمدىمەن تېخى.

— ئۇنداق بولمایدۇ ئۇكا، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سەن چوقۇم ئىشنى پۇتتۇرۇپ كېلىسەن. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەتە ئەتىگەندىلا یولغا چىق، یولدا بىخەتەرلىككە دىققەت قىل، ئاتا - ئاناڭغا مەندىن سالام ئېیت، — لیەنجاڭ مېنى تاغدەك

ئىشەنچ بىلەن لېيەن ئىشخانىسىدىن خۇشال ئۇزىتىپ قويدى.

*　　　*　　　*

— كەل بالام، كەل، ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ ياكى يەردىن ئۈندۈڭمۇ؟ ئەجەب خەۋەر قىلىپ قويمايلا شەيتاندەك پەيدا بولۇپ قالدىڭغۇ؟ — ئۆيگە كىرىشىمگە ئانام قۇچىقىنى كەڭ ئاچقىنىچە كېلىپ يۈزلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى.

— ياخشى تۇرغانسىز ئانا، — دېدىم مەنمۇ ئانامنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ.

— ياخشى تۇردۇم بالام... — ئانام خۇشاللىقتىن تۆكۈلگەن ياشلىرىنى سۈرتكەچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەرنېمە بولسا ھېيتقا ئۈلگۈرۈپ كەپسەن، كۆرپىگە چىق بالام.

— دادام يوقمۇ؟ يەنە تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— يىغىنغا كەتتى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولۇپ قالارمىكىن.

— بۇ قېتىم دادامنى ئاۋارە قىلىدىغان بىر ئىش بىلەن كەلدىم ئانا، بۇ ئىشتا سىز دادامغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلىمىسىڭىز بولمايدۇ، ناۋادا ئىش پۈتمەي قالسا لىيەنجاڭنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن.

— ھەممە ئىدارىلەردە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئىشنى بېجىرىش بەكلا تەس بالام. ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم، — دېدى ئانام لىيەنجاڭنىڭ ئايالىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى كۆرگەندىن كېيىن.

— بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى مەنمۇ ھېس قىلغان ئانا، بىراق لىيەنجاڭغا ياق دېيەلمىدىم. نېمىلا بولمىسۇن دادام بۇ ئىشنى بېجىرىپ بەرمىسە بولمايدۇ. چۈنكى

مەن يەنە بىر يىلدىن كۆپرەك لىيەنجاڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەي-مەن. ئالدىمدا پارتىيىگە كىرىدىغان، ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئىشلار بار. ئەگەر بۇ ئىش ھەل بولمىسا مېنىڭ ئىشلىرىممۇ تەسكە توختايدۇ.

— خاتىرجەم بول بالام، داداڭ كەلسە بىر گەپ بولار، قېنى تامىقىڭنى يەپ ئارام ئال، تولا غەم قىلما، — ئانام ئالدىمغا بىر قاچا سۇيۇقئاشنى قويدى. ئاشتىن گۇپۇلدەپ پىنىنە پۇرىقى كې-لىپ تۇراتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دادامىمۇ كەلدى. بىراق دادامنىڭ ئىلتىماسقا تەستىق سېلىشى چوڭ بىر تاغنى يۆتكەش-تىنمۇ تەسكە چۈشتى. ھەتتا ئانام دادام بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق تەگىشىپمۇ قالدى.

— مەن سىلىنىڭ پرىنسىپقا توغرا كەلمەيدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشنى رەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، بىراق، بۇ ئىش بالىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قاپتۇ. بۇ قېتىم بۇ ئىشنى كۆزلىرىنى يۇمۇپلا پۈتتۈرۈۋەتسىلە، — دېدى ئانام دادامغا يېلىنىپ.

دادام بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا سوغۇق قاراپ قويۇپ، ئىلتىماسقا قول قويۇپ بەردى.

— بالام، سەن ئەمدى كىشلەرگە ئۇ ئىشىڭنى بېجىرىپ بېرىمەن، بۇ ئىشىڭنى بېجىرىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە بەرمىگىن. داداڭنى ئايا، — ئانام ئىلتىماسنى ماڭا بەردى. بىراق، ئانامنىڭ چىرايىدىنمۇ مەندىن رەنجىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

* * *

قىسىمغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، لىيەنجاڭ ھەقىقەتەن مەن-دىن خۇرسەن بولدى. بۇندىن كېيىنكى ھەرقانداق ئىشىمغا ئۆزى

ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ۋەدە بېرىپ ئۈلگۈردى.
ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئانكېتى بېرىلدى. گەرچە بۇ ئانكېتىنى بەنجاڭ كۆتۈرۈپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىشنى لېيەنجاڭنىڭ بىۋاستە بېكىتكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. چۈنكى، مەندىنمۇ ياخشى ئىشلەۋاتقان كونا ئەسكەرلەر بار ئىدى. دېمەك، لېيەنجاڭ «قول قولنى يۇيسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەن گېپىگە ئەمەل قىلىۋاتاتتى.
كاندىدات پارتىيە ئەزاسىمۇ بولدۇم، لېيەنجاڭنىڭ دېيىشىچە، يىل ئاخىرىدا «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالىنىشتىن سىرت، بەنجاڭمۇ بولغۇدەكمەن. بىراق، سەپداشلىرىم لېيەنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى بىلىپ قالدىمۇ ياكى كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولغىنىمغا قايىل بولمايۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ ماڭا سوغۇق نەزەردە قارايدىغان، ئانچە ئارىسىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى. مەن بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدىغان سەپداشلىرىممۇ مەندىن يىراقلىشىۋاتاتتى. بۇ ھال مېنى بەكمۇ ئازابلىدى. نېمىشقىدۇر ئىچىمنى بىرنەرسە تاتىلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىئاراملىق ئىچىدە ئۆرتىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىلگىرى خېلى ياخشى ئۆتكەن بىر سەپدىشىم بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىم.
— سەن تولا يوغانچىلىق قىلما، سەن بولساڭ بىر كۆتۈرمىكەش، باشقىلارنىڭ رىسقىغا چاڭ سالىدىغان زىيانداش! — ئۇ ماڭا ئاچچىق بىلەن شۇنداق دېدى.
— باشقىلارنىڭ رىسقىغا چاڭ سېلىپ نېمە ئىش قىپتىمەن قىزىل كۆز! — مەنمۇ بوش كەلمىدىم.
— قىزىل كۆز سەنمۇ، مەنمۇ؟ خىيالىڭدا ئەمەلىي خىزمەت نەتىجەم بىلەن پارتىيىگە كىردىم دەپ ئويلامسەن؟ ئۆزۈڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىشلەۋاتقان شۇنچە كۆپ كونا ئەسكەر تۇرغان يەردە پارتىيىگە كىرىشكە ئانكېت تولدۇر دېسە گەپ قىلماي

تولدۇرغىنىڭنى قارا سىنىڭ.

سەپدىشىمنىڭ بۇ ئۆتكۇر سۆزلىرى يۇرىكىمگە ئوقتەك تەگ-دى. تىلىم تۇتۇلۇپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. شۇنچە ئىناق ئۆتكەن سەپداشلىرىمنىڭ نېمە سەۋەبتىن مەندىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى شۇ مىنۇتتا چۈشەندىم.

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خاسىيەتلىك ئىش

تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم ــ دە، ئۇنىڭدىكى «ئۇكام ئەسقەرجان، تېزرەك كەلگىن، دادىمىزنىڭ نەزىرىنى بېرىۋېتەيلى» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىدىم ۋە بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىز ئەمما ئەھمىيەتلىك ئەسلىمىلەرگە غەرق بولدۇم.

ئۇ كۈز پەسلىنىڭ ھاۋا شىشىدەك ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى ئىدى. مەن توي قىلىش ئۈچۈن يۇرتۇمغا قاراپ يولغا چىققانىدىم. ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇرغان كەڭ دالا، يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىدى. «تويىنى ئاددىي ــ ساددا ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە ياخشى تەسىر قالدۇرۇڭ!» تۇرۇپ ــ تۇرۇپ رەھبەرلىرىمىنىڭ بۇ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. شۇڭا، مەن يول بويى دېگۈدەك تويىمنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ ماڭدىم. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان ئانا يۇرتۇمغا يېتىپ بارغىنىمدا، ئۆيدىكىلەر ھەدەپ توي تەييارلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ غىزالانغاندىن كېيىن، تويىنى ئاددىي ــ ساددا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

— ئۇكام، يول ئازابى، گۆر ئازابى دەپتىكەن، ئەمدىلا كەلدىڭ، ئاۋۋال ئارام ئال، بۇ ئىشنى ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى، — دېدى ئاچام كۆيۈنگەن ھالدا.

مەن ئارتۇق گەپ قىلماي كىرىپ ئارام ئالدىم. لېكىن ئەتىسى ئاچام بۇ ئارزۇيۇمنى رەت قىلىپ:

— سەن يۇرتىمىزدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر ئۇكام، تېخى يېقىندىلا ھاشىم قەلەندەر، ئاۋۇت تازلار جىنىدا باللىرىنىڭ توينى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ، يۇرتتا چاڭ چىقىرىۋەتتى. بىزنىڭ ئۇلاردىن نەرىمىز كەم؟ باشلىقلىرىڭ يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەچكە ھەرنېمە دەيدۇ، ھە دەپ قويساڭلا بولدى، ئۇلار كېلىپ تويۇڭنى تەكشۈرمىگەندىكىن.

— نېمە؟ ! — ۋارقىرىۋەتتىم زەردەم ئۆرلەپ.

— سەن يالغۇز ئوغۇل ئۇكام، تويۇڭنى توي دېگۈدەك ئۆتكۈزمىسەك، ئاتا - ئانىمىزنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ. بىزنىڭمۇ يۇرتتا ئۆزىمىزگە تۇشلۇق دوست - دۈشمىنىمىز بار. . .

— ئۇنداق بولسا بۇنداق تويۇڭنى ئۆزۈڭ قىلىۋال! — ئاچام يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، مەن ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنىڭ بېلىگە تەپتىم.

— توۋا ماۋۇ بالىنىڭ تەرسالىقىنى.

بىر كۈن مۇنازىرە بىلەن ئۆتتى. ئاچام بالىنىڭ چوڭى بولغاچقا، ھەممىمىز ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلاتتۇق. ئەمما، ئۇ گەپ يېمەيدىغان بولغاچقا، ئۆز گېپىنىلا راست قىلىپ باشقىلارغا ۋاتىلداپ گەپ بەرمەيتتى.

رەھبەرلىرىمنىڭ ئۈمىدى، ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسى بويىچە توي ئاخىر ئۆتكۈزۈلدى. لېكىن، تويۇمغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى توي داستىخىنىغا قولمۇ تەگكۈزمەي، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، دىمىقىنى قېقىپ نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلىشاتتى، چۈنكى، داستىخان تولىمۇ ئاددىي ئىدى. پەقەت توي نەغمىسىلا كىشىلەرنى شادلىققا چۆمدۈرەتتى.

مەشغۇلاتتىن چۈشۈشكە چېلىنغان سىگنال ئاۋازى خىيال كەپتەرلىرىمنى نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇۋەتتى. مەن ئائىلىگە بېرىش رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، يولغا چىقىش تەرەددۇتىنى قىلغاچ، بۇ نەزىرىمۇ باشقىچە ئۆتكۈزۈش خىيالىنى كۆڭلۈمدىن

ئۆتكۈزدۈم. ئەمما، بۇ ئويۇمنىڭ قارشى تەرىپىدىكى جىراپلار ماڭا ھومىيۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

دولان دەرياسى ۋادىسى ئەمگەك قايىنىمىغا چۆمگەن بولۇپ، ئېتىزلاردىكى كېۋەزلەر مەيىن شامالدا لەرزان دولقۇنلايتتى. ئېتىزلاردا دېھقانلارنىڭ خۇشال ناخشىلىرى ئۇزۇلمەي ياڭرايتتى. مەن چۈشكەن ئاپتوموبىل سالا - سالا ئېتىزلار ئارىسىدىكى تاشيولدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن توختىدى. ئەتراپقا قارىدىم، ئىلگىرىكى پاكار - پاكار خام كېسەكلىك ئۆيلەر بىلەن ئورالغان كەنتىمىزنىڭ ئاۋات رەستىسى ئۆزگىرىپلا كەتكەنىدى. قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەۋەتلىك ئىمارەتلەر ۋە خان ئوردىسىدەك كۆرۈنىدىغان نەقىشلىك چوڭ دەرۋازىلار باياشاتلىقتىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى.

ئۆيگە يېتىپ كەلسەم، ئائىلىدىكىلەر نەزىرىنىڭ باغقىنى يېزىپ ئولتۇرۇشقاندىكەن. مەن ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن يىغا - زار قىلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، دادامنىڭ نەزىرىنى بېرىشتىكى يېگىچە ئويۇمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. لېكىن، يەنىلا ئاچام مىشىلداپ يىغلىغان ھالدا:

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئۇكام، قىسمىدا تۇرۇۋېرىپ قادىدە - يوسۇنلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ يۇرتتا سەمەت داموللام دېسە تونۇمايدىغىنى يوق، دادام رەھمەتلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى قول باغلاپ ئۆتەتتى. ئەگەر سەن دېگەندەك نەزىر قىلساق دادامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ ئۇكام، بىز يەرگە چامغۇر كۆمۈپ قويمىدۇق، بەلكى يۇرتتىكى ئەل - جامائەت ئارىسىدا ھۆرمىتى بار تاغدەك دادىمىزنى كۆمۈپ قويدۇق ئۇكام! — دېدى.

مەن ئېغىر بىسىقلىق بىلەن ئۆز ئويۇمنى ئاچامغا ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈردۈم.

— دادىمىزنىڭ نەزىرىنى چوڭ ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ. ئۇنى يىل ئىلگىرىمۇ تويۇمنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈپ يۇرتقا ئۈلگە



www.uyghurkitap.com

تىكلەپ بېرىمەن دەپ، يۇرت ئىچىدە بىزنى كۆلكىگە قويغانىدىڭ ئۇكام، خەقلەر ھازىرغىچە يۇرتتا بىرسى توينى مۇنداقراق ئۆتكۈ- زۈپ قالسا «بۇگۇنكى توي سەمەت داموللامنىڭ ئوغلى ئەسقەرجان- نىڭ تويىدەك توي بولدى» دەپ سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرىدۇ. دادام رەھمىتى قولى كەڭ، داستىخىنى مول ئۆتكەن ئادەم ئىدى. شۇڭا، نەزىرنى ياخشىراق ئۆتكۈزمىسەك بولماس، — ئاچام شۇن- داق دېگىنىچە دادامنىڭ نەزىرگە ئاتىغان پۇلىنى ئالدىمىزغا قوي- دى. باشقىلارمۇ ئاچامنىڭ قارىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ نەزىرگە ئاتىغانلىرىنى بەردى. ئەمما مېنىڭ تەرسالىقىم تۈپەيلى يەنە بىر مەيدان مۇنازىرە باشلاندى. مۇنازىرە ئەل ياتقۇ ۋاقتىغىچە داۋاملاشتى، ۋۇجۇدىنى كونا ئۆرپ - ئادەتلەر، خۇراپاتلىق قاپلاپ كەتكەن قېرىنداشلىرىم پىكرىمنى ئاخىر بىر - بىرلەپ قوبۇل قىلدى.

سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كەنت يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ «نەزىر»گە ئۇرۇق - تۇغقان، ئۆلىمالار، يېزا - كەنت كادىرلىرى بولۇپ يۈزدەك ئادەم كەلگەنىدى.

— نېمە يىغىنكىن دەپتىمەن تېخى، ئەسلىدە بۇ سەمەت داموللامنىڭ نەزىرى ئىكەن، ئەمەسمۇ؟

— سەمەت داموللامنىڭ ئوغلى ئەسقەرجان دادىسىنىڭ نەزد- رىنى بېرىش ئۇچۇن قىسىمدىن كەلگەنىكەن. ئۇ قېرىنداشلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، نەزىرگە تەييارلىغان تۆت مىڭ يۈەن پۇلنى مائارىپنى قوللاش يۈزىسىدىن يۇرتىمىزدىكى مەكتەپكە ئىئانە قىلىدىكەن.

— مۇشۇنداق قىلسا نەزىر قوبۇل بولارمۇ؟

— تازا قوبۇل بولىدۇ.

— ھەممىلا بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، يۇرتىمىز تېزرەك روناق تاپقاي ئىگەكىم. . .

نەزىرگە كەلگەنلەر ئەنە شۇنداق غۇلغۇلا قىلىشتى. لېكىن پولۇ، پوشكالسىز بۇ نەزىردىن نارازى بولغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

— يۇرتداشلار! بۈگۈن مەرھۇم سەمەت داموللامنىڭ نەزى-رى، لېكىن، مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى نەزىرگە ئاتىغان پۇلنى مەكتەپكە ئىئانە قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ مائارىپنى قوللىغانلىقىغا نەزىر - چىراغنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈشتە ئۈلگە ياراتقانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىمىز، تۆۋەندە مەرھۇمنىڭ ئوغلى ئەسقەرجاننى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى! — يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش-لىقى تەنتەنىلىك ھالدا شۇلارنى جاكارلىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاۋۋال جامائەتكە سالام بەردىم، ئاندىن نېمە ئۈچۈن دادامنىڭ نەزىرىنى بۇنداق ئۆتكۈزگەنلىكىم ئۈستىدە ئېغىز ئاچتىم.

— يۇرتداشلار، ئەلنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ چىقىش يولى پەن - تېخنىكىدا، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىل-دۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپتا. لېكىن، نۇرغۇن نامرات ئائىلى-لەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىقتىساد قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپ-تىن قېلىپ، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتىدۇ، ھەتتا جىنا-يەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىۋاتىدۇ. ھەممىمىزنىڭ ئاشۇ سەبەب-بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار، بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ نەزىرىگە ئاتىغان بۇ ئازغىنە پۇلنى مەكتەپكە ئىئانە قىلىشىمىزد-كى مەقسىتىمىز مۇ مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان سەبىيلەرنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈندۇر! بىز مائارىپنى كۈچىمىز-نىڭ يېتىشىچە قوللىساق، يېتىم بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق! — سۆزۈم تۈگىشىگە جامائەت قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ئالقىش شۇ قەدەر ئۇزۇن داۋاملاشتىكى، ھاياجاندىن يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، رەھمەتلىك دادامنىڭ رازىمەنلىككە تولغان چىرايى كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ، كۆزلىرىمدىن ئىخ-تىيارسىز ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى. . .

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

# لەۋھە

ئىشخانامغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك چېكىلدى ۋە كۆك رەڭلىك سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. مەن بۇ كىشى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

ئۇ سومكىسىنى ئۈستەلگە ئاۋايلاپ قويدى ـ دە، ئولتۇرماي تۇرۇپلا ماڭا تاماكا تۇتتى.

— رەھمەت، — مەن تاماكىنى ئېلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ چاققانلىق بىلەن ياققان چاقمىقى مېنى تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا ئالدىراتتى.

— سىز سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولىسىزغۇ دەيمەن؟ — سورىدى ھېلىقى ئادەم بىر خىل ئىشەنچ بىلەن.

— ھەئە، ئۆزىڭىز...

ئۇ ئالمان ـ تالمان سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىپ، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان بىر دانە لەۋھەنى ماڭا سۇندى.

مەن ھەم ھەيران بولغان، ھەم قىزىققان ھالدا لەۋھەنى ئاچتىم، ئۇنىڭغا: «ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزغان پەرزەنت قوشۇنغا تەقدىم» دېگەن چوڭ ھەم كۆركەم خەتلەر يېزىلغانىدى. مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي ھېلىقى ئادەمگە قارىغىنىمدا، ئۇ ئالدىراپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن ئاقئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئاقئاۋات يېزىسىدىن.

بۇ لەۋھە نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قىسمىمغا نېسىپ بولۇپ قالدى؟ بۇنى مېھماندىن سوراشقا خىجىل بولدۇم. ئەنە شۇنداق ئارىسالدىلىق ئىچىدە خىيال كەپتىرىم توساتتىن مېنى بۇنىڭدىن

بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ئاقئاۋات ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن دەھشەتلىك يەر تەۋرەش ئاپىتىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇ دېكابىرنىڭ سوغۇق، كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قۇياش بۇلۇتلۇق ئاسماندا ھالسىز كەتكەندەك پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى. پامىر تېغىنىڭ ئاپئاق قار باسقان چوققىلىرى ئۈستىدە كۆل رەڭ بۇلۇت توپى لەيلەپ يۈرەتتى. چۈشتىن كېيىن بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ بوران چىقىشقا باشلىدى. بوران دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدىغاندەك ھەيۋە بىلەن گۈركىرەيتتى، كۆچەتلەرنىڭ ئۇچىنى يەرگە تەگكۈدەك دەرىجىدە ئېگەتتى، سايدىكى يانتاق، قامغاقلارنى پىرقىرىتىپ ئۇچۇرۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى قوپال تاراقلىتاتتى. ئەۋجىگە چىققان ئاچچىق سوغۇق نەشتەر سانجىغاندەك بەدەننى چاقاتتى.

توختىماي چىقىۋاتقان قارا بوران دېھقانلارنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويدى. ئاياللار، ئۇششاق باللار بوراننىڭ ھۇۋلىشىغا، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ تاراقلاشلىرىغا قورقۇنچ ئىچىدە قۇلاق سېلىشاتتى ۋە بۇ ۋەھىمىلىك ئاۋازلاردىن قانداقتۇر بىرەر ئاپەتنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولاتتى. كەچ كىردى، ئەمما بوراننىڭ ۋەھىمىسى توختايدىغاندەك ئەمەس، كىشىلەر قورقۇنچ ئىچىدە ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى. ئېغىلدىكى كالا ئەنسىز مۆرەپ، قوتاندىكى قويلار مەرەپ، كاتەكتىكى توخۇلار قاقىلداپ، ئورۇن - كۆرپىنىڭ ئۈستىدە غەمسىز خورەك تارتىپ ئۇخلايدىغان مۈشۈكمۇ نېمىشقىدۇر مىياڭلاپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ ساراسىمىغا سالاتتى.

— بۇ ئەنسىزچىلىك چوقۇم بىرەر ئاپەتنىڭ بېشارىتى.

— يەر تەۋرەپ قالماس يەنە؟

— قىش كىرگەندە يەر تەۋرىمەس.

كىشىلەرنىڭ بۇ گۇمانىي قاراشلىرى توغرا چىقىپ قالدى.

مۇشۇ پاراڭلار بولۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي يەر تەۋرەشكە باشلىدى. ئەتراپنى گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلگەن ئۆيلەرنىڭ چاڭ - توزانلىرى، كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيا، پەريادلىق ئاۋازى بىر ئالدى.

شۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە ئاقئاۋات ناھىيىسىنىڭ بىرقانچە يېزىلىرى ۋەيران بولدى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىممۇ بۇ ئاپەتتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. لېكىن، قىسىم رەھبەرلىرى كىشىلەرنىڭ گازارمىغا ئاڭلىنىۋاتقان نالە - پەريادلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىسىمنى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە نەق مەيدانغا قاراپ ئاتلاندى.

قىسىم يەر تەۋرەشنىڭ مەركىزى نۇقتىسىدىكى يېزىلارغا يېتىپ كەلدى. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، مەھەللە ئىچى تۇپتۇز بولۇپ كەتكەنىدى. قارىماققا بۇ يەر گويا بىر قېتىملىق قانلىق جەڭدە زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن خارابىلىككە ئايلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ئالدى بىلەن تام ئاستىدا قالغان ئادەم ۋە مال - مۈلۈكلەرنى قۇتقۇزدى. ئاندىن بۇيرۇقسىزلا قەيەردە قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك ئادەم ۋە مال - مۈلۈكلەر بولسا شۇنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇ قېتىملىق قۇتقۇزۇش جېڭىدە، قىسىم ئۇدا ئون بەش كۈن دەم ئالماي خەلقنىڭ هاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى قالدۇردى...

— يېزىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى، — ئۇنىڭ بۇ سۆزى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى.

مەن ھېلىقى كىشى سۇنغان لەۋھەنى ھاياجانلانغان ھالدا قوبۇل قىلدىم ھەم ئۇ كىشىگە ھەربىيچە سالام بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# «مۆجىزە»

قەشقەردىن قوزغالغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسى ئەينەكتەك ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلىمەكتە. يولۇچىلارنىڭ ناخشا، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى سەپەرنى قىسقارتماقتا ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ سول تەرىپىدىكى قوش كىشىلىك ئورۇندۇقتا ياندىشىپ ئولتۇرغان سائادەتخان بىلەن گۈلنىساخان قانداق مالنىڭ بازىرى ئىتتىكلىكى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ، «گۆر ئازابى» نى سەزمەيلا ئۇرۇمچىگە كېلىپ قالدى.

سائادەتخان بىلەن گۈلنىساخان ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، توپ سېتىش بازىرىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئىككى ئاپتوبۇسقا ئالمىشىپ توپ سېتىش بازىرىغا كەلگەندە، ماگىزىنلار ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار دۇكانمۇ ـ دۇكان ئايلىنىپ باھا تالىشىپ مال ئېلىپ يۈرۈپ، كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمدى، سائادەتخان بىلەن گۈلنىساخان كوچا ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈپ، ئەندىشە ئىچىدە مېھمانخانىغا بارىدىغان يان كوچىغا قايرىلىپ، يۈز مېتىرچە ماڭدى بولغاي، ئالدى تەرەپتىن خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۆت ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلاردىن بىرى قول چىرىغىنى سائادەتخاننىڭ كۆزىگە يېقىپ:

— خېلى پەيزى نېمىكەنسەنغۇ، — دېدى سۇرلۇك قىياپەتتە. قالغان ئۈچى ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. سائادەتخان بىلەن گۈلنىساخان قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ، ئۇلارنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇلارنىڭ

قولىدىكى پالتا - پىچاقلاردىن ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە ئادەم سىلەر؟ نېرى تۇرۇڭلار! — سائادەتخان بىلەن گۇلنىساخان ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن هالدا تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى.

— زۇۋانىڭنى يۇمۇش، بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمەن!

قول چىراغ تۇتقىنى يەنە بىر قولىدىكى خەنجەرنى سائادەتخاننىڭ كانىيىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— جان كېرەك بولسا يېنىڭلاردىكى پۇللارنى تېز چىقىرىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

سائادەتخان بىلەن گۇلنىساخان قورققىنىدىن چىلىق - چىلىق سوغۇق تەرگە چۆمۈپ، تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. قول چىراغ تۇتقان بۇلاڭچى ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك ماجالى يوقلۇقىنى پەملەپ، قول چىرىغىنى خەنجەر تۇتقان قولىغا يۆتكەپ، ئالدى بىلەن گۇلنىساخاننىڭ قولىدىكى سومكىنى يۇلۇۋېلىپ، يان تەرەپتىكى بىرسىگە تاشلاپ بەردى، ئاندىن سائادەتخاننىڭ قولىنى كۆتۈرگۈزۈپ، پايپاققا سېلىپ بېلىگە باغلىۋالغان نەچچە كاللەك پۇلنىمۇ بۇلۇۋالدى.

ھەممە پۇللىرىدىن ئايرىلىپ، ئەسىرگە ئوخشاپ قالغان سائادەتخان بىلەن گۇلنىساخان ئېسەنگە كېلىپ، بۇلاڭچىلارغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۇنداق قىلماڭلار، بىزگە رەھىم قىلىڭلار، يۇرتىمىزغا كېتىۋالغۇدەك پۇلىمىزنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ بېرىڭلار!...

— تولا ۋالاقشىماي، زۇۋانىڭنى يۇمۇش! كېيىمىڭلارنى سالدۇرۇۋالمىغانغا خۇشال بولۇش تېخى.

بۇلاڭچىلار ئوغرى مۈشۈكتەك ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ ھەيۋە قىلغاندىن كېيىن، خالتا كوچىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

سائادەتخان بىلەن گۇلنىساخاننىڭ يۇرتى تەكلىماكاننىڭ چې-

تىدە ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا سودا قىلىپ كەچ قالسا چۆل - جەزىرىلەردە بىخاراماn مېڭىۋېرەتتى. ئۇلار بىر [illegible] لىشىپ هۆركىرەپ راسا بىر يىغلىۋالغاندىن كېيىن، [illegible] نى تۈزەشتۈرۈپ، يېشىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ مېهمانخانىغا قاراپ يول ئالدى.

سائادەتخان، «دېڭىز» غا چۈشۈپ «بېلىق» تۇتىمىز دەپ، ئۆزىمىز بۇلاڭچىلارغا «يەمچۈك» بولدۇق، ئەمدى قانداق قىلار-مىز، يۇرتىمىزغا قانداقمۇ كېتەرمىز، دېگەنلەرنى ئويلىسا، گۈل-نىساخان ئالدىنقى قېتىمقىدەك «مۆجىزە» كۆرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

شەمسىيە كالپىندارى بويىچە ئاۋغۇست ئېيى ئۆتۈپ، سىنتە-بىرمۇ كىرگەن مەزگىل. گۈلنىساخان سائادەتخان بىلەن توپ سېتىش بازىرىدىن ئالغان نەچچە مىڭ يۈەنلىك مېلىنى جايلاشتۇ-رۇپ قويۇپ، ئاشقان پۇللار سېلىنغان قول سومكىسىنى قول بېغىشىغا ئۆتكۈزۈپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كېتىۋاتقان-دا، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن بىرەيلەن ئۇنىڭ سومكىسىنى بۇلىۋې-لىپ، بىر تار كوچىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. گۈلنىساخان ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ، «بۇلاڭچىنى تۇتۇڭلار!» دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر خەلق ئەسكىرى پەيدا بولدى ۋە ئۇچقاندەك قوغلاپ، بۇلاڭچىنى قولغا چۈشۈرۈپ، سومكىنى گۈلنىساخانغا ئېلىپ بەردى. گۈلنى-ساخان هاياجانلىنىپ يىغلىۋەتتى ۋە سومكىسىدىن ئۈچ يۈز يۈەن چىقىرىپ خەلق ئەسكىرىگە تەڭلىدى. خەلق ئەسكىرى: «كەچۈ-رۈڭ، پۇل ئۈچۈن بولسا بۇنداق قىلمايتتىم» دەپلا كېتىپ قال-دى. گۈلنىساخان خەلق ئەسكىرىنىڭ ئادرېسىنى، ئىسمىنى سو-رىۋالمىغىنىغا هازىرغىچە ئۆكۈنەتتى.

سائادەتخان بىلەن گۈلنىساخان قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھ-ۋالنى مېهمانخانىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خادىملىرىغا تەپسىلىي

مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ياتقىنىغا قايتىپ كىرىپ، ئىزتىراپ ئىچىدە بىر كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى.

گۈلنىساخان بىلەن سائادەتخان يۈزلىرىنى يۇيۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، مېھمانخانىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىدىكى ئەركىنجان كىرىپ:

— خۇش خەۋەر! كېچە تۆت بۇلاڭچى تۇتۇلدى، ئۇلار ئاخشام ئىككى ئايالنىڭ پۇلىنى بۇلىغانلىقىنىمۇ ئىقرار قىلدى، تېزدىن پويىز ئىستانسىسىنىڭ ساقچىخانىسىغا بېرىڭلار! — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

سائادەتخان بىلەن گۈلنىساخان ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن هالدا، يەنە «مۆجىزە» كۆرۈلگەن ئوخشايدۇ، دەپ بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ياسىشىپ، ساقچىخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەخت يولى

سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يېغىن مۇنبىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چاپلانغان «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى» دېگەن چوڭ خەتلىك لوزۇنكا سەلكىن شامالدا سۇس تەۋرىنىپ تۇراتتى. يېغىن رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغانلار ئىچىدە، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان سالاپەتلىك بىر كىشى يېغىن قاتناشچىلىرىغا خۇش چىراي نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى. بۇ مەلۇم قىسىمدىكى جەڭچى سېلىمجاننىڭ دادىسى مامۇت ئاكا بولۇپ، سول مەيدىسىگە قىزىل گۈل، مۇرىسىگە ئوڭدىن سولغا قىزىل شەلپەر تاقىۋالغانىدى. يېغىن مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلار ئارىسىدا شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرۈشكەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى بىلەن رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ساداسى قوشۇلۇپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان جۇشقۇن بىر كەيپىياتنى ھاسىل قىلغانىدى. ھاياجان ۋە شادلىقتا چۆمگەن مامۇت ئاكا شۇ تاپتا چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى.

بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى، مامۇت ئاكا ئۆيىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان جاڭگالدىن بەش مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەرنى 20 يىللىق ھۆددىگە ئالدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى يىغقان پۇلنى قوشۇپ بىر زەنجىر تاپانلىق تراكتور ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. قۇدۇق كولاپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. زەنجىر تاپانلىق تراكتور بىپايان جاڭگالدا گۈرۈلدەپ يۈرۈپ يەر تۈزلەش، قىر سېلىش، ئېرىق چېپىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل جەزىرىنى تەكشى كەتكەن

سالا ـ سالا ئېتىزلارغا ئايلاندۇردى. مامۇت ئاكا ئېچىلغان يەر-لەرگە قىشتا مۇز ياتقۇزۇپ، ئەتىياز ۋاقتى كېلىشى بىلەنلا يازغى بۇغداي، كېۋەز تېرىدى. ئېتىز ئارىلىقىدىكى ئېرىق بويىغا مېۋى-لىك كۆچەت تىكتى. ياز پەسلى كېلىۋىدى، ئەلمىساقتىن تارتىپ قاغجىراپ ياتقان بۇ چۆللۈك يېشىللىققا ئايلاندى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، ئىلگىرى ئانچە ھوسۇل بېرەلمىگەن بۇ يەرلەر مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى. ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم قاتار-لىق مېۋىلەرمۇ خېلى ئوخشىدى. لېكىن «بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ» دېگەندەك، تۆمۈريول چۈشىدىغان لىنىد-يىنى ئۆلچەش ئەترىتى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، مامۇت ئاكىنىڭ يېڭىدىن ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەن يېرىدىكى زىرائەت، ئورمانلىق-لاردا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا، بەزى ئېتىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىشقا باشلىدى.

مامۇت ئاكىنىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك پىژىلداپ ئېچىد-شىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ شاپ، ياتاق بې-سىپ ياتقان بۇ جەزىرىنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مامۇت ئاكىنىڭ قانچىلىك قان ـ تەرى ۋە ئىقتىسادى سەرپ قىلىند-مىدى ـ ھە؟! شۇڭا، مامۇت ئاكا ئۆزى ئۆچكەن ھالدا ئۆلچەش ـ سىزىش ئەترىتىدىكى تېخنىكلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئۇكاموي، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ — سورىدى مامۇت ئاكا قوپاللا.

— كۆرمەيۋاتاملا ئاكا، «بەخت يولى» نى لايىھد-لەۋاتىمىز، — جاۋاب بەردى ساياھەت شەپكىسى كىيىۋالغان بىر تېخنىك كۆزەينىكىنى ئۈستۈن قىلىپ قويۇپ.

— كىمنىڭ رۇخستى بىلەن زىرائەتلىرىمنى پېتىقلاۋاتىسىد-لەر ـ ھە؟ قانداق دېگەن تىشاك شەپكىلەر بۇ؟!

— ئۆزلىرى كىم بولىلا، ئۇڭمەي گەپ قىلسىلا.

— كىم بولاتتىم، مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىسى بولىمەن!

— مۇنداق دېسىلە، — ماموت ئاكىنىڭ توڭ گەپلىرىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن تېخنىك بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن سوغۇقچان-لىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — غەم قىلمىسىلا ئاكا، زىيانلىرىنى ھۆكۈمەت تۆلەپ بېرىدۇ. بىزمۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇن-لاشتۇرۇشى بويىچە بۇ يەردە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، كاللى-مىز ئىششىپ قالغىنى يوق!

— بۇ ئىشتىن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ خەۋىرى بار، سىلى خاپا بولماي كەنت باشلىقى بىلەن كۆرۈشسىلە، بىز ئۆل-چەش ئېلىپ بېرىشتىن باشقا ئىشلارنى ئانچە ئۇقۇپ كەت-مەيمىز، — گەپ قىستۇردى يەنە بىر تېخنىك ماموت ئاكىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

— كەلگۈلۈك كەلسە ماڭىلا كېلەمدىغاندۇ؟ — ماموت ئاكا تىكەندەك يېرىك ئۆسكەن ساقىلىنى تۇتاملىغىنىچە كەنت باشلىقى-نى ئىزدەپ ماڭدى.

— ئاز دېگەندىمۇ بىرنەچچە يۈز مو يېرىدىن ئايرىلىپ قالىدى-غان بولدى - دە، بۇ ئادەم.

— قېرىشقاندەك بۇ تۆمۈريولنىڭ دەل بۇ تەرسانىڭ يېرىگە توغرا كېلىپ قالغىنىنى دەيمەن، ھەي...

— ئوبدان بولدى، ئازراقلا بېيىپ قالغىنىغا ئۆزىنى بىلەل-مەي قالغانتى بۇ قەلەندەر.

ئۇ يولدا كېتىۋاتقىچە بولغان ئارىلىقتا ئاڭلىغان كىشىلەر-نىڭ بۇ ھېسداشلىق، تەنە، كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن سۆزلىرى ماموت ئاكىنىڭ پىغانىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى.

سېكرېتارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ماموت ئاكا غەزەپتىن چاچ-راپ تۇردى ۋە:

— جاندىن كەچسەم كېچىمەنكى، يەردىن ھەرگىز كەچمەي-مەن ئۇقۇپ قويسىلا! — دېدى سېكرېتارغا شالىنى چىچىپ.

— سىلىمۇ شۇنى ئۇقۇپ قويسىلا ماموت ئاكا، يەرنى تېرىش

ھوقۇقى سىلىدە بولغان بىلەن، يەر ھۆكۈمەتنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاشنىڭ ئەكسىچە ھۆتۈت - پۆتۈت دەيدىغانلىرىغا ھەددىلىرى ئەمەس!

— كۆرەرمىز قېنى! — ماموت ئاكا پېشىنى قاققىنىچە چىقىپ كەتتى.

سەۋەبى، ھۆكۈمەتنىڭ يەر ۋە پايخان بولغان زىرائەتلەر ئۈچۈن بېرىدىغان تۆلىمىدىن، ماموت ئاكىغا يەردىن تېگىدىغان پايدا خېلى كۆپ ئىدى. «تۆمۈريول دېگەننى مېنىڭ يېرىم ئارقىلىق ياسىمىسىمۇ ياسىغىلى بولىدىغۇ؟ تازىمۇ بىر!» ماموت ئاكا مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆيگە يېتىپ كەلدى ۋە قىسىمدىن ئائىلە يوقلاپ كەلگەن ئوغلى سېلىمجاننى كۆرۈپ كۆڭلىدىكى بىسەرەمجانلىقنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇدى، چۈنكى، ماموت ئاكىنىڭ بۇ ئامراق ئوغلى قىسىمغا كەتكەندىن بۇيان ئائىلىگە كەلمىگەنىدى.

— ناھايىتى ھالقىلىق پەيتتە كېلىپ ياخشى قىپسەن بالام، — دەپ گەپ باشلىدى ماموت ئاكا كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئەھۋالنى بىرقۇر چۈشەندۈرۈپ، — يەرنى قولدىن بېرىپ قويساق قەتئىي بولمايدۇ، شۇڭا، بۇ ئىشتا سەن كۆپرەك كۈچىگىن، — ماموت ئاكا ئۈمىدىنى ئوغلىغا باغلىدى.

— مەن ئاۋۋال مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي دادا، بىراق، سەنمۇ تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالما، چۈنكى تۆمۈريول دېگەنلىك «بەخت يولى» دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈريول دېگەننى تاشيولغا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى ياسىغىلى بولمايدۇ.

— يەرلىرىمىزنى بۇزغىلىۋاتقان يولنى «ئاپەت يولى» دېمەي، «بەخت يولى» دەيسەنغۇ بالام؟ يەنە كىملەرنىڭ يەرلىرى بۇزۇلىدۇ دېگىنە بۇ يولنىڭ كاساپىتىدىن، — ئانا چالۋاقىدى.

ئارىدا يەنە نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار، كۆڭۈل ئارازلىقلىرى بولدى. بىراق، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، يەرنى ئۆتۈنۈپ

بىرىشكە قوشۇلماي تۇرۇۋالغان مامۇت ئاكا ئاخىر جەڭچى ئوغلىـ
نىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي چۈشەندۈرۈشى، تىرىشىپ ئۆگىنىشى
ئارقىسىدا يەرنى ئۆتۈنۈپ بەردى ۋە تۆلەم پۇلى ئېلىشنىمۇ رەت
قىلدى.

— يولداشلار، بۈگۈن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى غەلىبىـ
لىك تاماملاندى! ھەممىمىزگە ئايان، تۆمۈريول قاتنىشى ئىگىـ
لىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.
تۆمۈريول قاتنىشى بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ! — يىغىن مەيداـ
نىدا ياڭرىغان بۇ جاراڭلىق ئاۋاز ۋە كۈچلۈك چاۋاك ئاۋازى مامۇت
ئاكىنىڭ خىياللىرىنى ئۈركىتىۋەتتى. بىرئازدىن كېيىن مامۇت
ئاكا تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ قوللىغان نەمۇنىچىلار قاتاـ
رىدا مۇكاپاتلانغاندا، خىجىللىق، خۇشاللىق، ھاياجان، پەخىرلىـ
نىش تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل روھىي ھالەت مامۇت
ئاكىنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدى. شۇڭا، مامۇت ئاكا ئۆزىنى بۇـ
گۈنكى شان ـ شەرەپ مۇنبىرىگە نائىل قىلغان جەڭچى ئوغلىنى
سېغىنىش ئىچىدە ئىسىگە ئېلىپ، كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالـ
دى. مامۇت ئاكىنىڭ شۇ تاپتىكى چاناقلىرىدا يالتىراپ تۇرغان
ياشقا شادلىق ۋە ئوغلىغا بولغان مەمنۇنىيەت، پەخىرلىنىش تۇيـ
غۇسى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# كۆپۈك

يۇقىرىدىن سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كاتىپ، سىياسىي يېتەكچى رۇسۇلنىڭ ئىللىق كۇلۇمسىرىشىنى كۆرۈپ سۆيۈنچىگە ئېرىشكەندەك بولدى.

— ياخشى، بۇ ليەنىمىز ئۇچۇن بىر پۇرسەت! — دېدى سىياسىي يېتەكچى مەمنۇن بولغان ھالدا بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، — كادىرلارغا خەۋەر قىل، جىددىي يىغىن بار!

سىياسىي يېتەكچى رۇسۇل يىغىننىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى بىرقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، كادىرلار يىغىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشخانىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى خىيال قىلىپ ئۈلگۈردى: «خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كۆپىنچىسى ليەن رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى بويىچە خىزمەتلەرگە باھا بېرىشىدۇ. بەزىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا قورقۇپ كېتىشىدىكەن. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ؟ ئەمەلىيەتتە خىزمەت گۇرۇپپىسى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئامەت ئېلىپ كەلدىغۇ؟ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان شۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تالاي رەت تەييارلىق قىلدىم. بىراق خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قەدىمى بىزنىڭ ليەنگە كەلگەندە ھېرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شۇنچە تەييارلىقلىرىم بىكارغا كەتتى. ئەگەر خىزمەتلىرىم خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە

ئېرىشكەن بولسا، بۇ كەمگىچە مۇئاۋىن يىغىلىشمۇ بولۇپ قالغان بولاتتىم. . . مانا ئەمدى بولسىمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندۈرۈلگان بولۇپتۇ، ئەگەر خىزمەت دوكلاتىنى ئوبدان تەييارلاپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى تەشكىللىسەملا ماڭا نېسىپ بولىدىغان بەخت، ئامەت ئۆزلۈكىدىن روياپقا چىقىدۇ - دە؟ ! »

رۇسۇل كادىرلارغا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي دەرس خاتىرىسىنى تولۇقلاشنى، بوش ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇپ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى مەزمۇنلىرىنى تەكرار قىلىشنى، ئىچكى - تاشقى تازىلىقنى ئالاھىدە ياخشىلاشنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، خىزمەت دوكلاتى يېزىشقا تۇتۇندى.

* * *

لىيەننىڭ خىزمەتلىرى بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھېلى تازىلىق، ھېلى خاتىرە تولۇقلاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان جەڭچىلەر غودۇراشقا باشلىدى:

— سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بارمىغىلى يېرىم يىلدەك بولغان تۇرسا، خاتىرىنى قانداق تولدۇرىمىز كىن تاڭ؟

— «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانداق تەكرار قىلىمىز؟ بۇ ھەقتە سىياسىي يېتەكچى بىزگە پەقەت گېزىتلا ئوقۇپ بەرگەن تۇرسا.

— شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىمىز دەپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز قىزىقتە.

— خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ قىزىقكەن، تەكشۈرىدىغان ئورۇنلارغا ئالدىنئالا خەۋەر قىلىپ قويغىچە، تۇيۇقسىز تەكشۈرسە بولمامدىغاندۇ؟

— بولدى، تولا كوتۇلداشماي ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەيـ-
يارلىق قىلىڭلار! خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ خاتىرىلىرىـ-
مىزنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە چولىسى يوق!

* * *

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، خىزمەت گۇرۇپپىسى لىيەنگە يېتىپ كەلدى. گازارمىنىڭ پاكىز مۇھىتى، سىياسىي يېتەكچى رۇسۇلنىڭ ئەتراپلىق تەييارلىغان خىزمەت دوكلاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى مەمنۇن قىلدى. رۇسۇل خىزمەت دوكلاتىنى چۈشلۈك تاماقتا تاقاپ ئاخىرلاشتۇردى. چۈنكى، لىيەندە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان ھازىرلانغانىدى. رۇسۇلـ-نىڭ خىيالىچە، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر چۈشلۈك تاماقتىنـ-مۇ مەمنۇن بولاتتى - دە، لىيەننىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتلىـ-رىگە يۇقىرى باھا بېرىپ تۆەنگە قايتاتتى. بىراق، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى رەھبەرلەر چۈشلۈك تاماقتىن ئالاھىدە رازى بولغان بولسىمۇ، رۇسۇلنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بەربات قىلىـ-دىغان بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىزنىڭ تۈپ پرىنسىـ-پىمىز، ئەمدى بىز ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش، جەڭچىلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىمىز، يېقىندىن ياردەمدە بولساڭلار، — دېدى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى خام سېمىز، ئوتتۇرا بوي، ئۆسكىلەڭ قاش بىر رەھبەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— چاتاق يوق باشلىق، — رۇسۇل زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— شۇنداق بولغاندا بىز يەنە بىر نەچچە كۈن لىيەنىڭلاردا بولىمىز، سىلەرگە ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇق.

— ئۇنداق بولامدىغان، — بۇ قېتىم سىياسىي يېتەكچى

رۇسۇل زورىغا كۆلەي دەپمۇ كۆلەلمىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبى-
نى ئەندىشە تۇمانلىرى قاپلىغان بولۇپ، ئۇ كۆكلىدىن بىر بۇلۇڭ-
دىن كېيىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە
قاتۇرۇپ دوكلات قىلىپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىدىغان، ياخشى
كۆتۈۋېلىپ ئەلا نومۇر ئالىدىغان كونا ئۇسۇللار ئەمدى كەلمەسكە
كەتكەن ئوخشىمامدۇ» دېگەنلەرنى غىل - پال ئۆتكۈزدى.

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# تۆەنجاڭنىڭ شادلىقى

## 1

دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان مەشىق مەيدانىدا «جەڭ» قاينىماقتا ئىدى. جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچىلەر مەشىق مەيدانىنى جەڭگىۋار تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. مەشىق مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە تىكلەپ قويۇلغان قوراللارنىڭ نەيزىلىرى ئالتۇن شاردەك يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى.

— يارايسىلەر يىگىتلەر! — دېدى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن تۆەنجاڭ هازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى بويىچە قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتۈش مەشىقى قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ چەبدەس هەرىكەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ.

تۆەنجاڭنى كۆرگەن مەخسۇت لىيەنجاڭ هەربىي فورمىسىنى تۈزەشتۈردى - دە، جەڭچىلەرگە دىققەتتە تۇرۇش كوماندىسى بەرگەندىن كېيىن، تۆەنجاڭغا ئەهۋال دوكلات قىلدى.

تۆەنجاڭ مەخسۇت لىيەنجاڭنىڭ دوكلاتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، هۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك قېتىپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «راهەت» تە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. تۆەنجاڭ جەڭچىلەرنىڭ كۈن نۇرىدا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە، تەرلەپ هۆل بولۇپ كەتكەن ئۈستىبېشىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— يولداشلار جاپا چەكتىڭلار!

— خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز! — جەڭچىلەر ياڭراق ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى.

— يولداشلار! تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا بۈگۈنكى كۈن-يادىكى ئاساسىي ئېقىم، پەن - تېخنىكا ھەربىي ساھەدە قوللى-نىلماقتا. شۇڭا بىز خەلقىنىڭ ئامانلىقى، چېگرىنىڭ بىخەتەرلى-كى، ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى پەن - تېخنىكا بىلىمىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ تېخنىكا، تاكتىكا جەھەتتىكى يۇقىرى تەلىپىگە ئۇي-غۇنلىشىشىمىز لازىم. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، كوسوۋو ئۇرۇ-شى يۇقىرى پەن - تېخنىكا قوللىنىلغان ئۇرۇشلار بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلاردا يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى نامايان قىلىندى. دېمەك، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇرۇشىغا قويغان يېڭى تەلىپى.

تۆەنجاڭنىڭ قىسقا ھەم مەزمۇنلۇق سۆزى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى ۋە غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى.

## 2

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندى، لېيەندۈيلەر تەقلىدىي ھۇجۇم مەشقىگە كىرىشىپ كەتكەندى. تۆەنجاڭ بۇ قېتىممۇ مەخسۇت لېيەنجاڭنىڭ لېيەنىنىڭ مەشىق مەيدانىغا كېلىپ قالدى ۋە لېيەنجاڭ-غا مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشنى ئېيتتى.

— 1 - پەي ئوڭغا، 2 - پەي سولغا، 3 - پەي مېنى مەركەز قىلىپ، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا ھۇجۇم باشلاڭلار! — لېيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ئورۇنلىرى-دىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. ئۇلار ئالغا سىلجىپ، گاھ ئوڭ،



www.uyghurkitap.com

گاھ سولغا دومىلاپ، «دۈشمەن ئوت توچكىسى»غا يېقىنلاشتى ۋە «دۈشمەن»نىڭ توسالغۇلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، «دۈشمەن» ئىستىھكاملىرىنى بىتچىت قىلدى.

— يارايسىلەر يىگىتلەر! — تۆەنجاڭ مەمنۇن بولغان ھالدا ئۇفىتسېر، ئەسكەرلەرنى ماختىدى. تۆەنجاڭنىڭ ماختىشىدىن ئۇفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ ھارغىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

## 3

پامىر تېغىدا كەچ كۈز ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاسمان ئاقۇش تۇمان ۋە قارا بۇلۇت بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئەتراپ گويا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. تولۇق قورال-لىنىپ، ئەپچىل قىلىپ تېڭىلغان يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈپ سەپتە تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ كۆزى مەخسۇت ليەنجاڭغا تىكىلگەندى.

— يولداشلار، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ليەنىمىز چەتتىن كىرگەن ئىشپىيونلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن تەشكىللەنگەن قوراللىق باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىز ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىقىمىز لازىم. يولداشلار، ماھارىتىمىزنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىدىغان پۇرسەت كەلدى! يولداشلارنىڭ جان تىكىپ جەڭ قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمەن! — مەخسۇت ليەنجاڭنىڭ ياڭراق ئاۋازى تۈن قۇچىقىنى لەرزىگە سالدى.

جەڭچىلەر قەسەم بەرگەندەك جاراڭلىق توۋلىدى:

— ۋەتەن ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىن، تىغدەك قىيالارغا چىقىشتىن قورقمايمىز، يۇقىرىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز!

جەڭچىلەرنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى.

تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، 6 ـ ليەن گۇۋانلىق چېگرا ئېغىز-لىرىنى قامال قىلىپ بولدى. مۇداپىئە شۇ قەدەر پۇختا ئىدىكى، مۇداپىئە رايونىدىن باندىتلار تۇگۇل، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆتەلمەيت-تى. هايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان جەڭچىلەر-نىڭ كۆز ئالدىدىن ئاتا ـ ئانىسى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. تۇساتتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى جەڭچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، بىر پەستىن كېيىن، تاغ باغرىدا ئات تاقىسى چاچراتقان ئۇچقۇن ۋە ئاتلىق كۆلەڭگىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. باندىتلار مۇداپىئە رايونىغا كىرگەندە، هۇ-جۇمغا ئۆتۈش بەلگە ئوقى ئېتىلدى. جەڭچىلەر باندىتلارنى غەزەپ بىلەن ئوققا تۇتتى. ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچرىغان باندىتلار خۇددى ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك پېتىراشقا باشلىدى. . . جەڭ تاڭ يورۇغىچە داۋام قىلدى، باندىتلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ئۆل-مەي قالغانلىرى پۈتۈنلەي قولغا چۈشتى.

— يولداشلار! — دېدى تۈەنجاڭ جەڭ غەلىبىسىنى قۇتلۇق-لاپ، — 6 ـ ليەننىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرى تىنچ شارائىتتا هەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، بۈگۈنكى جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ 6 ـ ليەندىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يۇقىرى ئۆل-چەم بىلەن جاپالىق مەشىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى!

تۈەنجاڭ سۆزىنى ئۈزۈپ، كۆزىنى جەڭچىلەرگە تىكتى. ئۇنىڭ كۆزى قاتار تۇرغان هەربىر جەڭچىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچ-راشتى، ئۇنىڭ بۇ نەزىرى جەڭچىلەردىن «يىگىتلەر تەلىم ـ تەربىيىنى پەن ـ تېخنىكا ئاساسىدا ئېلىپ بارغاننىڭ پايدىسى بارمىكەن؟» دەپ سوراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— بىز تېخىمۇ تىرىشىپ پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللى-سىگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرىدىن

بولىمىز!

جەڭچىلەرنىڭ ھاياجانغا تولغان جاراڭلىق سۆزلىرى تۆەن-
جاڭنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى، ئۇ سۆيۈنۈش تۇيغۇسىغا چۆ-
مۈلگەن ھالدا جەڭچىلەر تەسەۋۋۇر قىلىشۋاتقان گۈزەل كەلگۈسىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى يىراقلارغا
تىكتى...

# ئەپچىل «چارە»

ئەنۋەر ھەربىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى چارەك-لىك ئىمتىھاندىلا ئىككى پەندىن ئۆتەلمىدى ۋە خىجالەتچىلىكتىن چۈشكۈنلىشىپ كەتتى.

— ھەرقانداق ئىشقا پەم كېرەك ئاداش، بۇنىڭدىن كېيىن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلغاندا ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق قىلىشنى ئۇنتۇما. مانا مەن بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ئەپچىل چارىنىڭ پايدى-سىنى كۆردۈم، — دەپ تەسەللىي بەردى بىر كۈنى ئەنۋەرنىڭ ئابلەت ئىسىملىك دوغىلاق ساۋاقدىشى.

— قانداق تەييارلىق قىلغانتىڭ؟ — سورىدى ئەنۋەر ئادەتتە دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئەڭ ناچار ئابلەتنىڭ ھەممىلا پەندىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ.

— مۇھىم مەزمۇنلارنى كىچىك باغاقچىلارغا يېزىپ تەييار-لىق قىلدىم، ئىمتىھاندا ئۇنىڭدىن پايدىلاندىم، — ئابلەت يانچۇ-قىدىن بىر تۇتام قەغەز پارچىسىنى چىقاردى.

— كۆچۈرۈپ ئىمتىھان بېرىپسەن دېگىنە، — ئەنۋەر ئۇمۇ-چۇكنىڭ تورىدەك زىچ ۋە رەتلىك خەتلەر بىلەن تولغان باغاقچىلار-نى كۆرگەندىن كېيىنلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

— كۆچۈرۈشمۇ بىر ماھارەت ئاداش، بىزنىڭ كاللىمىز ھەممىلا مەزمۇنلارنى ساقلىيالايدىغان ئېلېكترونلۇق مېڭە ئەمەستە!

مۇشۇ بىر قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، ئەنۋەرنىڭ ئىمتى-ھان تەييارلىقىدا كۆچۈرۈش تەييارلىقىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— يولداشلار، بۇ قېتىملىق مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ناھايىتى مۇھىم، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئىمتىھان باشلىنىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، — ئىمتىھان تۈزۈمى پەۋقۇلئاددە قاتتىق، شۇڭا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بەزىلەرنىڭ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش ئۇسۇلى توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى، — ئاڭلىسام بەزىلەر كۆچۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىغانلىق.

يۇقىرىقى تەكلىپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەنۋەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى.

ئەنۋەر باغاقچىلارنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدى. كۆڭلىدىكى غەم، قورقۇش تۇيغۇلىرىنىڭ ئورنىنىمۇ ئىشەنچ ئىگىلىدى.

— شۇنى قايتا ئەسكەرتىپ قويىمەن، — دېدى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ تەرتىپىگە مەسئۇل خادىم ئىمتىھان باشلانغان تۈنجى كۈنى ئىمتىھان سوئاللىرىنى تارقىتىشتىن بۇرۇن، — ئىمتىھان مەيدانىغا ماتېرىيال ئېلىپ كىرگۈچىلەر بولسا ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېتىڭلار، كۆچۈرۈشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، كىمدە كىم كۆچۈرىدىكەن، ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ!

كومىسسىيىنىڭ بۇ كەسكىن تەلىپى ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە تۇمانلىرىنى باشلاپ كىردى.

ئىمتىھان باشلاندى، ئەنۋەرنىڭ كۆزى ئىمتىھان سوئاللىرى ئۈستىدە قېتىپ قالدى. كۆپىنچە سوئاللارنىڭ جاۋابىنىڭ باغاقچىلاردا بارلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، ئەمما. . . ئەنۋەر يېڭىگە تىقىۋالغان باغاقچىلارنى چىقىرىشقا تەمشىلىۋىدى، سەزگۈر كومىسسىيە دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ بارلىق باغاقچىلىرىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئەپچىل «چارىسى» نى كۆپچىلىك ئالدىدىلا

ئاشكارىلىنىۋەتتى.

كومىسسىيە ئوقۇغۇچىلارغا ئەنۋەردىن ئىبرەت ئېلىپ توغرىسىدا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، كەسكىن بۇيرۇق قىلدى:

— چىقىپ كېتىپ باشقا پەنلەردىن بېرىدىغان ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىل ئۇكا.

ئەنۋەر سوغۇق تەرگە چۈمگەن ھالدا ئىمتىھان مەيدانىدىن ئامالسىز چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# تەقسىمات

ئىيۇل ئېيى كېلىشى بىلەن تەڭ، ھەربىي مەكتەپتىكى ئو-قۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەترەتلىرىدە تەقسىماتقا ئائىتلىق بويسۇنۇش، جاپالىق جايلاردا ئىشلەشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار تەقسىماتقا توغرا مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ ئىرادىنا-مە، جاپالىق جايغا بېرىپ ئىشلەش توغرىسىدا ئىلتىماس يېزىپ يۇقىرىغا تاپشۇردى.

— بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلتىماسىغا قارىغاندا، جاپالىق جايلار-غا بېرىپ ئىشلەش ئىرادىسى خېلى قەتئىيدەك قىلىدۇ، — دېدى مەكتەپ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى غاپپار بۆلۈم باش-لىقىغا پەرھاتنىڭ بىرنەچچە پارچە ئىلتىماسىنى سۇنۇپ.

— قەيەرگە بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىپتۇ؟ — بۆلۈم باش-لىقى ئىلتىماسلارنى قولغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. پەرھات ئەڭ جاپالىق ئورۇن — شىنشيەنۋەن قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ ئىشلەشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلغانىدى.

— ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، — بۆلۈم باشلىقى قايىل بولغان ھالدا باش لىڭشىتتى ۋە غاپپارغا تاپىلىدى، — تەقسىماتنى بېكى-تىشكە يەنە يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بار، سىز بۇ ئوقۇغۇچى-نىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە كېيىنكى پوزىتسىيىسىگە كۆز قۇلاق بولۇڭ.

* * *

— جاپالىق جايغا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلايدىغان ھارامزادىلەر. ئەگەر ئۇلارنى جاپالىق رايونغا بۆلۈپ قويسىنا قېنى، ئىچىگە ئاچچىق يۇتمىغىنىنى كۆرەي.

— تەقسىماتتا نەدىمۇ بىر ئادەمنىڭ تەلىپى بويىچە بولىدىغان ئىش بار؟ مېنىڭچە جاپالىق ئورۇندا ئىشلەشنى تەلەپ قىلىشۋاتقانلار بىرىنچىدىن، رەھبەرلىكنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ ياخشى ئورۇنغا بۆلۈنمەكچى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جاپالىق ئورۇننىڭ يۇقىرى مائاشىنى كۆزلەيدۇ.

— لېكىن پەرھاتنىڭ جاپالىق ئورۇنغا بېرىپ ئىشلەش ئىرادىسى بەكلا مۇستەھكەم، بىر بەندە بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن تولاراق كۆڭۈلىمىزدىكى گەپلەرنى قىلىشىمىز. ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن «توختىماي يېزىۋاتقان ئىلتىماسلىرىڭ زەي سالماي پاختا ئېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مەن بۇ ئىلتىماسلارنى ساڭا ئوخشاش شەكىل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمدىن چىقىرىپ يېزىۋاتىمەن، تەلەپ ـ ئارزۇلىرىمنىڭ قىلچە يالغىنى يوق!» دېدى خاپا بولۇپ.

— دېھقان بالىسى بولغاندىكىن چېگرىنىڭ يۇقىرى مائاشىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ ئۇ سەھرالىق.

— تەشكىل راستلا شىنشيەنۇەن قاراۋۇلخانىسىغا بۆلۈۋەتسە كۆرۈك ئۇ ئەخمەقنى، ھى... ھى... ھا... ھا...

ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بولۇنغان بۇ پاراڭلار پەرھاتنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى، ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن قەتئىي يانمىدى.

* * *

— بۇ پەرھاتنىڭ جاپالىق رايونغا بېرىپ ئىشلەش توغرىسىدا

يازغان يەنە بىر پارچە ئىلتىماسىنى، ئوقۇش ئەھۋالىنىمۇ ئىگىلى-دىم، ئەلا ئوقۇغانىكەن، — دەپ دوكلات قىلدى غاپپار بۆلۈم باشلىقىغا ئاردىن ئون بەش كۈن ئۆتكەندە.

— ئەمدى سىز ئۇ ئوقۇغۇچى بىلەن ئايرىم سىردىشىپ بېقىڭ.

غاپپار پەرھات بىلەن سىردىشۇىدى، پەرھات ئۆزىنىڭ مۇد-دىئاسىنى ئېنىقلا ئوتتۇرىغا قويدى:

— تەشكىل مېنى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئوقۇتتى، ئەمدى مېنىڭ تەشكىلگە جاۋاب قايتۇرىدىغان ۋاقتىم كەلدى، جاپالىق ئورۇنغا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىشىم دەل تەشكىلگە ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن. بەزىلەر جاپالىق ئورۇندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن، قورقىدىكەن، ھەممىلا ئادەم جاپالىق ئورۇندىن ئۆزىنى قاچۇرسا، جاپالىق ئورۇندا كىم ئىش-لەيدۇ؟ مانا مەن ئىشلەيمەن! چۈنكى، مەن دېھقان بالىسى، جاپادىن قورقمايمەن!

قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ جاۋابلارنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، غاپپارنىڭ پەرھاتقا بولغان قايىللىقى تېخىمۇ ئاشتى.

* * *

ھەش - پەش دېگۈچە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىي مەكتەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، ئۆز - ئۆزىگە قىلدى بۇ قاپاق باش.

— پەرھاتنىڭ كاللىسىدا ئازراق بارمىكىن دەيمەن، بولمىسا شىنشيەنۋەنىڭ جىنى چاپلاشقاندەك ھە دېسە بۇ توغرۇلۇق ئىلتى-ماس يېزىپ يۈرمەيتتى.

— ئەمدى ئۇ بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ بىكار، كىم ئۇنى

«چامغۇر ئاكتىپ» لىق قىلسۇن دەپتۇ؟ خوپ بولدى!

خىزمەت تەقسىماتى ئېلان قىلىنىۋىدى، پەرھاتنىڭ سەپداشلىرى پەرھاتنى ئەنە شۇنداق مەسخىرە قىلىشتى. لېكىن، ئۇلار تەشكىلنىڭ پەرھاتتىن سۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى، مەكتەپتە پەرھاتنىڭ روھىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى جاپالىق رايونغا داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى.

2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

# پۇرسەت

ئوغلىنىڭ سۇننەت تويى يېقىنلىشىپ قېلىۋىدى، تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى تۇيغۇننىڭ ئائىلىسىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بولۇپمۇ ليەن، پەي دەرىجىلىك كادىرلار ئۇۋىسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىدەك ئولتۇرالمايلا قالدى.

— تۇيغۇنكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىڭمۇ يا؟ — سورىدى پەيجاڭ ئەسمەت ئاتايىن دېگۈدەك ئەختەمنىڭ ياتىقىغا كىرىپ.

— ئالدىنقى كۈنى بېرىپ كەلدىم.

— قايسى خىزمەتنى ئۈستۈڭگە ئالدىڭ؟

— ئۇ كۈنى خىزمەت تەمە قىلىپ بارغانلار ناھايىتى كۆپكەن، ماڭا خىزمەت ئاشمىدى.

— ساڭا بۇ بىر ياخشى پۇرسەت ئاداش، شۇڭا دەرھاللا ئىشنى توغرىلا.

— سېنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— «قوغۇن يېسەڭ كاسا يە، تاياق يېسەڭ ھاسا» دەپتىكەن، كۆزۈڭنى يۇمۇپلا چوڭراق بىر ئىش قىل. بولمىسا ئىشىڭ يەنىلا ھەل بولمايدۇ.

— ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى، بۇ قېتىمقى ئۆسۈش مەندىن ئاشمايدۇ.

— «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان مۇشۇ خۇيۇڭ سېنى مۇشۇ كۈنگە قويدى، بولمىسا ئاللىقاچان ليەنجاڭ بولۇپ كېتەتتىڭ.

— ئاڭلىسام تۇيغۇنكام بەكلا پرىنسىپچى ئادەممىش، ئىشنى

بۇزۇپ قويمەنمىكىن ئاداش.

— ئەخمەقكەنسەن، نەدە بەز يىمەيدىغان مۇشۇلارنى ئې-سىڭدە بولسۇن ئاداش، ئەگەر سەن مۇشۇ قېتىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دەرىجەڭنى ئۆستۈرۈۋالمىساڭ، يىل ئاخىرىدا كېلىدىغان كەسىپ ئالماشتۇرۇش بورىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن جۇمۇ. ئۇنداق بولۇپ قالسا تارتىدىغان زىيىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ھەرھالدا تۇيغۇنكامنىڭ تۇەن پارتكومى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزا-سى ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما.

ئەسمەتنىڭ بۇ مەسىلىھەتى ئەختەمنى غەمگە سېلىپ قويدى. چۈنكى، ئەختەم خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتقان بولسى-مۇ، ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىغا تۆت يىل بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا پەيجاڭ بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ھەر قېتىم لىيەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئورنى بوشىسا، بۇ ئورۇنغا ئۆسۈپ چىقىدىغان نامزاتقا كەلگەندە لىيەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەختەمگە كۆز تىكەتتى. ئەختەممۇ «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، ئۆسىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ھالدا شېرىن خىياللارغا چۆمەتتى. بىراق، ئۆيلىمىغان يەردىن ئالدىنقى قېتىم باشقا لىيەندىكى ئەختەم بىلەن تەڭ يىللىق بىر پەيجاڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

— تەشكىل سىزگە راستىنلا ئۇۋال قىلدى جۇمۇ؟

— مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بولۇپ كەلگەن ئاداشمۇ تايىنلىق ئىشلەپتىكەنغۇ.

— ئىككىڭلار ساۋاقداش بولغاندىكىن سىز ئۆستۈرۈلسىڭىز-مۇ بولاتتىغۇ، باشقا لىيەندىن ئادەم يۆتكەپ يۈرگۈچە؟

— قارىغاندا مۇشۇ ساۋاقدىشىڭىز باشلىقلار بىلەن ئىغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈپ رىسقىڭىزغا توپا چاچقان گەپ!

بەزىدە پەيجاڭلار بىر يەرگە كەلسە، مانا مۇشۇنداق مۇنازىرى-لەرنى قىلىپ ئەختەمنىڭ ئىچىگە ئوت ياقاتتى.

— قالايمىقان گۇمانلارنى قىلمايلى ئاغىنىلەر، بۇ دېگەن تەشكىلنىڭ ئىشى، بەلكىم تەشكىل مېنى سىناۋاتقاندۇ، — ئەختەم پەيجاڭلارغا مۇشۇنداق دەيتتىيۇ، ئەمما ئۆستۈرۈلۈش ۋاقتىنىڭ كېچىكىپ كېتىۋاتقىنىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولاتتى.

ئەختەم بىلەن ئەسمەت خېلى ئۇزۇن مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىدا ئالاھىدە «ئادەمگەرچىلىك» قىلىپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى. ئىشلار پىلان بويىچە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. توي ئاخىرلىشىپ يېرىم ئاي ئۆتۈۋېدى، ئەختەمنىڭ مۇئاۋىن لېيەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەنلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى.

— قانداق، سەۋەب قىلسا سېۋەتتە سۇ توختامدىكەن؟ — ئەسمەت ئۆزى كۆرسەتكەن ئەقىلدىن مەغرۇرلانغاندەك، كۈلۈمسىرىگەن هالدا تۇنجى بولۇپ ئەختەمنى تەبرىكلەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلدى.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا ئاداش، — دېدى ئەختەممۇ ئەسمەتتىن مەمنۇن بولۇپ، — بۇ قېتىم سەن مېنى ناھايىتى مۇھىم بىر تەجرىبىگە ئىگە قىلدىڭ جۇمۇ، كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىپ، بەزى ئىشلارنىڭ يولىنى قىلمىساڭ زىيان تارتىدىغان گەپكەن ئەمەسمۇ؟

— مەسلىھەتىمگە كۆنمىگىلى تاس قالدىڭ تېخى.

— تۈيغۇنكامنى ناھايىتى پاك - دىيانەتلىك، پرىنسىپچى ئادەم دەپ ئاڭلىغانتىم دېگىنە.

— قانداق ئادەملىكىنى ئەمدى بىلگەنسەن؟

— توۋا، راستىنىلا پارا يېمەيدىغان باشلىق قالماپتۇ جۇمۇ؟ — ئەختەمنىڭ قەلبىدىكى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ كېلىشكەن تەقى - تۇرقى خۇنۇكلىشىپ بارماقتا ئىدى، كىمدۇر بىرسى ئەختەمنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— كىرىڭ! — دېدى ئەختەم قوپاللا.

ئىشىكتىن كىچىككىنە قەغەز كوروپكىنى كۆتۈرۈۋالغان ئا-

لاقچى كىرىپ كەلدى ۋە:
— باشلىق بۇنى سىزگە ئەۋەتتى ئەختەمكا، — دەپ كورۇۋې-
كىنى ئەختەمگە بېرىپلا كېتىپ قالدى.
ئەختەم بىلەن ئەسمەت بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە كورۇۋېكىـ
نى ئېچىپلا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋپلا قېـ
لىشتى. چۈنكى، كورۇپكىدا، ئەختەم يېرىم ئاي ئىلگىرى مۇئاـ
ۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا قويغان
ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك ۋە مۇئاۋىن
سىياسىي كومىسسارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش ھەققىدىكى
نەسىھەت، تەنقىدى بىلەن تولغان بىر پارچە خېتى تۇراتتى.

2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

# ئاتا ئۇمىدى

ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ! — دېدىم ئىشىك تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ.

ئىشىك ئېچىلىپ ئەينى يىللاردىكى سابىق باشلىقىم — ھاپىزوف كىرىپ كەلدى. ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي تولىمۇ تېتىك، روھلۇق كۆرۈنەتتى.

— كېلىڭ باشلىق، — دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھاپىزوف ئاكا بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇم.

— سىنى ئاۋارە قىلغىلى كەلدىم ئۇكا، — دېدى ھاپىزوف ئاكا ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن باشلىق.

— بىر ئەسكەرنى يۆتكەيدىغان ئىش ئىدى، ئۇكا.

— ئوغلىڭىزنى يۆتكەيدىغان ئىش ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر مەشىقىنى تۈگىتىپ، مەلۇم چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە تەقسىم قىلىنغان ئوغلىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

ھاپىزوف ئاكا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە پېشانىسىدىكى تەرنى چىرايلىق قاتلانغان قول ياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، قىسىمدا قىرىق نەچچە يىل ئىشلىدىم ئۇكا، ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئىككى ئوغلۇم تەڭلا ھەربىي سەپكە قاتناشقانىدى. ئۇلار تۇەنىڭلاردا يېڭى ئەسكەرلەر مەشىقى قىلغان. قەيسەرجان مەلۇم چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە تەقسىم قىلىندى، بىراق، ئەسقەرجانىنى شەھەردىكى قىسىمدا ئېلىپ قاپسىلەر، ئۇنىمۇ بىرەر چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ

چىنىقتۇرغىلى بولارمۇ؟
— پەرزەنتىڭىزنى مۇشۇنداق تەقسىم قىلىش مۇۋاپىق بولى
باشلىق، چۈنكى، سىزمۇ ياشىنىپ قالدىڭىز، باللارنىڭ بىرەر-
نىڭ يېنىڭىزدا تۇرغىنى ياخشى.
— بۇنداق دېيىشىمدە مەلۇم سەۋەب بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ئوغۇل بالا دېگەن جاپالىق مۇھىت-تا ئوب-دان چىنىـقىشى كې-
رەك، — پىشقەدەم باشلىق يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ
ماڭا سۇندى.
خەت ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم بىر ھەربىي رايوندىن كەل-
گەن بولۇپ، مۇنداق يېزىلغانىدى:
«. . . ئەسقەرجاننىڭ ھەربىي سەپكە قاتناشقانلىقىدىن تولى-
مۇ خۇرسەن بولدۇم، بىراق، ئۇنى شەھەر ئىچىدىكى قىسىمدا
ئېلىپ قالغىنىڭىز ئانچە مۇۋاپىق بولماپتۇ. چۈنكى، ئۇ قەھرى-
ماننىڭ ئوغلى! شۇنداق ئىكەن ئۇ ئەڭ جاپالىق جايلاردا چىنىقى-
شى، ئاتا - ئانىسى قان تۆككەن ماكانلارنى كۆرۈشى، ئىزىمىزنى
بېسىشى كېرەك. بۇ تەلىپىمنىڭ نەتىجىسىدىن تېزرەك ئۇچۇر
بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھۆرمەت بىلەن سەپدىشىڭىز ۋە
قىيامەتلىك دوستىڭىز لىي چاڭلىن.»
خەتنى كۆرۈپ گاڭگىراپلا قالدىم، لىي چاڭلىن دېگەن كىم-
دۇر؟ ئەسقەرجان قەھرىماننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمۇ مېنى ئوي-
غا سالدى. چۈنكى، ھاپىزوف ئاكا ئەينى يىللىرى جەڭگە قاتناش-
قان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق قەھرىمانلىق ئوردېنى
بېرىلمىگەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى.
— بۇ مۇنداق ئىش ئۇكا، — دېدى ھاپىزوف ئاكا كۆڭلۈمە-
دىكىنى بىلىۋالغاندەك، — لىي چاڭلىن ئەينى چاغدىكى سەپدى-
شىم، ھازىر ئۇ ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ھەربىي رايوننىڭ سىيا-
سىي كومىسسارى. مەن پەيجاڭ، لىي چاڭلىن لىيەنجاڭ ۋاقىتلار-
دا، لىيەنىمىزگە ۋاڭ لىمېي ئىسىملىك بىر دوختۇر قىز كەلدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ كەسپكە پىششىق، چىرايلىق ۋە ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. شۇ ئارىدا ئۇ توي قىلدى. ئۇنىڭ يولدىشىمۇ ھەربىي بولۇپ، مەلۇم چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدە سەنمۇلۇق قىلاتتى. 1962 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى. بۇ چاغدا ۋاڭ لىمىي ئېغىر ئاياغ ئىدى. ۋاڭ لىمېيىنىڭ تېنى ئاجىزمۇ ياكى مۇسىبەتنىڭ تەسىرىمۇ ئىشقىلىپ، ئۇ تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتتى. . .

— ئاغىنە، سىزگە بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، قوشۇلارسىزمۇ؟ — دېدى بىر كۈنى لىي چاڭلىن پەرىشان ھالدا.

— نېمە ئىشتى؟ — سورىدىم ئۇنىڭ تاماكىنى خۇددى دوختۇر بۇيرۇغاندەك ئۈزمەي چېكىشىگە ھەيران بولۇپ.

— ئاڭلىسام، ئايالىڭىز پاشا ئوغۇل يەڭگىپتۇ، مۇبارەك بولسۇن، دادا بولغىنىڭىزنى تەبرىكلەيمەن! — لىي چاڭلىن شۇنداق دېگەچ ۋاڭ لىمېيىنىڭ ئوغلىنى بېقىۋېلىشىمنى ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلاپ دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمىدىم ۋە:

— بۇ تەكلىپىڭىزنى ئەلۋەتتە قۇۋۋەتلەيمەن، چۈنكى مەن ھەربىي، سەپدىشىمنىڭ ئوغلى ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ ئوغلۇم، بىراق بۇ ھەقتە ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي، — دېدىم.

لىي چاڭلىن بۇ تەكلىپىمگە قوشۇلدى. مەن پاشا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ۋاڭ لىمېيىنىڭ ئوغلى لىلىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئوغلۇم قەيسەرجاننىڭ ئىسمىغا ماسلاشتۇرۇپ «ئەسقەرجان» دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويدۇق. باللارنىڭ يېشى يىگىرمە كۈنلا پەرقلەنگەچكە، كىشىلەرگە: «ئوغلىمىز قوشكېزەك» دەپ قويدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ پاشا ھەدەڭ باللار بۆلەنگەن ئىككى بۆشۈك ئوتتۇرىسىدا تالاي كېچىلەرنى تاڭغا، كۈندۈزنى تۈنگە ئۇلىدى. باللارنىڭ باللىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى گازارمىدا ئۆتكەچكە، ئەسقەرجاننىڭ ئۆز بالام ئەمەسلىكىنى لىي چاڭلىندىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى. مانا ھازىر ئۇلار چوڭ بولۇپ

جەڭچى بولدى، مەندەك قىرى دادىسىنىڭ ئارزۇلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئارسلانلارغا ئايلاندى!

— بۇ ھەقىقەتەن تەسىرلىك ھېكايە ئىكەن باشلىق، بولىدۇ، تەلىپىڭىزنى تىرىشىپ بەجا كەلتۈرەي! ئەمما ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرگەن بولسىڭىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ئۇكا، ئەمىسە خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن! — ھاپىزوف ئاكا خۇرسەن بولغان ھالدا قايتىپ كەتتى.

ئەمما مەن خېلى ئۇزۇنغىچە بۇ پېشقەدەم باشلىقىمىنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىمدىن كەتكۈزەلمىدىم. ئۇنىڭ سىيماسى ماڭا بارغانچە سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، نۇرانە كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

# چىراغ يورۇقىدا

تۈن كېچە، جەڭچىلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. ئەتراپ جىم-جىت، پەقەت بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيدە 18 ـ 19 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئەتراپى گېزىت قەغىزى بىلەن ئوراپ قويۇلغان لامپۇچكا يورۇقىدا مۆك-چىيىپ ئولتۇرۇپ، يىپ ـ يىڭنە بىلەن ھەپىلەشمەكتە. ئۇ — يېڭى جەڭچى ئابدۇراخمان ئىدى.

ئابدۇراخمان بۈگۈنكى تاكتىكا مەشقىدە قالتىس باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئەلا نەتىجە قازاندى. لېكىن، «دۈشمەن» نىڭ تىكەن-لىك سىم توسىقىدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا، تىكەنلىك سىمنىڭ ئىشتان ـ چاپىنىنى يىرتىۋەتكىنىگە بەكمۇ بىئارام بولدى. ئۇنى قانداق يامىۋېلىشنى ئويلىغاندا، ئۈستىگە بىر تاغ يىقىلغاندەك ھېس قىلدىيۇ، كۆڭلىدە: «يولداشلار ئۇخلىغاندا، بىر ئامال قىلىپ يامىۋالارمەن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئابدۇراخمان كۈننى ناھايىتى تەسلىكتە كەچ قىلدى. سەپ-داشلىرىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەنلا ئاستا ئورنىدىن تۇر-دى ـ دە، لامپۇچكىنىڭ ئەتراپىنى گېزىت قەغىزى بىلەن ئوراپ قويۇپ، غۇۋا يورۇقتا ئولتۇرۇپ ياماق ياماشقا كىرىشتى. ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ئوڭايغا توختىمىدى، ئۇنىڭ ھەر خىل جەڭ قوراللىرىنى بۇلبۇلدەك سايرىتىشقا ماھىر قوللىرى كىچىككىنە يىڭنە ئالدىدا ئىقتىدارسىز كەلدى. شۇڭا، يىڭنىنى بىر ـ ئىككى قېتىم سانجىپ قولىنىڭ بىرقانچە يېرىنى زىدە قىلىۋالدى. بىر نەچچە قېتىم ياماپ، بىر نەچچە قېتىم سۆكتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا يىڭنە ئىزى قوپال، سالغان

يامىقى كۆرۈمسىز ۋە قورۇق ـ چورۇق بولۇپ چىقتى. راستىنى ئېيتقاندا مۇنداق ياماق بىلەن كىيگەندىن كۆرە، ياماپلا كىيگەن تۈزۈك ئىدى.

ئۇ، ياماقىا تىكىلگىنىچە خىيالغا كەتتى: «ئەستا. ـــ دەيتتى ئۇ مەيۇسلەنگەن هالدا ئۆزىگە ئاچچىق تەنە قىلىپ، ـــ بۈگۈن يامىيالمىسام، ئەتە قايسى يۈزۈم بىلەن يولداشلار ئارىسىغا چىقىمەن؟ . . .»

بىردىن، ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، باش ـ كۆزىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر ئېقىشقا باشلىدى. ياماق ئۈستىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئۇ، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ياماقنى «ۋارت» قىلىپ سۆكۈپ تاشلىدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى هېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى، قۇلىقى هېچ نەرسىنى ئاڭلىمايتتى. شۇڭا، جەڭچىلەر ياتىقىنى ئارىلاپ يۈرگەن مۇسا لىيەنجاڭنىڭ ئۆز يېنىغا قانداق كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان چاغدا بولسا، قاتتىق هودۇققىنىدىن چىراي لاپپىدە ئوت ئېلىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە چاس بېرىپ سالام بەردى.

لىيەنجاڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇردى، چاپاننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېتىپ، مېهرىبانلىق بىلەن سورىدى:

— سېنىڭ تۇنجى قېتىم ياماق يامىشىڭمۇ؟

— هەئە.

— هەربىي سەپكە كىرىشتىن بۇرۇن كىيىمىڭ يىرتىلسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئانام ياماپ بېرەتتى.

— ئەمدىچۇ؟

— ئەمدى. . . ئەمدى. . . ھەممىنى ئۆزۈم قىلىمەن ـ دە.
— توغرا، ھەممىنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك، — لېەنجاڭ يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ، جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز خەلق جەڭچىسى. بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالماسلىقى كېرەك. ئەينى يىللاردا، ئىنقىلابىي جەڭچىلەر كۈندۈزى دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلسا، كېچىسى ئەتىكى جەڭنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتى. شۇڭا، ھەربىر جەڭدە غەلىبە قىلاتتى. ئەگەر سەن، — دېدى ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، — كېيىم ياماشتىمۇ تۇنۇگۈنكى تاكتىكا مەشىقىدە «دۈشمەن» نىڭ سىم توسىقىدىن ماھىرلىق بىلەن ئۆتۈپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا يولۋاستەك بۆسۈپ كىرىپ، ۋەزىپىنى «جەڭ» تەلىپىگە لايىق ئورۇنلىغان جۈرئىتىڭ بىلەن كىرىشىدىغان بولساڭ، ياماق ياماش ئەمەس، كىشىلەر كۆرسە زوقلانغۇدەك كەشتىمۇ تىكەلەيسەن تېخى. . .
لېەنجاڭ سۆز ئارىسىدا، ياماق ياماشنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئابدۇراخمانغا چۈشەندۈردى ۋە شۇ بويىچە ياماپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئابدۇراخمان دەسلەپ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يىڭنىنى تازا ئەپلەشتۈرۈپ سانجىيالمىدى. بارا ـ بارا يۈرىكى توختاپ، باياتىنقىدىن تۈزۈكرەك يامىدى. لېكىن، يامىغان يامىقى يەنىلا تەلەپكە لايىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش، كەيپىياتى تۆۋەن ئىدى. ئۇ شىمىنىڭ يىرتىلغان يېرىنى ياماپ بولۇپ، يېپىنى چىشى بىلەن چىشلەپ ئۈزدى ـ دە، لېەنجاڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ، گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغان كىچىك بالىدەك پەس ئاۋازدا دېدى:
— لېەنجاڭ، راستىنى ئېيتسام، باياتىن يىڭنىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا، يىڭنە ئىشى گويا تۇن قاراڭغۇسىدا نىشانغا زەمبىرەك ئېتىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلغانىدى. ھازىرمۇ. . .

www.uyghurkitap.com

— شۇڭا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتىكەنسەن — دە! — دېدى ليەنجاڭ قولىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، — ئەگەر بىر ئادەمدە جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان روھ، قەيسەر ئىرادە بولىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئىشتا كامالەتكە يەتمەك تەس ئەمەس. يىڭنە ئىشىمۇ شۇنداق.

ليەنجاڭ سۆزلىگەچ، ئابدۇراخماننىڭ چاپىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇزاققا قالماي ياماپ بولدى. ياماق شۇنداق سىپتا ئىدىكى، يىڭنە ئىزى زادىلا كۆرۈنمەيتتى. ھاياجىنىنى باسالماي قالغان ئابدۇراخمان:

— رەھمەت، ليەنجاڭ! — دېدى.

— رەھمەت دېگۈدەك نېمىسى بار؟ — ليەنجاڭ ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە ئابدۇراخمانغا تىكىلىپ، زورىغا كۈلۈمسىرىدى، — ئۆزئارا ياردەملىشىش ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، — ليەنجاڭ نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك بىرپەس جىم بولۇپ كەتتى، — مەن ساڭا بىر كەچۈرمىشىمنى سۆزلەپ بېرەي، مەن ئارمىيىگە قاتناشقان چېغىمدا، سەندىن جىق كىچىك ئىدىم. ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە، كىيىم ـ كېچىكىم دائىم كۆيۈپ، يىرتىلىپ تۇراتتى. مەن يىڭنە ئىشىنى بىلمىگەچ دائىم پېشقەدەم بەنجاڭىمىز ياماپ بېرەتتى. ئۇ بىر قېتىملىق جەڭدە قازا تاپتى، جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ يىپ ـ يىڭنە قاپچۇقىنى ماڭا يادىكار قىلدى. مەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم ۋە شۇندىن كېيىن بوش ۋاقىت تاپسام‌لا پارچە ـ پۇرات لاتىلارنى ياماپ ـ تىنەپ ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم. . . — ليەنجاڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى، — ئەگەر سەن ئارمىيىگىمۇ، خەلققىمۇ يارامىلىق ئادەم بولاي دېسەڭ، ئىشلەپ ئادەتلەنگەن ئىشلارنى تۇجۇپىلەپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ تىرىشىپ ئۆگەن. بۇ مېنىڭ، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدى.

— يولداش ليەنجاڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېگىنىچە ئور-نىدىن دەس تۇرۇپ چاس بەردى ئابدۇراخمان، — بۇ ئۆمىدىڭىزنى چوقۇم ئاقلايمەن. . .

1960 - يىل 11 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چىلان تورۇق

ئۇخلاش سىگنالى چېلىنغاندىن كېيىن، گازارما بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى. پەقەت زەمبىرەكچىلەر لېيەنىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىلان تورۇق توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ئات كۆندۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشماقتا ئىدى.

سەۋەبى، مۇنداق شاش ئاتنى ئۇلار زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئالاھىدە ماھارىتى بولمىغان ئادەمنىڭ بۇ ئاتنى كۆندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنى ھەربىي سەپكە ئېلىپ كىرگەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، نەچچە ئادەمنى تېپىپ زەخمىلەندۈرگەننىڭ ئۈستىگە چۇلۋۇرنى ئۈزۈۋېتىپ يايلاققا قاچقانىدى.

— يولداشلار، — دېدى لېيەنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ۋاڭ شىڭفۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — چىلان تورۇقنى كۆندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىككىنچى بەندىكى جۇرئەتكە بېرەيلى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئات مىنىش ماھارىتىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن، پەقەت شۇلا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

دەل شۇ چاغدا، سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— رۇخسەتمۇ؟

— كىرىڭ!

بىر جەڭچى ئىلدام قەدەملەر بىلەن ئىشخانىغا كىردى ۋە تىك تۇرۇپ چاس بەرگەندىن كېيىن:

— يولداش سىياسىي يېتەكچى، چىلان تورۇقنى كۆندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇرۇڭ! — دېدى.

بۇ سۆزنى قىلغان كىشى ئەمدىلا 18 ياشتىن ھالقىغان،

خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان يېڭى جەڭچى — جۇرئەت ئىدى.

ئۇنىڭ ساغلام، قامەتلىك گەۋدىسى، قىپقىزىل ئاناردەك مەڭزى ۋە تەمبەل بەستىدىن ئۇيغۇر مىللىتىگە خاس جەسۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

*　　*　　*

سىياسىي يېتەكچى يېڭى ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانىدى. بىر كۈنى ئۇ قار يېغىۋاتقانغا قارىماي، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن پىيادە گۈلباغ يېزىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئاچال يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ بىرەر كىشىدىن يول سورىماقچى بولۇۋىدى، تو- ساتتىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېگىز - پەس تاغ يولىدا بىر ئاپتوموبىل ئاستا كېلىۋاتاتتى.

— ئۇكام، گۈل-باغ يېزىس-غا مۇشۇن-داق بارغىلى بولام- دۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ شىڭفۇ، ئاپتوموبىلنى يېقىنلا توختات- قان شوپۇر يىگىتتىن.

— ھەئە، ماشىنىغا چىقىڭ، — دېدى شوپۇر يىگىت ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

لاۋۋاڭ ئۇنىڭ ئېگىز - پەس تاغ يولىدا ماشىنىنى شۇنچە سىلىق ھەيدىشىدىن مەمنۇن بولدى بولغاي:

— كىچىك تۇرۇپ ماشىنىنى قەۋەت ياخشى ھەيدەيدىكەن- سىز، — دېدى، زوقى كېلىپ.

— ياقەي، — دېدى يىگىت جاۋاب قايتۇرۇپ، — پارتىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا تۇرمۇشىمىز ياخشىلانماقتا. يول- داش، سىز يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى لاۋۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەسكەر بولغۇڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دىدى يىگىت دەرھال جاۋاب بىرىپ، — يولداش، كونا جەمئىيەتتە بوۋام پومىشچىككە ھاۋۇكەش بولۇپ، ھارۋا بىسىۋېلىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن، دادام يىرىم ئۆمۈر ھاۋ-ۋكەشلىك قىلغان. مەن بولسام ماشىنا ھەيدەۋاتىمەن، كىيىنچە كوندۇز ئەسكەر بولۇشنى ئويلايمەن. ماڭا بىر ياردەم قىلسىڭىز.

— ئىسمىڭىز نىمە؟

— جورئەت.

*　　*　　*

راستىنى ئېيتقاندا لاۋۋاڭ بۇ غەيرەتلىك جەڭچىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى:

— جورئەت، يورەكلىك، سالماق بول! — دىدى ئۇ تاپىلاپ.

چىلان تورۇق بىشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ كىشنەيتتى، بۇرۇن-لىرى كىرىلگەن ھالدا پۇشقۇرۇپ تۇراتتى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تىنىمسىز ھالدا تۇيىقى ئاستى-دىكى قارلارنى توزىتاتتى. جورئەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئاتنىڭ يايلىنى تۇتۇپ بىر سەكرەپلا ئاتقا مىنىۋالدى، چىلان تورۇق چىچاڭشىپ ئىرغىپ تۇراتتى. ئات قاتتىق بىر كىشنىدى ـ دە، كەڭ دالىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

توساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ پەيدا بولدى. چىلان تورۇق ئۆستەڭگە چۇشۇپ كىتىش ئالدىدا تۇراتتى. جورئەت ئات-نىڭ تىزگىنىنى كۇچىنىڭ بارىچە ئوڭ يانغا قاتتىق تارتىۋىدى، ئات كىشنەپ، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، جورئەتنى يەرگە تاشلىۋەتتى.

— ۋاي، يامان بولدى! — جەڭچىلەر ۋارقىرىغان پىتى يۈگۈرۈپ كەلدى. جورئەتنىڭ بىلىكىدىن چىققان قان قارنى لالىدەك بويىغانىدى.

*　　*　　*

جۇرئەتنىڭ يارىسى ساقايدى. ئۇ ئات كۆندۈرۈشنى يەنە باشلىۋەتتى. ئۇ كۈن بويى ئات ئېغىلىدىن چىقمايتتى، چىلان تورۇقنىڭ پېشانىسىنى سىلايتتى، ئادەم كۆپ يەرگە ئېلىپ بېرىپ ئايلاندۇراتتى.

بىر كۈنى جەڭچىلەر ئات ئېغىلىدىن چىقىۋاتقان دۈمباق ئاۋازىدىن ئەجەبلىنىشتى. ئېغىلغا كىرىپ، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. شۇ تاپتا جۇرئەت دۈمباق چېلىپ چىلان تورۇققا «پەۋقۇلئاددە ئويۇن» كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ قۇرنىڭ نېرىسىغا باغلانغان چىلان تورۇق قۇلىقىنى يوپۇرۇپ كىشنەيتتى، پۇشقۇراتتى، تىنىمسىز تېپىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن جەڭچىلەر ھەيران بولۇشقان ھالدا:

— بۇ قەيەرنىڭ ئات كۆندۈرۈش ئۇسۇلىكەن؟

— ئاتقا ئويۇن قويۇپ بېرىۋېتىپتىغۇ؟

— ئاجايىپ ئىش ـ ھە! — دېيىشتى.

كەچقۇرۇن مەيداندا كىنو قويۇلۇۋاتاتتى. جۇرئەت چىلان تورۇقنى يېتىلەپ بېرىپ كىنو كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇردى. چىلان تورۇق ئادەملەر توپىدىن ۋە كىنودىكى گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن ئۈركۈپ، تېپىرلاپ جىم تۇرمايتتى.

— ھۇ، توخۇ يۈرەك، يالغان مىنانىڭ پارتلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇنچىۋالا قورقۇسەنۇ، رەسمىي جەڭ مەيدانىغا بارغاندا قانداق قىلىسەن! ؟ — دېدى جۇرئەت ئاچچىقى بىلەن. ئۇ بىر قولىدا نۇختىنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر قولىدا ئاتنىڭ يايلىنى سىيلايتتى. ئات پۇشقۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا تىنجىدى.

چىلان تورۇق ئاخىر كۆندۈرۈلدى. جۇرئەت ئۇنىڭغا ھەرخىل ئاۋاز بەلگىلىرىگە ئاساسەن تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئۆگەتتى. شۇنداق قىلىپ، چىلان تورۇق كارامەت چەبدەس جەڭ تۇلپارىغا ئايلاندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قارلار ئېرىدى، يېشىل مايسىلار باش كۆتۈردى. يۇقىرىدىن جەڭ مانېۋىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. جۆرئەت تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مانېۋىرغا تەييارلاندى.

مانېۋىر باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. باشقىلار جۆرئەتتىن ئەنسىرەيتتى. «تاڭ ـ تۇڭ، گۇلدۇر ـ گۇپپاڭ» قىلغان پىلىمۇت، زەمبىرەك قاتارلىق قوراللارنىڭ ئاۋازى بىردىنلا كۆككە كۆتۈرۈلدى. يەر ـ جاھان تىترەپ، ئىس ـ تۈتەك بىلەن قاپلاندى.

— جۆرئەت!

— بار!

— جەڭگە ئاتلان!

— خوپ!

بۇيرۇق بېرىلىش بىلەن تەڭ، جۆرئەت تولۇق قوراللانغان هالدا چىلان تورۇققا سەكرەپ مىندى ـ دە، ئوقتەك ئېتىلىپ ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدە چىلان تورۇق گاهى كۆرۈنۈپ، گاهى غايىب بولاتتى.

جۆرئەت كاماندا بەرگەن هامان چىلان تورۇق زىرەك ئادەمدەك زەمبىرەك ئوقى پارتلىغان ئازگالدا يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. جۆرئەت تىزگىنىنى تارتىش بىلەنلا ئات سەكرەپ تۇرۇپ كۆرسىتىلگەن تەرەپكە قاراپ چاپاتتى. ئۇلار توسالغۇ تام ۋە خەندەكلەردىن سەكرەپ ئۆتۈپ، هەش ـ پەش دېگۈچە قامالغان رايوندىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى...

— قاراڭلار، بەڭۋاش چىلان تورۇقنىڭ كارامىتىنى! — دېدى زەمبىرەكچىلەر لىيەنىنىڭ جەڭچىلىرى بەس ـ بەستە ماختاپ، — هەقىقەتەن قالتىس ئات بولۇپ يېتىشىپتۇ، جۆرئەتكە بارىكاللا!...

1961 ـ يىل 8 ـ ئاي، شىزاڭ

# ئىز بېسىش

لېيەنجاڭ ئەمەت قوتازغا مىنىپ، ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

8 ـ ئاي مەزگىلى، قەشقەردە هاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغاندى. بازارلاردا تۆكمە بولغان مېۋە ـ چېۋىلەر كىشىلەرگە هۇزۇر بېغىشلايتتى. شەهەرگە يېقىن يېزىلاردىكى كەڭ كەتكەن ئېتىزلاردا قوشلاپ باش تارتقان قوناقلار ۋە ئوخشىغان باشقا زىرائەتلەر يولۇچىلارغا ئەمگەك ئەجرىنىڭ مول نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

كەچ كىردى. ئەمەت ئۆدۈلدىكى بىرنەچچە تۈپ سۆۋادان تېرەكنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «يېتىپ كەلدىم!» دەپ پىچىرلىدى ـ دە، كۆڭلى باشقىچە سۆيۈنۈپ كەتتى. ئاھ، قەشقەر ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر قەدىرلىك ـ ھە! ئۇ بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى مۇشۇ تېرەك تۈۋىدە ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ خىيال سۈرگەن پېتى يۈسۈپ تاغىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

بۈگۈن يۈسۈپ تاغىنىڭ ئۆيى مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. يۇرتداشلار ئەمەت لېيەنجاڭنىڭ بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە يۈسۈپ تاغىنىڭ ئوغلى يولداش ھەسەننىڭ باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

«ھەسەن قۇربان بولدى» دېگەن خەۋەر گويا مىڭ پاتمان تاش ئۆركەشلەپ تۇرغان تارىم دەرياسىغا چۈشۈپ، دەريا سۈيى ئىككى

قىرغاققا شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ، غايەت زور ئاۋۇقۇن چىقارغاندەك بولدى. ئۆي ئىچىدە ھەممەيلەن سۈكۈتتە تۇرغان بولۇپ، قۇۋەت جىمجىت ئىدى. لىيەنجاڭنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئۇنچە ئۇزۇن جۈپ كۆز يۈسۈپ تاغىغا تىكىلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەر بوۋاينىڭ تېنىنى جۇغىدە قىلىپ، ئۇنىڭ ھېچقاچان ياش بىلەن نەملەنمىگەن كۆز چاناقلىرىغا ئۇنچە - مارجان تولدۇردى. لېكىن، ئۇ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇرۇش ئوتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم جەڭچى بولغاچقا ئىسىنى يىغىۋالدى.

— ھەسەن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى غەلىبىلىك قوغدىدى.

لىيەنجاڭنىڭ ئىپتىخارغا تولغان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. زەينەپخان ئانا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— يارايدۇ، بىز شۇنداق ۋەتەن سۆيەر پەرزەنتىمىزدىن پەخىرلىنىمىز، — دېدى.

— ھەسەن خەلق قوشۇنىدا تەربىيىلىنىپ چىققان ياخشى جەڭچى، ئۇ بىز قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى پەرزەنتى! — دەپ ئارقا - ئارقىدىن ماختاشتى يۇرتداشلار.

بۇ چاغدا ئەمەت لىيەنجاڭ سومكىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاقىۋىتى! — دېدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا سەپسالدى، ئۇ بىر دانە پولات قالپاق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرنەچچە تۆشۈك بار ئىدى. ئەمەت لىيەنجاڭ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن پولات قالپاقنى يەرگە تاشلىۋىدى داراڭلاپ كەتتى. يۇرتداشلار غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن «راسا باپلاپتۇ، ئوبدان جايلاپتۇ» دېيىشتى. ئارقىدىن ئەمەت لىيەنجاڭ قىزىل خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— بۇ يولداش ھەسەن بىزگە قالدۇرغان يادنامە! — دېدى.

يۇرتداشلار بۇ خاتىرىنىڭ ھەسەن ھەربىي سەپكە كىرگەن چاغدا يۇرتتىن تەقدىم قىلغان خاتىرە ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋال-دى. خاتىرىنىڭ بىر بۇرجىكى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان، ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن خەتلەر يېزىلغانىدى.

ھەسەننىڭ ئىنىسى ھۆسەن تاقەتسىزلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئاكام پارتىيە، خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بىز بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز. مەن ئاكامنىڭ مىلتىقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ چىلبۆرىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، — دېدى. زەينەپخان ئانا كىچىك ئوغلىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ـ دە، ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— يارايسەن ئوغلۇم، سەنمۇ ئاكاڭغا ئوخشاش جان تىكىپ ۋەتەننى قوغدىغىن، — دېدى. يۇسۇپ تاغا بولسا ئەمەت لىيەنجاڭغا قاراپ:

— بۇنى ئېلىپ كەتكىن، بۇ بىز پېشقەدەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىز! — دېدى.

قۇياش تەگرىتېغىدىن كۆتۈرۈلدى. يۇسۇپ تاغا ھۆسەن بىلەن ئەمەت لىيەنجاڭنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايروپىلان ئىستانسىسىغىچە كەلدى.

* * *

قىسىم باشلىقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھۆسەننىڭ ھەربىي سەپكە كىرىشى ماقۇللىنىپ، يولداش ھەسەن ھايات ۋاقتىدا تۇرغان لىيەندۈيگە تەقسىم قىلىندى. بۇ خەۋەر گويا باھار شامىلىدەك ھەممە بۆلۈك ـ پۇچقاقلارغىچە تارقالدى.

ھۆسەن لىيەندۈيگە يېتىپ كېلىشى بىلەن جەڭچىلەر خىزمەت

تەقسىماتى مەسىلىسىدە غۇلغۇلا قىلىشتى. بەزىلەر: «ھۆسەننىڭ روھلۇق، تېتىكلىكىگە قارىمامسىلەر، ليەنجاڭ چوقۇم ئۇنى ئالا-قىچى قىلىۋالىدۇ» دېسە، بەزىلەر: «ئۇ ھەقىقەتەن قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، بىزنىڭ زەمبىرەكچىلەر بەنىگە كەل-سە» دېيىشتى. ئىككىنچى بەننىڭ بەنجاڭى بولسا: «تالاشماڭلار، ھۆسەن بولسا بىزنىڭ بەنجاڭنىڭ ئىنىسى، ئۇنى بىزنىڭ بەنىمىز-گە تەقسىم قىلىش ئەلـۋەتـتە ئەقىلـگە مـۇۋاپىق ئـىـش» دەپ ۋارقىرىدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ليەنجاڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارىنى ئېلان قىلدى:

— يولداش ھۆسەن ئاشپەزلەر بەنىگە تەقسىم قىلىندى، قوي باقىدۇ.

ھۆسەن نەچچە كۈن كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ: «دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىپ ئىنتىقام ئالسام يۇرتداشلارنىڭ ئۈمىدى-نى يەردە قويمىغان بولاتتىم. ئەمدى كۈتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆككە سورۇلدى...» دەپ ئويلاپ روھسىزلاندى. ئەتىسى بەن-جاڭ ئۇنى قوتانغا باشلاپ كىرىپ ۋەزىپىنى ئېنىق تاپشۇردى، قويلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كىچىك بىر ئېغىز ئۆينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۈگۈندىن باشـلاپ بۇ يـەر سىـنىڭ جەڭ مەيدانىڭ بولىدۇ، — دېدى.

ھۆسەن، بەنجاڭ كەتكەنـدىن كېـيىن بىر قۇچاق ئوتـنى قويلارغا تاشلاپ بېرىپ ئويلىدى: «تازا گەپ بولدى، بۇ يەر مېنىڭ جەڭ مەيدانىممىش، ئۇنداق بولسا دۈشمەننىڭ ئۆزى تۇ-گۇل شولىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟». ئۇ ئىشىك يېنىدىكى ھاسىنى ئېلىپ ئەسـكەرلـەرنىڭ نەيزىـۋازلىق ھەرىكىتـىنى دوراشـقا باشلىدى.

— تاق - تاق!... تاق - تاق!...

بەنجاڭ رىتىمسىز سانجىلغان نەيزە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ليەنجاڭغا:
— ليەنجاڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بۇ يىگىتنىڭ نارازىلىقى قوزغالدى، — دېدى.
— شۇنداق! ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ باقايلى.

* * *

ياپىپىشىل قارىغايزارلىق، سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى شارقىراپ ئاقماقتا. ليەنجاڭ بىلەن ھۆسەن تاش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ھۆسەن كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ تاشلىدى. ليەنجاڭ ھۆسەننىڭ دۈشمەننى قىرىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
— ئىنقىلابىي خىزمەتلەر تۈمەن مىڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — ھەربىر خىزمەت خەلق مەنپەئىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، داچىڭلىقلارنىڭ نېفىت ئېلىشى، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى، بىزنىڭ قورال تۇتۇشىمىز بىر نىشانىنى يەنى ئېلىمىزنىڭ تىنچ، باياشات بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. جاھانگىر، ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. بىزنىڭ قىلىۋاتقان ھەربىر خىزمىتىمىزمۇ بۇ ۋەزىپە بىلەن زىچ باغلانغان. شۇڭا، تۆھپە قوشۇش ـ قوشالماسلىق قانداق خىزمەتنى ئىشلىگەنلىكىمىزگە باغلىق بولماستىن، بەلكى تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى قانداق ئىشلىشىمىزگە باغلىق.
ليەنجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۆسەننىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئېچىلدى. ئۇ توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ تۇردى ۋە خىجالەت بولغان ھالدا:
— ليەنجاڭ، ئەمدى چۈشەندىم، چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن،

www.uyghurkitap.com

بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيىتىمگە قاراڭ، — دېدى.

قىش كۈنلىرى قىسقا بولغاچقا كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا چىراغ ياندۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. چىراغ ياندۇرۇلدى. ليەنجاڭ كۆپچىلىككە جاكارلاپ مۇنداق دېدى:

— ياچېيكا ھۆسەننىڭ ئىككىنچى بەنگە يۆتكىلىشىنى قارار قىلدى. بۈگۈن ئاخشام ئۇ، قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

*   *   *

كېچە، توختىماي چىقىپ تۇرغان شىۋىرغان بىلەن بەسلەشكەندەك تېخىمۇ كۈچەپ يېغىشقا باشلىدى. ھۆسەن پوستقا ماڭدى. ئۇ تاغ چوققىسىدىكى قاراۋۇللۇق ئورنىغا يېتەي دەپ قالغاندا توساتتىن چىققان شىۋىرغان ئۇنى يىقىتىۋەتتى. ئۇ مىلتىقى بىلەن پەسكە دومىلاپ چۈشتى. ئۇ قاردىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۈستىبېشىنى سىلكىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «ھۆسەن چېنىققىن! . . . چېنىققىن! بۇ يەر جاپا - مۇشەققەت ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان ئوت يۈرەك قەھرىمانلارنى چېنىقتۇرىدىغان جەڭ مەيدانى! . . . » دېدى. ئۇ ئوق خالتىسىنى تۈزەپ قويۇپ داۋاملىق ئۆرلەشكە باشلىدى. . .

قار راسا بىر كېچە ياغدى. تاڭ ئاتتى، قۇياش چىقىپ قار ئۈستىگە قىپقىزىل لىباس كېيگۈزۈپ، تەبىئەتنى زەپمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ۋەزىپە ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، قايتىش يولىدا ئىككى تورۇق ئات تەڭ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ليەنجاڭ ئۈستۈېشى قار بولۇپ كەتكەن ھۆسەندىن سورىدى:

— بۇ يەرنىڭ شىۋىرغىنى قاتتىق، تاغلىرى ئېگىز، تەبىئىي شارائىتى ناچار، كۆنەلىدىڭمۇ، قانداق؟

— كۆنۈشتە گەپ يوق، — دېدى ھۆسەن كەسكىن جاۋاب بېرىپ، — شىۋىرغان قاتتىق بولسا ئىرادىنى چېنىقتۇرغىلى

بولىدۇ. بىز ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدىكى جەڭچىلەر جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۆزلۈكسىز چېنىقىشىمىز لازىم. شۇ چاغدا ئاندىن، ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالايمىز.

قۇياش ئېگىز كۆتۈرۈلدى. قارىغايلار تېخىمۇ يېشىللىقتا پۈركەندى. قۇياش نۇرى قارىغايلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، لىيەن ئىشخانىسى ئىچىگە چۈشۈپ ئۆينى يورۇتۇۋەتتى.

1963 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# مانېۋىر ئالدىدا

قاراڭغۇ كېچە، سىياسىي يېتەكچى پولات تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. مەن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتىم.

قارلار ئۇچۇپ تۇراتتى، سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى، كۈندۈزى جەڭچىلەر شىۋىرغانغا قارىماي 60 ـ 70 كىلومېتىر يول باسقاچقا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

لېيەن ئىشخانىسى جىلغىدىكى يۇلغۇنلۇققا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئىشىك يوچۇقىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، كادىرلار تېخىچە دەم ئالماپتۇ. مەن قەدىمىمنى تېزلىتىپ لېيەن ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. بىرنەچچە پارچە يامغۇرلۇقتىن ياسالغان ۋاقىتلىق چېدىر ئىچىدە لېيەنجاڭ بىلەن سىياسىي يېتەكچى جوۋىلىرىنى يېپىنچاقلاپ، پۇتلىرىنى بىر يوتقانغا تىققان هالدا قارىمۇقارشى ئولتۇرۇپ بىر نېمىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى. دۈم كۆمتۈرۈلگەن داس ئۈستىگە پەنەر چىراغ بىلەن سىياسىي يېتەكچىنىڭ تاماكا قۇتىسى قويۇلغانىدى. شىۋىرغان يامغۇرلۇق بىلەن ياسىغان چېدىرغا ئۇرۇلغاندا «پالاق ـ پۇلۇق» قىلغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى.

لېيەنجاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆرۈپ قالدى بولغاي:

— هوي! بۇ بىرىنچى بەننىڭ بەنجاڭىغۇ؟

— ۋاقىت تېخى بالدۇر، — دېدى سىياسىي يېتەكچى سائەتكە قاراپ، — نېمە ئۈچۈن شۇنچە بالدۇر پوستقا چىقىۋاتىدىڭ؟!

— ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ.

— ھە، ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە كىرگىن، — دېدى ليەنجاڭ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىككىڭلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، مەن بېرىپ ياتاقلارنى ئايلىنىپ كېلەي.

— ئېيتقىنا، ئىچىڭ نېمىشقا پۇشۇپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى سىياسىي يېتەكچى مەن يوتقانغا پۇتۇمنى تىقىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ سوئالغا دەرھال بىرنەرسە دەپ جاۋاب بېرەلمىدىم. بىرئاز ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى بايان قىلدىم:

— بۈگۈن ئېچىلغان ھەربىي دېموكراتىيە يىغىنىدا زەربىدارلىق ۋەزىپىسى 4 - بەنگە تاپشۇرۇلدى. بەنىمىزنىڭ «يولۋاس» بەن ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايانغۇ؟! بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى كۆكيار نېفىتلىكىدىكى كۈرەشتە بەنىمىز خىزمەت كۆرسىتىپ «چۆلدىكى پولات بەن» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. راستىنى ئېيتسام بەنىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى مانېۋىرغا قاتنىشىش تەلىپى كۈچلۈك، كەيپىياتى يۇقىرى. زەربىدارلىق ۋەزىپىسى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بەنگە تاپشۇرۇلمايدىكەن!؟ بۇ توغرۇلۇق مەندە قورساق كۆپۈكى بار.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى سىياسىي يېتەكچى ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ، — يەنە قانداق گېپىڭ بار؟

— سىياسىي يېتەكچى سىز ئېيتىپ بېقىڭا، بەنىمىزنىڭ ئىلگىرىكى نەتىجىلىرى كۈچكە ئىگىمۇ، ئەمەسمۇ؟ بىز زادى نېمىشقا بۇ قېتىمقى جەڭگىۋار مانېۋىرغا قاتناشمايمىز؟

— بۇنىڭ سەۋەبى سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، — دېدى سىياسىي يېتەكچى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ئىلگىرىكى نەتىجىلەر ئەلۋەتتە كۈچكە ئىگە. . .

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بەننى زەربىدار بەن قىلىپ بەلگىلىمىدىڭلار؟

— مەن سىلەرنىڭ زەربىدار بەن بولۇشۇڭلارغا تىلەكداش-

مەن، — دېدى سىياسىي يېتەكچى تاماكىسىنى ياندۇرۇۋالغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ، — كۆكياردىكى نېفتلىكتە كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈشتە ھەقىقەتەن قالتىس ئىش قىلدىڭلار. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىمۇ يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئىگە بولدۇڭلار. بىراق، 4 - بەن بىلەن تاكاللىشىشىڭلارمۇ گەۋدىلىك بولۇپتۇ...

ھەي!... شۇ ئىشنى ئويلىسام، ئاچچىقىم كېلىدۇ:

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى. بىز كۆكياردىكى نېفتلىككە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈۋاتاتتۇق. ئالىم بىر كونا چېلەكنى 4 - بەننىڭ بىر يېڭى چېلىكىگە ئالماشتۇرۇۋالدى. 4 - بەندىكى بىر جەڭچى بۇنى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇلار تاكاللىشىپ قالدى. ئالىم:

— سىلەر ئۈچۈن چېلەكنىڭ يېڭى ياكى كونا بولۇشى بەرىبىر ئوخشاش. يېڭى چېلەكنى بىز «يولۋاس بەن» ئىشلەتسەك تۆھپىمىزمۇ چوڭراق بولىدۇ، — دېدى. ئۇلار خېلى ماجىرالىشىپ قالدى. بۇ ئىشنى مەن ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىغانىدىم.

— ئويلاپ كۆرچۇ؟ زەربىدار بەن بولالمىساڭلار رەنجىمەسەن، بەندە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلسا ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلمايسەن، — دېدى سىياسىي يېتەكچى، — تۇرغىن، پوستقا چىقىدىغان ۋاقتىڭ بولدى. زەربىدار بەن ئەلۋەتتە كەمتەر بولۇشى، ئومۇمنى نەزەردە تۇتۇشى، ئىشلاردا باشقىلارغا ئۆگۈنۈشلۈق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

* * *

مەن كۆۋرۈك بېشىدا پوستتا تۇرغاچ، ناھايىتى خىجىللىق ئىچىدە ئويلىناتتىم: «سىياسىي يېتەكچىنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن توغرا. زەربىدار بەن ئەلۋەتتە ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم...»

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن يولغۇنلۇققا نەزەر تاشلىدىم، چىراغ تېخى ئۆچمەپتۇ.
ئالىم پوستنى ئۆتكۈزۈۋالغىلى كەلدى. مەن سىياسىي يېتەكچى بىلەن قىلغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىش نىيىتىدە ئىدىم. لېكىن، پوست ئورنىدا سۆزلىشىش ھەربىي ئۇستابقا خىلاپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تولۇق سۆزلىشىش ئۇچۇن ئوبدانراق ئويلىنىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلاپ، ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئاشپەزلەر بەندىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.
كۈئېنلۇن تاغ ئېتەكلىرىنى قېلىن قارلار قاپلىغانىدى. مەن قار كېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىدىم. بىر ئېدىردىن ئېشىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاشپەزلەر بەندىنىڭ كەپىسىدە پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆردۈم. ئوت يورۇقىدا بىر كىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئېگىشىپ بىر ئىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇنى ئاشپەزلەر بەندىنىڭ بەنجاڭى بولسا كېرەك دەپ پەملىدىم.
— بەنجاڭ، سۇيۇقئېشىڭ پىشتىمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلىپ كىردىم - دە، قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، ھېلىقى كىشى ئاشپەزلەر بەندىنىڭ بەنجاڭى بولماستىن بىزنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئىدى. مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:
— يولداش سىياسىي يېتەكچى، سىز قانداقسىگە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟
— ئاشپەزلەر بەندىكى يولداشلار بەك چارچاپ كەتتى. مەن ئۇلارغا ياردەملىشىۋاتىمەن، — دېدى سەمىمىي ئاھاڭدا، — توڭدۇڭمۇ؟
— ياق.
— «يولۋاس بەن»نىڭ جەڭچىسى ئەلۋەتتە توڭمايدۇ - دە، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ئادەتتە «يولۋاس بەن» دېگەن سۆزنى

ئاڭلىسام ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتەتتىم، لېكىن بۈگۈن كەيپىياتىم ياخشى بولمىغاچقا ئاپتوماتنى مۇرەمدىن ئۇيۇشۇرۇپ، چۆپ ئۈستىگە لاسسىدە ئولتۇردۇم ـ دە، سۇس ھالەتتە ئۆتۈندۇم:

— يولداش سىياسىي يېتەكچى «يولۋاس» دېگەن سۆزنى ئەمدى ئېغىزغا ئالمىسىڭىز، بىز شان ـ شەرەپكە توغرا مۇئامىلە قىلالمىدۇق. مۇددىئايىمىزمۇ توغرا بولمىدى. بۇ سەۋەنلىك ئال-دى بىلەن مەندە. مەن ھەقىقەتەن توغرا قىلالماپتىمەن. ھە دېسە شان ـ شۆھرەت، نام ـ ئاتاق قوغلىشىپتىمەن.

سىياسىي يېتەكچى ماڭا بىر قاچا ئاشنى ئۇسۇپ بېرىپ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن توغرا ئىدى. خىيالىم قۇشى ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە قاراپ ئۇچتى: ئۇ پارتى-يىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى بويىچە لېيەندىكى بارلىق كوماند-دىر ـ جەڭچىلەرنى يېتەكلەپ زور مۆجىزىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەل-تۈردى. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئىش-لاردىمۇ ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئىگە بولدى. لېكىن، ئۇ ھەر دائىم كەمتەر، قانائەتسىز بولۇپ، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىمىدى. بەلكى، تېخىمۇ تىرىشىپ پۇختا ئىشلىدى.

— يولداش سىياسىي يېتەكچى سىزگە رەھمەت. مەن سىز-دىن ئۆگىنىمەن، — دېدىم ئۇنى ماختاپ.

— مېنى ماختىماي قوي، — دېدى ئۇ سۆزىمىنى بۆ-لۈپ، — لېيەننىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشتە كۆپچىلىكنىڭ غەيرىتىگە، سىلەردەك يولۋاسلارغا تايىنىش كېرەك.

— توغرا، ھەرقانداق ئىشتا بىرەر ئادەم ياكى بىرەر بەننىڭ قابىلىيىتىگە ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ كۈچىگە تايىنىش كېرەك.

سىياسىي يېتەكچىنىڭ يۈزىدە يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋە

قىلدى. ئۇ مۇرەمنى قىقىپ تۇتۇپ تەكىتلىدى:
— ھە، بۇ گېپىڭ جايىدا، 4 - بەنمۇ چېنىقىشى لازىم. زەربىدار بەن بولۇشتىن مەقسەت — پۇتۇن ليەن ئۇچۇن يول ئېچىپ، جەڭ غەلىبىسىگە كېپىللىك قىلىشتۇر. ئەگەر باشقىلار بىلەن كارى بولماي، ئۆز بەنىنىڭ شۆھرەت قازىنىپ، نام ئېلىشىنىلا ئويلىغاندا، يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمىغانغا ئوخشاش ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.
— شۇنداق، سىياسىي يېتەكچى، — دېدىمەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — خەلق ئارمىيىسى تەركىبىدىكى ھەربىر ئۇلۇش كۈچ ئەلۋەتتە ئومۇمىي مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتۇشى، ھەممىنى شۇنىڭغا بېغىشلىشى لازىم.

* * *

ھۇجۇم سىگنالى چېلىندى. زەمبىرەك ئوقى بېشىمىزدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ پارتلاپ تۇراتتى. بىز «ئالغا! ھۇررا!...» دەپ توۋلىغان پېتى ئالغا ئېتىلدۇق. دەھشەتلىك شامال قۇلاق تۈۋىمدە گۈركىرىمەكتە ئىدى. پۇت - قولۇم يەرگە تەگمەي ئۇچقاندەك كېتىپ بارىمەن. ئۆمرۈمدە ھېچقاچان مۇنداق تېز يۈگۈرگەن ئەمەسمەن. تۇساتتىن دۈشمەننىڭ بىر پوتىيى ھۇجۇم يولىمىزنى قامال قىلىۋالدى. ليەنجاڭ قول ئىشارىتى قىلىپ «تېز يوقات!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن پارتلاتقۇچ دورا بولىقىنى ئېلىپ، «ئالىم ئارقامدىن ماڭ» دېدىم - دە، ئىككىمىز ئېگىزلىككە قاراپ ئېتىلدۇق. ئېگىزلىككە يامىشىپ چىقىۋېتىپ، تېيىلىپ چۈشتۇق. بۇ چاغدا 4 - بەنىنىڭ بەنجاڭى ئۇلارنىڭ بەندىكى ئېگىز بويلۇق، كونا جەڭچى سەمەتنى يېنىمدىكى پارتلاتقۇچ دورا بولىقىنى ئېلىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇدى. قاپقارا تۈتەك ئىچىدە دۈشمەننىڭ پوتىيى پارتلىدى. يولداش-

لار ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىنتايىن خىجىل بولغىنىمدىن بارلىق ئەزا-
لىرىمدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلدى.

ئويغىنىپ قارىسام، بۇ چۈشۈم ئىكەن. كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ
سەپسالسام ئۆڭكۈرگە غۇۋا يورۇق چۈشۈپتۇ. سىياسىي يېتەكچى
ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى يامغۇرلۇق چېدىرنى ئوڭشاۋېتىپتۇ. پېشانەمى-
دىكى مۇزدەك تەر ئەسلىدە شامال لەپىلدەتكەندە چېدىردىن ساقىپ
چۈشكەن سۇ ئىكەن.

— سىزمۇ ئازراق ئارام ئېلىڭ، — دېدىمەن سىياسىي
يېتەكچى پولاتقا. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قولىقىمغا پىچىرلاپ:

— ئاستىراق گەپ قىل. باشقىلارنى ئويغىتىپ قويىسەن.
بايا بىر دەم ئۇخلىدىم. ھازىر شامال يۆنىلىشى ئۆزگەردى. قار
ھەدەپ ئۆڭكۈر ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىۋاتىدۇ. بۇنى ئوڭلىۋېتەي.

بەنىمىز ياتـقان ئـورۇن بىر تەبىـئىي ئۆڭكۈر بولۇپ،
ئانچە - مۇنچە رېمونت قىلىۋېتىپلا سىغىشىپ ياتقانىدۇق. سىيا-
سىي يېتەكچى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن
قۇرۇش ھەققىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئۈچۈن، ياردەم بې-
رىشكە تۈنۈگۈندىن باشلاپ بەنىمىزگە چۈشكەنىدى. ئۇ، قەستەن
چەتتە ياتقان. قار ئۆڭكۈرگە ئۇچۇپ كىرسە ئەلۋەتتە بىرىنچى
بولۇپ ئۇ تويىاتتى.

سىياسىي يېتەكچىنىڭ بويى ئېگىز، ئۆڭكۈر پەس بولغاچقا
ئۇ چېدىرنى ئېگىشىپ، كۈچىنىپ ئوڭلاۋاتاتتى. مەن دەرھال
ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— سىياسىي يېتەكچى قالغىنىنى مەن ئوڭلىۋېتەي، —
دېدىم.

— ئۇخلاۋەرگىن، مانا تۈگىدى، — دېدى ئۇ ماڭا يول
بەرمەي.

ئۇنىڭ يوتقىنىنى تۈتۈپ كۆرسەم ئاللىقاچان مۇزلاپ كېتىپ-
تۇ. مەن يوتقىنىمنى ئېچىپ:

— كېلىڭ، بىرئاز ئىسسىنىۋېلىڭ، — دېدىم. لېكىن، ئۇ جۇۋىسىنى كېيىۋېلىپ:
— بولدى، ئورۇندىن تۇرۇش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. مەن بەنلەرگە بېرىپ قاراپ كېلەي، — دېدى - دە، ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى.

1964 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# رىشتە

3 ـ لېيەندىكى يولداشلار شىۋىرغانغا قارىماي قۇرۇلۇش مەيدانىدا بىر كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن، كەچتە ۋاقىتلىق تىكىلگەن چېدىرغا قايتىشتى. 2 ـ بەنمۇ ئۆزلىرى ئورۇنلاشقان ھەربىي ئائىلىسى ئانارخان ئانىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

جەڭچىلەر سايمانلىرىنى قويۇپ، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي، خەلق ئاممىسىغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە كىرىشىپ كەتتى. يېڭى جەڭچى ئەسقەر ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۆتۈكىنى يەڭگۈشلىۋېلىپ، چېلەكنى كۆتۈرۈپلا سىرتقا ماڭدى، كۆپ تولغاندىن كېيىن يەنە قورۇدىكى قارلارنى سۈپۈرۈشكە تۇتۇش قىلدى.

ئەسقەر ئۆتۈكىنىڭ قۇرۇمىغانلىقىنى كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا بىلدى. بۇنداق سوغۇقتا ھۆل ئۆتۈك كىيىپ پوستتا تۇرغاندا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، پۇت ئۈششۈپ قالاتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش گازارمىغا قاراپ يۈگۈردى. ياتاققا كىرىپ قارىسا ئۆتۈك يوق، ئەمما، ئۆتۈك قويۇلغان جايدا يېپيېڭى بىر جۈپ ئۆتۈك تۇراتتى.

— بۇ كىمنىڭ ئۆتۈكى؟ — سورىدى ئەسقەر ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— بىلمەيمىز، كىمنىڭكىكىن؟ — جەڭچىلەر باش لىڭشىتقاچ بىر ئېغىزدىن جاۋاب بېرىشتى.

ئەسقەر ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. بۇ زادى كىمنىڭكىدۇ؟ شۇ ئاسنادا ئۇ بۈگۈن ئىشلەۋېتىپ ئۆتۈكىگە سۇ كىرىپ كەتكەندە، لېيەنجاڭنىڭ: «ئىككىمىز ئۆتۈكىمىزنى ئالماشتۇرايلى» دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئەسكە ئالدىيۇ، پوستتا چىقىش ۋاقتى توشۇپ قالغاچقا، يېڭى ئۆتۈكنى كىيىپلا ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى چىقىپ كەتتى.

تاغ سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتەتتى، شىۋىرغان خۇددى ئاچ بۆرىدەك دەھشەتلىك ھۇشقىراتتى. ئەسقەر پوست ئالمىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇدۇل لىيەن شتابىغا باردى، بۇ چاغدا لىيەنجاڭ مۇتەللىپ ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئوتقا قاقلاۋاتاتتى. ئەسقەر شۇ ھامان تونۇدى، ئۇنىڭ قاقلاۋاتقىنى ئۆزىنىڭ ئۆتۈكى ئىدى.

— ھە، ئەسقەر، دەل ۋاقتىدا كەپسەن، كەل، ئۆتۈكۈڭنى كىيىۋال، — مۇتەللىپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— لىيەنجاڭ، سىز. . . ئۇنى قاچان ئەپكېلىۋالدىڭىز؟

— سەن ياخشى ئىش قىلىۋاتقان چاغدا.

مۇتەللىپنىڭ جەڭچىلەرگە خۇددى ئۆز ئىنىسىدەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئەسقەر ياخشى بىلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر ۋەقە گويا چاقماقتەك ۋاللىدە چاقناپ ئۆتتى: بۇنىدىن ئىككى يىل بۇرۇن يەرلىككە تەۋە مۇھىم بىر قۇرۇلۇش ئورنىدا 3 - لىيەن خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىۋاتاتتى. شۇ مەزگىلدىكى بىر قېتىملىق پارتلىتىشتا ھادىسە چىقىپ، ئىككى نەپەر خەلق ئەسكىرىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. ئاشۇ چاغدىمۇ مۇتەللىپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي يارىدار بولغانىدى. . .

— ئەسقەر، بۇ ئۆتۈك مېنىڭ ئەمەسقۇ؟ — ئەسقەرنىڭ ئۆزىگە يېپيېڭى بىر ئۆتۈكنى تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇتەللىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى.

— راست سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئۆتۈكۈمنىڭ بىر يېرى يىرتىق ئەمەسمىدى؟ خەقنىڭ ئۆتۈكىنى كۆتۈرۈپ كەپسەن - دە!

— ما ئىشنى، — ئەسقەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — بەندىكلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەمەس دەۋاتاتتىغۇ؟

www.uyghurkitap.com

— نېمىلا بولمىسۇن، ئالماشتۇرۇپ قويۇپسەن. بېرىپ سۇرۇشتۇرۇپ باققىن.

ئەسقەر ليەن شتابىدىن چىقىپ، قونالغۇغا قايتتى. پۈتۈن بەن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن، پەقەت يان تەرەپتىكى ئانارخان ئانىنىڭ ئۆيىدىنلا غۇۋا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەسقەر دېرىزىدىن ئانارخان ئانىنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتقان ئوغلى ئەنۋەرنىڭ تېخىچە ئۇخلىماي بىر نەرسىلەرنى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقماقچى بولدى.

— ئەنۋەر، بېرىپ ياتقىن، ئۆتۈكنى مەن ئۆزۈملا يامىۋېتەي.

ئۆي ئىچىدىن ئېنىق، ئەمما ئاستا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئىشىكنى چېكىشكە تەمشىلىۋاتقان ئەسقەرنى ئىختىيارسىز توختىتىپ قويدى.

— ياق ئانا، كۆزىڭىز بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى، بۇنى ئۆزۈملا پۈتتۈرۈۋېتەي، ئەتە ئۇلار يەنە ئىشلىگىلى بارىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەسقەر گەپلىشىۋاتقانلارنىڭ ئانارخان ئانا بىلەن ئەنۋەر ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىنلا تونۇدى. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشقانىدى. ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئىشىكنى ئاچتى.

— كېلىڭ، — ئۆي ئىچىگە كىرگەن ئەسقەرنى كۆرگەن ئەنۋەر بىلەن ئانارخان ئانا تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئاندىن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى.

— بۇ... سىز...

ئەسقەر دۇدۇقلىغىنىچە ئەنۋەرنىڭ قولىدىكى تېخى يامىلىپ بولمىغان ئۆتۈكنى قولىغا ئالدى.

— ھە، بۇ ئۆتۈك سىزنىڭمىدى؟ — سورىدى ئەنۋەر ئەسقەرگە تىكىلىپ قاراپ.

— ياق، بىزنىڭ ليەنجاڭنىڭكى ئىدى، — ئەسقەر ئاۋازىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپتىمەن، مەندىن رەنجىمەڭ، — ئەنۋەر ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى، — كەچتە تاغدىن چۈشۈپ قارىسام ياتىقىڭلاردا بىر يىرتىق ئۆتۈك تۇرۇپتۇ، ياماپ قوياي دەپ، ئۆزۈمنىڭ ئۆتۈكى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويغانىدىم. . .

ئەسقەر ھەممىنى بىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنىدى، ئەنۋەرگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيتتى. ئاھ، قەلب دېڭىزىنىڭ چوڭ-قۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان مېھىر - مۇھەببەت، سەن نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر قەدىرلىك-سەن - ھە؟!

ئەسقەر كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئەنۋەرنىڭ قوللى-رىنى چىڭ قىستى:

— رەھمەت سىزگە، يولداش ئەنۋەر!

1965 - يىل 10 - ئاي، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

# سەپەر ئۈستىدە

كۆئېنلۈن تېغىغا نەزەر تاشلىدىم. كۆئېنلۈن تېغى خۇددى بۇلۇت بىلەن بوي تالاشقاندەك ئېگىز ئىدى، 8 - ئايدىمۇ چوققىلىرىنى ئاپئاق قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ، كۈمۈش تونغا ئورالغان گىگانت ئادەمدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. مەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش سەپىرىمدە ئۆزۈمگە تونۇش بولغان بۇ «قەدىناس» چېگرا يولىدا يەنە مېڭىپ قالدىم ھەمدە ئىختىيارسىز ھالدا مېنى مۇندىن 25 يىل ئىلگىرى سەپداشلار بىلەن ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

كۆز كۈنلىرى ئىدى. كۆئېنلۈن تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ، سوغۇق خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. قىسىم ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى. كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ روھى ئۈستۈن، ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى. ماشىنىلار خۇددى قوڭغۇزغا ئوخشاش، يىلان باغرى يوللارنى بويلاپ، ئېگىز داۋانلاردا ئىلگىرىلىمەكتە. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئالدىمىزدا يەنە دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز داۋان تۇرۇپتۇ. مەن بارا - بارا نەپەسىمنىڭ قىسىلىۋاتقانلىقىنى، شالاڭ ھاۋانىڭ رېئاكسىيىسى بىلەن بېشىمنىڭ چىڭقىلىپ يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئايىنىپ، ئۈستۈمگە ئېسىۋالغان قورال، ئوق - دورىلارنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— يولداشلار! ۋەتىنىمىزنىڭ ئالىقانچىلىك زېمىنىمۇ خۇددى تېنىمىزدىكى قاندەك ئەزىز. بىز جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن باش-

قىلارنىڭ زېمىنىنى تالاشمايمىز. باشقىلارنىڭ ئالىقانچىلىك زې-
مىنىمىزنى بېسىۋېلىشىغىمۇ يول قويمايمىز. خەلق بىزدىن زور
ئۈمىد كۈتمەكتە! ۋەتەن بىزنى چاقىرماقتا. ھەر خىل قىيىنچى-
لىقلارنى يېڭىپ، جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
تىرىشايلى! . . .

بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق ئاۋاز - ھە! بېشىمنى كۆتۈرۈپ
بەنجاڭنىڭ تەمكىن چىرايىنى كۆردۈم. بەنجاڭ ئىسمائىل مەھەم-
مەت بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، قامەتلىك يىگىت بولۇپ،
ناھايىتى پاراسەتلىك ئىدى.

بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، داۋانلارنى ئېشىپ
كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتتۇق. ھەممەيلەن جەڭ ھازىرلىقى بىلەن
مەشغۇل ئىدى. بىز بىرىپلا شالاڭ ھاۋالىق چېگرا رايون كىلىما-
تىغا كۆنۈش يۈزىسىدىن دالا مەشىقىنى باشلىۋەتتۇق. مېنىڭ
ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بىلەن نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىپ دېمىم
سىقىلدى. كالپۇكلىرىم كۆكىرىپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى.
بەنجاڭ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— يولداشلار! بىز قىزىل ئارمىيىنىڭ قارلىق تاغلاردىن
ئېشىپ، ئوتلاقلارنى كېسىپ ئۆتۈشتەك شانلىق ئەنئەنىسىگە ئىز-
گە. بىز چوقۇم تەبىئەتنى باش ئەگدۈرۈپ ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى
ئاقلىيالايمىز! . . .

بەنجاڭنىڭ بۇ سۆزى ھەممىگە روھىي ئوزۇق بولماقتا ئى-
دى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىزىغىچە قارغا پاتقان بولۇپ، پاختىلىق
شىمىنىڭ تىزىدىن تۆۋىنى ئالىقاچان ھۆل بولۇپ كەتكەن، پۇچقى-
قىدىكى مۇز ئايىغىغا ئۇرۇلغاچقا پۇتى يېڭنە سانجىغاندەك ئاغرىيتتى.

مەن يوتقان - كۆرپىلىرىمنىڭ ئۈستىدىكى ئوق - دورا
ساندۇقۇمنى تۈزەپ قويدۇم - دە، قەدىمىمنى تېزلىتىپ سەپكە
يېتىشىۋالدىم ھەمدە يول ماڭغاچ، يەنە تۈنۈگۈنكى ئىشنى كۆز
ئالدىمغا كەلتۈردۈم:

تۈنۈگۈن دالا مەشىقىدە تاغنى ئايلىنىپ ياسالغان تاشيولدا يۈرۈش قىلىپ پۇتۇم قايرىلىپ كەتكەچكە ئارقىدا قالدىم.

— غالىب! پۇتۇڭ نېمە بولدى؟ — بەنجاڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ سورىدى.

مەن چىشىمنى چىشلەپ جاۋاب بەردىم:

— پۇتۇم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، بىراق، ھېچ ۋەقەسى يوق.

— ھەي، پۇتۇڭ قايرىلىپتۇ - دە! — ئۇ ئۇستۇمدىكى ئوق - دورا ساندۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يوتقان - كۆرپىسى ئۈستىگە قويدى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي:

— بەنجاڭ، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدىم. بەنجاڭ:

— نېمىشقا بولمايدىكەن، تېز رەك ماڭايلى! — دېدى - دە، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ھەممىمىز ئالدىمىزدىكى قىسىمغا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقاچقا، شۇنداق ئالدىراپ كېتىۋاتساق ئايلانمىدىن تۇيۇقسىز بىر ماشىنا چىقىپ كەلدى. بۇ ماشىنىنىڭ كەينى چاقىغا باغلانغان تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش زەنجىرى چاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇھاپىزەت تۆمۈر تاختىسىغا قاتتىق تەگكەنلىكتىن قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىراتتى. ئالدىمدا كېتىۋاتقان 6 - بەنىنىڭ زەمبىرەك سۆرىگەن ئېتى بۇ ئاۋازدىن ئۈركۈپ يولنىڭ چېتىگە قاچتى. ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ياسىن دىققەتسىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشتى، يولنىڭ ئىككى قىرغىقى تىك يار ئىدى. بەنجاڭ «خەتەرلىك» دەپ توۋلىدى - دە، ئۇچقاندەك ئالغا ئېتىلدى. ئۇ بىر پۇتىنى تاشقا تىرەپ، بىر قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇتتى. ئۈركۈپ كەتكەن ئات ئارقا پۇتى بىلەن بەنجاڭنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئىسمائىل مەھەممەت ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بەرمىدى. زەمبىرەك ئامان - ئېسەن ساقلاپ قېلىندى. ئەمما، بەنجاڭنىڭ پۇتى

يارىلانغانىدى. مەنمۇ يولداشلار بىلەن بىللە بەنجاڭنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم. بۇ چاغدا بەنجاڭ چىشىنى چىشلەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چېكىسىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر ئاقاتتى. كۆپچىلىك بەنجاڭدىن ئارقا - ئارقىدىن ئەھۋال سورىدى ھەمدە بەنجاڭنى ئاتقا مىنىشكە دەۋەت قىلدى. بەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدى.

— بەنجاڭ، سىزنىڭ پۇتىڭىز. . . — مەن قولۇمنى سوزۇپ ھېلىقى ئوق - دوراساندۇقۇمنى ئېلىۋالماقچى بولدۇم. بەنجاڭ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، تېزرەك ماڭايلى! — دەپلا ئوق - دورا ساندۇقۇمنى كۆتۈرگەن پېتى چوڭ قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

قىسىم ئېگىز - پەس تاغ يوللىرىدا جىرالارنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ جىرالارنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن «يولۋاس» چوققىسىغا چىقىشقا توغرا كېلەتتى. كۈچلۈك شامالدا ئاپئاق شايىغا ئورالغان بىپايان ئېگىز تاغلار ئالاھىدە مەغرۇر كۆرۈنەتتى، ئوق - دورا ساندۇقۇمنى كۆتۈرۈۋالغان بەنجاڭ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن قار - شىۋىرغانغا قارشى ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. كەچكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەن ئايىغىمنى ئەمدىلا سېلىپ تۇرۇۋىدىم، بىرەيلەن بىر داس ئىسسىق سۇنى ئالدىمغا قويدى:

— غالىب، پۇتۇڭنى تېزرەك يۇيۇۋالغىن.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام بەنجاڭ ئىكەن. ھاياجانلانغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. نېمىدېگەن ياخشى بەنجاڭ - ھە! ئۇ ماڭا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىشتىن ئەلا بىلەتتى. ئۇ بىزنىڭ ھەقىقىي شەپقەتلىك غەمگۇزارىمىز ئىدى. ئۇ مېنىڭ پۇت يۇيۇشۇمغا ياردەم قىلغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن يىپ - يىڭنە خالتىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىغىنە ۋە بىر تال ئات قىلىنى چىقىرىپ، ماڭا:

— بۇنى قاپارتقۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، ئەتە يۇتۇڭنىڭ قاپارتقۇسى جەزمەن ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

بەنجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.

* * *

يېرىم كېچە، ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى مېنى ئويغىتىۋەتتى. ئوچاقتىكى ئوتنىڭ يورۇقىدا بەنجاڭنىڭ ئاستا كىرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قولىدا بىر قولتۇق ئوتۇن بار ئىدى. ئۇ ئوتۇننى ئوچاقنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئۇستىبېشىدىكى قارنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئوت قالىغىلى تۇردى.

مەن تەسىرلەنگەن ھالدا:

— بەنجاڭ، پۈتىڭىز يارىلاندى، تاڭ ئاتقاندا يەنە يۈرۈش قىلىمىز، شۇنچە كەچتە. . . — دېيىشىمگە، بەنجاڭ ماڭا:

— گەپ قىلماي ئارام ئال، — دېدى ـ دە، ئۇستۇمگە يوتقاننى يېپىپ قويدى، ئارقىدىن يولداشلارنىڭ پاختىلىق شىم، ئاياغ كىيىم ۋە پايپاقلىرىنى ئوتنىڭ يېنىغا ـ تاش ئۇستىگە بىر ـ بىرلەپ يايدى. ئوچاققا سېلىنغان ئوتۇن چاراس ـ چۇرۇس قىلىپ كۆيمەكتە ئىدى. يېيىلغان نەرسىلەردىن ھور چىقىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىر خىل ھارارەتكە تولغاندەك بولدى. . .

دەل شۇ چاغدا، قاتتىق ياڭرىغان سىگنال ئاۋازى خىيالىمنى بۇزۋەتتى. ھوشۇمنى يىغىپ قارىسام داۋاندىن ئېشىپ بولۇپتۇق. ماشىنا بەنجاڭنىڭ ئىزى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋېتىپتۇ. . .

1973 ـ يىل 9 ـ ئاي، شىزاڭ

# تاغ بۇركۇتى

تاغ باغرىدا كېتىۋېتىپ، ھەيۋەتلىك پامىر تېغىغا زوق بىلەن نەزەر سالدىم. بۇلۇت بىلەن بوي تالاشقان تاغ چوققىلىرى قېلىن قار - مۇز بىلەن قاپلانغان. مەن بۇ قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىدا ياشايدىغان «بۇركۇت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇشنىڭ بارلىقىنى، ھاۋانىڭ قانچە سوغۇق، شىۋىرغانىنىڭ قانچە قاتتىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ خۇددى سەزگۈر كۆزەتچىدەك ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ئەنە شۇ بۇركۇتنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇ ئېگىز تاغ ئۈستىدە مەغرۇرلۇق بىلەن لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاشۇ ئۆتكۈر كۆزلۈك باھادىر قۇشنىڭ پەرۋازى ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىم، ھۆرمىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئۇ ئەتراپنى كۆزەتمەكتە ئىدى، قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايلىق قانات - قۇيرۇقلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— ئۇ بۇركۇتمۇ؟ — دەپ سورىدىم يېنىمدا تۇرغان چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ باشلىقى ئەزىمەتتىن.

— ھەئە، ئۇ پامىر تېغىدىكى قەيسەر بۇركۇت، — دېدى ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— ئۇنى يېقىندىن كۆرۈش مۇمكىنچىلىكى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن تېخىمۇ قىزىقىپ.

— يولداش كومىسسار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — بۇركۇتنى يېقىندىن كۆرۈشنى خالىسىڭىز بىزدە ھەقىقىي بۇركۇتمۇ بار.

— ھەقىقىي بۇركۇت! ؟ — مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم.

— ھەئە، ھەقىقىي بۇركۇت، — ئەزىمەت ماڭا «بۇركۇت»

www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇق ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى. . .

باتۇر بىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ تەرجىمانى، ھەر-بىي سەپكە كىرگىنىگە يىگىرمە نەچچە يىل بولغان پېشقەدەم جەڭچى. ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، رېماتىزم ۋە ئاشقازان كېسىلى بولسىمۇ، يەنىلا دېڭىز يۈزىدىن تۆت مىڭ مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى مۇز تاغ ئېتىكىدە كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇر-دى. ئۇ ھەمىشە: «بۇ يەر خەلق جەڭچىسىنىڭ ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى قوغدايدىغان جەڭ مەيدانى، مەن بۇ يەردە مۇشۇ تىلىم بىلەن ئارمىيە خەلقنىڭ پولاتتەك بىرلەشمە مۇداپىئەسىنىڭ كۆۋ-رۈكى بولىمەن» دەيدۇ.

يېقىندا ئۇ مەلۇم چېگرا ئېغىزىنىڭ چەكلەنگەن رايوندىكى جىلغا ئەتراپىدا ئىككى گۇمانلىق «تۇلكە» نى ئۇچرىتىپ، بىزگە مەلۇم قىلدى. يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پونكىت ئۇنى بىر قىسىم جەڭچىلەر بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىل-لەپ، «تۇلكە» لەر ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاساسلىق ئېغىزلارنى تو-سۇشقا مەسئۇل قىلدى. ئۇ چېگرىدىكى بارلىق جىرا، ئېغىز ۋە يەر شارائىتىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ ئۈچ كېچە ئىككى كۈندۈز ھېچنېمە يېمەي، ھېلىگەر «تۇلكە» لەرنى كۆزىتىپ ئا-خىر ئۇستىلىق بىلەن تورغا چۈشۈردى. ئۆزىمۇ بۇ قېتىم ھاۋادىن چۈشكەن قۇزغۇننى تۇتۇش جەريانىدا يارىدار بولدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىگە ئاساسەن «بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئالدى. ئۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنى ئائىلە، مۇشەققەتنى شەرەپ دەپ بىلىپ، كۆپ يىللاردىن بېرى ئاق قار، كۆك مۇز، شالاڭ ھاۋالىق چەت چېگرىدا جان دىلى بىلەن ئانا يۇرت مۇداپىئەسىنى قوغداشتا يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئارمىيە ۋە خەلق تەرىپىدىن «پامىر-دىكى بۈركۈت» دەپ تەرىپلەندى. ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇ ھەقىقىي بۈركۈتمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئەزىمەت.

مەن كۆكتىكى بۇركۇتكە يەنە زوق بىلەن تىكىلدىم. شۇ ئان كۆز ئالدىمدا بىر قەيسەر خەلق جەڭچىسىنىڭ سىيماسى نامايان بولدى. . .

مەن چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىدە يېرىم ئاينى ئۆتكۈزدۇم. بۇ چاغدا ھەدەپ قار يېغىپ، تاغ يوللىرىنى ئېتىۋەتكەنىدى. ۋەزىپەم ئورۇندىلىنىپ بولاي دېگەندە توساتتىن قاتتىق زۇكام بولۇپ يېتىپ قالدىم. قىزىتمام ئۆرلەپ بەكمۇ بىئارام بولدۇم. خۇدۇمنى بىلمەي ياتقىنىمدا، بىراۋنىڭ سوغۇق قولى بىلەن پېشانەمنى تۇتقانلىقىنى سەزدىم. كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ قارىسام، ئالدىمدا تولۇق ھەربىي فورما كىيگەن 40 ياشلاردىكى بىر ئايالەن تاماق تۇتقان ھالدا ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— سىز. . . سىز. . . — دېدىممەن ئىختىيارسىز ھالدا.

— يولداش كومىسسار، — دېدى يېنىمدا تۇرغان ئالاقىچى سۆز قىستۇرۇپ، — بىمارلارغا كۆيۈنۈش باتۇرنىڭ ئۆزاقتىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئالىيجاناپ خىسلىتى. ئۆتكەن قېتىم ئۇ بىر قىرغىز چارۋىچىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، 500 گرام قېنىنى تەقدىم قىلدى. . .

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ پونكىت باشلىقى ئەزىمەت تونۇشتۇرغان «بۇركۇت» نامى بار تەرجىمان — باتۇرنى ئەسكە ئالدىم.

— سىز تەرجىمان باتۇرمۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

مەن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئېھ، باتۇر بۇركۇت! سەن ئاددىي تەرجىمان، ئاددىي جەڭچىسەن. بىراق، سېنىڭ خىسلىتىڭ بەئەينى قىران تاغ بۇركۇتى.

قاراڭغۇ كېچە. شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا. جەڭچىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مېنىڭ زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. كۈندۈزى ھېرىپ - چارچاپ ئىشلىگەن باتۇر چىراغ تۈۋىدە جەڭچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، لۆڭگە - پايپاقلىرىنى يۇيۇپ ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ چېكىسىدىكى مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر ئۇنچىلىرى بەشتىكى ئوتنىڭ يورۇقىدا يالتىراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم. شۇندا يەنە مۇز تاغ ئۇستىدىكى قەيسەر بۈركۈت ئېسىمگە كەلدى. شۇنداق، مەن بۈركۈتنى يېنىمدىلا كۆرۈۋاتاتتىم، خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جاپا چېكىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ھەقىقىي قەيسەر بۈركۈتنى كۆرۈۋاتاتتىم...

1977 ـ يىل 5 ـ ئاي، تاشقورغان

# قىممەتلىك يالداما

شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى كائىناتنى يورۇتۇپ، تەبىئەت ھۆسنىگە يەنىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. بىز خەلق ئەسكەرلىرى ئەتىگەننىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ھوزۇرلانغان ھالدا، تۇنجى قېتىملىق جەڭگىۋار گرانات تاشلاش مەشىقى ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق.

— ۋارىس، گراناتنى ھودۇقماي تەمكىنلىك بىلەن تاشلا، چوقۇم دەل ھەم يىراققا تاشلىيالايسەن! — دېدى خەلق قوراللىق بۆلۈم باشلىقى ئابدۇرەھىم. گرانات تاشلاش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتىم. لېكىن، كىم بىلسۇن، قولۇمدىكى گراناتنى قەھر - غەزەپ بىلەن «دۈشمەن ئىستىھكامى» غا تاشلىغىنىمدا، بەك ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمدىن گرانات قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ يېقىنلا يەرگە چۈشتى - دە، ئۇنىڭدىن پىژىلداپ ئىس چىقىشقا باشلىدى.

— يات! — باشلىق مېنى قۇچاقلاپ يەرگە يىقىتتى. باشقا ھەمراھلىرىممۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى.

«گۇپپاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، گرانات پارچىلىرى ۋىژىلداپ قۇلىقىم تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىرھازادىن كېيىن يولداشلارنىڭ «باشلىق!... باشلىق!» دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. ئۆرۈلۈپ قارىۋىدىم، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى، چۈنكى باشلىقنىڭ يارىلانغان قولى ۋە پۇتىدىن قىپقىزىل قان ئېقىپ تۇراتتى.

قۇتۇلدۇرۇش ماشىنىسى باشلىقنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ

كەتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتتى، بىركۈنى [illegible] ئىشتىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن مېنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ بۆلۈم باشلىقى ئابدۇرەھىمنى يوقلاپ كېلىشىمنى ئۇقتۇرۇلدى. بىر تەرەپتىن خىجىللىق، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشاللىق ئىلكىدە كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم.

دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇدۇل ئابدۇرەھىمنىڭ ياتىقىغا كىرگىنىمدە، ئۇ كارىۋاتتا ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا: «باشلىق!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. كۆزلىرىمدىن خىجىللىق ۋە سېغىنىش ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

ئۇ مەندىن يېزىمىزنىڭ ئەھۋالى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىق ئەھۋالى قاتارلىقلارنى سورىدى. مەن بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردىم ۋە ئۆزۈمنىڭ گراناتنى قىرىق مېتىرغا تاشلىيالايدىغان بولغانلىقىمنىمۇ قوشۇپ قويدۇم. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۇ چاپىنىمنىڭ جەينەك قىسمى يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال سومكىسىدىن ئاھايىتى كونىراپ كەتكەن يىپ ـ يىڭنە خالتىسىنى چىقاردى ۋە:

— چاپىنىڭنى سالغىن، ياماپ بېرەي، — دېدى. مەن چاپاننى سېلىشنىڭ ئورنىغا گەپنى بۇراپ:

— باشلىق، يىپ ـ يىڭنە خالتىڭىز كونىراپ كېتىپتۇ، ئالماشتۇرۇۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

مېنىڭ بۇ سوئالىم كۈتۈلمىگەندە باشلىقنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى يوقاتتى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا بۇ كونا خالتىنىڭ تارىخىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

مەن، 1960 ـ يىلى 18 ياشقا تولغان چېغىمدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوبۇل قىلىنغانىدىم. ئىككى يىلدىن كې-

يىن جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشى پارتلىدى. مەنمۇ بۇ ئۇرۇشقا
قاتناشقانىدىم. ئۇ چاغلاردا پېشقەدەم بەنجاڭىم ئىسمائىل مەھەم-
مەت ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كىيىم ـ
كېچەكلىرىمنى ياماپ بېرەتتى، گرانات تاشلاش، قارىغا ئېلىش
قاتارلىق ھەربىي تېخنىكىنى ئۆگىتەتتى. بىر قېتىملىق جەڭدە
بىر پاي ئوق پاختىلىق چاپىنىمغا قىيپاش تېگىپ، تۆشۈك ئېچىۋ-
ۋەتكەنىدى. قاراقۇرۇم تېغىدىكى قاتتىق سوغۇق گويا بۇ تۆشۈك-
نى كۆتۈپ تۇرغاندەك، مېنى ھەرىدەك چېقىپ ناھايىتى بىئارام
قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ئىسمائىل بەنجاڭ يېنىدىن يىپ ـ
يىڭنە خالتىسىنى چىقىرىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە چاپىنىمنىڭ
تۆشۈك يېرىنى ياماپ بەردى. مەن ناھايىتى تەسىرلىنىپ: «رەھ-
مەت، بەنجاڭ» دېۋىدىم، ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇرەمنى
قېقىپ:

— ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىش ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك
ئەنئەنىسى. بۇنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا جارى قىلدۇرۇش
كېرەك، — دېدى.

بىر قېتىم يۇقىرىدىن بىزگە مەلۇم بىر ئېگىزلىكنى قايتۇ-
رۇۋېلىش، دۈشمەنگە تۇسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇل-
دى. بۇ قېتىم بەنجاڭ ئىسمائىل مەھەممەت پۈتۈن بەنگە دانالىق
بىلەن قوماندانلىق قىلدى. جەنۇبقا قاراپ قېچىۋاتقان دۈشمەنلەر-
گە تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭى ئەتىگەندىن كەچكىچە داۋاملاشتى.
نامەلۇم ئېگىزلىكمۇ قايتۇرۇۋېلىندى. ئىستىھكام ئالدىدا دۈش-
مەن جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. گۇگۇم چۈشكەندە بىز
ئاخىرقى قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى دۈشمەنلەر
توپ ـ زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىزنى ئوققا تۇتۇشقا
باشلىدى. تۇساتتىن بىر بومبا مېنىڭ يېنىمدىلا پارتلىدى. شىد-
دەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭلا بىر كىشى ناھايىتى چاققانلىق
بىلەن ئۆزىنى ئۈستۈمگە ئاتتى. ئۆرۈلۈپ قارىسام بۇ بەنجىڭىمىز

ئىسمائىل مەھەممەت ئىكەن. ئۇنىڭ كۆكرىكى ۋە بىرقانچە يېرى يارىلانغان بولۇپ، ھوشىدىن كەتكەنىدى. بىز ئىنسانلىق ئىچىدە ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. بىرھازادىن كېيىن، ئۇ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلىدى:

— داۋاملىق ئېتىڭلار! ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى!...

دۈشمەن يېقىنلاشماقتا ئىدى. «بەنجاڭ ئۇچۇن ئىنتىقام ئالايلى» دېگەن غەزەپلىك سادا ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۇرۇۋەتتى. بىز ئاخىر دۈشمەننى چېكىندۇردۇق.

پېشقەدەم بەنجاڭ ئىسمائىل مەھەممەت ۋەتەن ئۇچۇن شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. جەڭ ئاخىرلاشقاندا مەن ئۇنىڭ يىپ - يېڭنە خالتىسىنى تەلەپ قىلىپ ئېلىۋالدىم. شۇندىن بۇيان بۇ خالتا ماڭا قىممەتلىك يالداما بولۇپ قالدى...

باشلىق گېپىنى تۈگەتكەندە ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. مەن كونىراپ كەتكەن يىپ - يېڭنە خالتىسىغا قارىغىنىمچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. باشلىق بولسا چاپىنىمنىڭ يەنە باشقا يىرتىلغان يېرىنى ياماۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاققان ھەم جاراھەت ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان قولىغا قارىغىنىمدا كۈرەش قەھرىمانى ئىسمائىل مەھەممەتنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى...

1980 - يىل 4 - ئاي، قەشقەر يېڭىشەھەر

# پېشقەدەم جەڭچى ئېيتقان ھېكايە

2 ـ ئاي مەزگىلى، چۈشكە يېقىن، بوستان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىغا «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ ماشىنا كىرىپ كەلدى. ماشىنىدىن ھەربىيلەرگە خاس رەتلىك كىيىنگەن تۆت كىشى چۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 45 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، سېمىزرەك كەلگەن باشلىق سۇپەت بىر كىشى بىز بىلەن سالاملىشىپ قويۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخا-نىسىغا كىرىپ كەتتى. باشقىلاردىن ئۇنىڭ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ئاكا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. . .

* * *

خەلق ئەسكەرلىرىنى گرانات تاشلاش مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللار ئەگرى ـ بۈگرى يېزا يولىدا ئىغاڭلاپ ئاستا كېتىۋاتىدۇ. ئابدۇللا بۇجاڭ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا كوزۇپقا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ شۇنداق كەمتەر، چاقچاقچى ئادەم بولۇپ، يول بويى قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، بىزنى زادىلا زېرىكتۇرمىدى. چاقچاقلىرىمىز تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقاندا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈندۇم:

— ئاڭلىسام، سىز جەڭگە قاتنىشىپتىكەنسىز، ئاشۇ جەڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ؟

— توغرا، سۆزلەپ بېرىڭە؟! — باشقىلارمۇ پىكرىمنى قوللاشتى.

— بولىدۇ، سۆزلەپ بېرەي، — ئابدۇللا بۇجاڭ قويۇق ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ كۆزلىرىنى يىراقتىكى تاغ

چوققىلىرىغا تىككىنچە ھېكايىسىنى باشلىدى:
— مەن 1960 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دوستۇم مەخمۇت بىلەن بىرلىكتە ئارمىيىگە قاتناشتىم، ھەر ئىككىلىمىز ئېغىر پىلىموت لىيەنىگە تەقسىم قىلىندۇق. ئۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ، ناھايىتى چىقىشقاق، تىرىشچان يىگىت ئىدى. شۇڭا، ئۇ تېز ئۆتمەيلا، بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. شۇندىن كېيىن، بەنىمىزدىكى جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى، كەسپىي ئىقتىدارى كۆنسېرى ئۆسۈپ، داۋاملىق «ئىلغار بەن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتۇق...
1962 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بىز ھىندىستان تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىپ، ئېلىمىز زېمىنىنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلاندۇق. بەنىمىزگە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىدە، دۈشمەننىڭ 10 ـ نومۇرلۇق يوشۇرۇن ئىستىھكامىنى رازۋېد قىلىشقا بارغان لىيەندۈي، دۈشمەننىڭ ھېچقانداق قارشىلىقىغا ئۇچرىمايلا ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇ جايدا دۈشمەن قوشۇنى يوقلۇقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. شۇڭا، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 9 دا، قوماندانلىق شتاب بىزنىڭ كەينىمىزدىن يولغا چىقتى. بىز ئېغىر پىلىموت، ئاپتومات، يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان جەڭچىلەر يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ھەم ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدۇق.
ئۇشتۇمتۇت «تات ـ تات» لاپ ئېتىلغان پىلىموت ئاۋازى بىلەن تەڭ، ماشىنىمىز توختىدى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى، دۈشمەن بىلەن ئارىلىقىمىز ئارانلا 30 ـ 40 مېتىر بولۇپ، ئۇلار يوشۇرۇن، بىز ئاشكارا ئىدۇق. سەل بوشاڭلىق قىلىدىغان بولساق، بەنىمىزدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھالاك بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. مۇشۇنداق خەۋپلىك پەيتتە بەنجاڭىمىز تەم-

كىنلىك بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ، دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىد-
نى ناھايىتى تېز لا بايقىۋالدى ـ دە، بىزنى دەرھال ئېغىر پىلى-
موتقا ئوق بېسىپ، دۈشمەن ئوت كۈچىنى بېسىپ چۈشۈشكە
بۇيرۇدى. جەڭ شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتقان بىر پەيتتە، پىلىمو-
تىمىزنىڭ دىسكىسىغا ئوق تېگىپ، لېنتا ئۈزۈلۈپ كەتتى. لېن-
تىنىڭ بىر ئۇچى زاتورغا قاپلىشىپ قالدى، پاتورنىككە بىر تال
مىشەك قاپلىشىپ قېلىپ، پىلىموتتىن ئوق چىقماس بولۇپ
قالدى. بۇ چاغدا دۈشمەن ئوت كۈچىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى.
مەخمۇت بىزگە پىلىموت ستېۋولىنى ئالماشتۇرۇشنى بۇيرۇپ،
چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىدىكى ئاپتوماتنى سايرىتىۋەت-
تى. بىزگە قارىتىپ 82 كالىبىرلىق مىناميوتنى ئېتىشقا تەييار-
لىنىۋاتقان ئىككى دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. پوتەي تۆشۈكىدىن
ھەدەپ بىزگە ئوق ياغدۇرۇۋاتقان پىلىموتچىنىمۇ ئۆلتۈردى.
دۈشمەننىڭ بىر تال ئوقى ئۇنىڭ سول بىلىكىگە تېگىپ، بېقىنى-
نى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن بۇنى ھېچكىمگە تۇيدۇرمىدى.
پىلىموتىمىز ئوڭلىنىپ، يېڭىۋاشتىن سايراشقا باشلىدى.
پىلىموتقا ئوق توشۇۋاتقان سۇلايمان كوزۇپ ئۇستىدە ئۆمىلەپ
كېتىۋاتقاندا بوينىغا ئىسسىق بىرنەرسە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ بۇنىڭ
مەخمۇتنىڭ بىلىكىدىن چىقىۋاتقان قان ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە،
ئالدىراشچىلىقتا چالا ـ پۇچۇق تېڭىپ قويدى. ئەمما، قورساق
قىسمىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرمىدى. قان داۋاملىق ئاقماقتا،
لېكىن، مەخمۇت قىلچە تەۋرەنمەستىن، دۈشمەننى شىددەتلىك
ئوققا تۇتماقتا. . . كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ تەگكەن ئىككى
تال ئوق، ئۇنى پۇتۇنلەي ھالىدىن كەتكۈزدى. قولىدىكى ئاپتومات
چۈشۈپ كەتتى، ئۆزىمۇ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. . .
— يولداشلار، شىددەت بىلەن داۋاملىق ئېتىڭلار! — دېدى
ئۇ ھالسىز، ئەمما كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ۋەتەننىڭ
ھەربىر غېرىچ يېرى جېنىمىز بىلەن تەڭ. . . — ئۇ ئاغرىق

www.uyghurkitap.com

ئازابىدىن تولغۇنۇپ كەتتى. پىشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقتى. ئۇ ناھايىتى ئاستا ۋە زورۇقۇپ سۆزلەيتتى، — ئۇرۇشنى ئاخىرقى بىردىمىز قالغۇچە... داۋاملاشتۇرىمىز... يولداشلار، مەن... بولالمىدىم. سىلەر دۈشمەن بىلەن... جان تىكىپ ئېلىشىڭلار...

ئۇ جان ئۈزدى. دۈشمەنگە بولغان قەھرىمىز قىيانىدەك تاشتى. پىلىموتىمىز تېخىمۇ شىددەتلىك سايراپ كەتتى. دۈشمەنلەر بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماي، ئاسمانغا قارىتىپ قالايمىقان ئوق ئېتىشقا باشلىدى. بىز بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشتۇق. پىلىموت ئوقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ يولۋاستەك ئېتىلدۇق. دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئىستىھكامىنى بىتچىت قىلدۇق. دۈشمەندىن تۆتنى ئەسىر ئالدۇق...

— ئون نەچچە مىنۇتلا داۋام قىلغان بۇ جەڭدە، بىز دۈشمەننىڭ ئالتە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردۇق، — دېدى ئابدۇللا بۇجاڭ ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، — بەنجاڭ مەخمۇت بىلەن شوپۇر قۇربان بولغان، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بىلەن ياردەمچى شوپۇر يارىلانغان بولسىمۇ، قالغىنىمىز ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇق. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندە، بىز دۈشمەن ئىستىھكامىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ بولغانىدۇق. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، ھېلىقى دۈشمەن بىزنىڭ كېچىلەپ چارلاشقا كەلگەن لىيەندۈيىمىزدە ئادەم كۆپلۈكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇلارغا چېقىلمىغان، ئەمما بىزنىڭ ئون ئىككى ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىخەستە كېتىۋاتقانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغانىكەن...

ئابدۇللا بۇجاڭ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، بىزگە تىكىلدى. مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە تەلەپچان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ كۆزلەر مەندىن: «ھە يىگىت، سەن ئاشۇ قەھرى-

مانلارنىڭ ئىزىنى باسالامسەن؟» دەپ سوراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن كۆڭلۈمدە: «بۇجاڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم شۇلار- دەك قەھرىمان بولىمەن!» دېدىم ـ دە، مىلتىقىمنى كۆكسۈمگە مەھكەم باستىم...

1981 ـ يىل 10 ـ ئاي، قەشقەر يېڭىشەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بوۋاينىڭ رەھمىتى

شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش بىپايان زېمىنغا ئىللىق نۇر-نى چېچىپ، كىشىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرماقتا ئىدى. ئەتىگەنلىك سىگنالدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز ئىشلىرىغا قاراپ ئېقىشتى. مەن ئىشخانامغا كىرىپ تۇراتتىم، مۇھاپىزەتچى قەيسەر بىر دېھ-قان بوۋاينى باشلاپ كىردى.

— قېنى ئولتۇرسىلا ئاتا، — دېدىممەن دېھقانغا كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، سافانى كۆرسىتىپ.

بۇ كىشىنىڭ يېشى مۆلچەرىمچە ئاللىقاچان ئاتمىشتىن ئې-شىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىككى مەڭزى پىشقان ئانار دانىسىدەك قىپقىزىل ئىدى، سىياقىدىن قەھرىمانلارغا خاس كۈچ - قۇۋ-ۋەت، جۇشقۇن روھىي ھالەت سىزىلىپ تۇراتتى. قەددى - قامى-تى كېلىشكەن، قاڭشارلىق بۇ ئادەم، بېشىغا يېڭى بادام دوپپا، ئۈستىگە توپا رەڭ تون كىيگەن، بېلىگە باغلىغان ھاۋا رەڭ تاۋار بەلۋېغىغا كۈمۈش چۆلتىلىق يېڭىسار پىچىقى ئېسىۋالغانىدى.

بوۋاي ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئولتۇردى - دە، يەنە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قارا خۇرۇم سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى پەم بىلەن ئېچىپ، پىشۇرۇلغان گۆش، تۇخۇم، ھەر خىل مېۋىلەرنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قېنى مەرھەمەت، ئاز بولسىمۇ ئېغىز تەگسىلە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. مېڭەمگە تۇرلۇك ئويلار كەلمەكتە ئىدى: ھەي، بۇ ئۆتكەندە قىسمىغا كېلىپ ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسى-تىپ «ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ باش ئاغرىتقان ئادەم شۇ ئەمەسمۇ؟ ياق. بۇ كىشىنىڭ مەڭزى قىزىل، يېشى كىچىك-

رەك تۇرىدۇ. توختا، بۇ ھەقىچان قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭ-چىلەرنىڭ ئىختىيارى ئىئانە توپلاپ ياردەم قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقان زەمبىرەكچىلەر لىيەنىدىكى ھېلىقى جەڭچىنىڭ دادىسى بولمىسۇن يەنە؟ ياق، ئۇمۇ ئەمەس. بەلكى ئوغلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازغان ئادەم مۇشۇ بولسا كېرەك... ئىشقىلىپ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى پەملەپ ئۈل-گۈردۈم ۋە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئوغۇللىرىنى قىسىمدىن قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەللىمۇ؟

شۇ ئان دېھقانىنىڭ كۆزلىرى لاپ قىلىپ يۇمۇلدى - دە، نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزلىرىدە چۆچۈش ئالامىتى پەيدا بولدى.

— مەن سىلەرگە...

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدىم دېھقانىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئائىلىلىرىدە قىيىنچىلىق بولسا، تەشكىل ئېتىبار بېرىدۇ. ئوغۇللىرى قايسى لىيەندە ئىشلەيدۇ؟ ئىسمى نېمە؟

— ياقۇپ.

— ھە، ياقۇپ دەڭ، — مېنى زور ھاياجان ئىلكىگە ئالدى. ياقۇپ تۆەن بويىچە ئىلغار جەڭچى ئىدى. ئۇ نەمۇنىلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ، بىرنەچچە يىلدىن بېرى قىسىمنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ تىكلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەممەيلەن بى-لەتتى. مەن گېپىمنى داۋام قىلدىم، — ئۇ بۇ يىل ئىمتىھان بېرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدى.

— ئۇ ماڭدىمۇ؟ — بوۋاي ھاياجانلىنىپ ئالدىراش سورىدى.

— بايا ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇق.

— ھەي، — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

مەن بوۋاينىڭ ھالىتىدىن بىرئاز تىت - تىت بولدۇم. ئۇنىڭ زادى نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكى ماڭا تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. كۆڭلۈمدە: «ئۇ ئوغلىنى قىسىمدىن قايتۇرۇپ كېتىش تەلىپى بىلەن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ

بوۋايغا خىزمەت ئىشلەش قارارىغا كەلدىم.

— ياقۇپ قىسمىدا ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى. قىسمىتۇنىڭغا ئېھتىياجلىق، سىز خاتىرجام بولۇڭ. بىزمۇ قىيىنچىلىقىڭىزغا قاراپ تۇرمايمىز.

— ياق، ياق، — دېدى بوۋاي كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ، ئاقىرىپ كەتكەن كەكە ساقىلىلى جىددىيلەشكىنىدىن تىترەپ كەتتى، — مەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم.

— رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن؟

— شۇنداق، — دېدى بوۋاي غەرىزىنى چۈشەندۈرۈپ، — ياقۇپ قوشۇنغا كىرگەندىن بېرى جەڭچىلەر ماڭا دائىم ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇردى. قىسىم ئۇلارنى ھەقىقەتەن ياخشى تەربىيىلەپتۇ. مەن سىلەرگە چىن يۈرىكىمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى بىز دېھقانلارنى بېيىتتى، كات ـ ساندۇقىمىز ئاشلىققا، قوتان ـ ئېغىللىرىمىز چارۋىغا، يانچۇقىمىز ئاقچىغا تولدى.

بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يا كۈلۈشنى، يا سۆزلەشنى بىلمەي خىجىل بولغان ھالدا، ئېغىزىمنى ئېچىپلا تۇرۇپ قالدىم.

— بەختىمىز كۈنسېرى پارلاۋاتىدۇ، — دېدى بوۋاي داۋام قىلىپ، ئارمىيە ئۆز قوشۇنىمىز، ئۇلار بىزنى، ۋەتىنىمىزنى قوغدايدۇ. ئۇلار بولمىسا بىز قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمىز. ھەقىقىي سۆزۈمنى ئېيتسام، ياقۇپنى چىن كۆڭلۈمدىن سىلەرگە تاپشۇردۇم.

خۇشال بولغىنىمدىن بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم. مەندىنمۇ بەكرەك شادلىنىپ ھاياجانلانغان دېھقان بوۋاي ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ مېنى باغرىغا چىڭ باستى. تەسىرلەنگىنىمدىن مەنمۇ يىغلاپ سالدىم. قارىسام بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى ساقىلىنى تامامەن ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. . .

1981 ـ يىل 10 ـ ئاي، پەيزاۋات

# ئاچچىق ساۋاق

ئەيسا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقان هالدا ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئايالى پاتىگۈل دوختۇرخانىدىكى نۆۋەت-چىلىك ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئېرىنىڭ غەمكىن هالىتىنى كۆرۈپ سورىدى:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

ئەيسانىڭ ناهايىتى ئاچچىقى كەلگەنىدى، ئۇ ئوت چاقنىغان كۆزلىرىنى ئايالىغا تىككەن هالدا:

— ئەنۋەرنى. . . قولغا ئالدى! . . . — دېدى.

* * *

ئەنۋەر بۇ ئائىلىنىڭ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق بالىسى ئىدى، ئۇنى هەممىسى دېگۈدەك پەپىلەيتتى، بولۇپمۇ ئانىسى پاتىگۈل ئۇنىڭ هەممە تەلەپلىرىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ چوڭ بولدى. ئىدارە قورۇسىدىمۇ مۇشۇ خۇيى بىلەن ئۇستۇن ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ ئىدارىدىكى باللارنىڭ كۆپىنچىسىنى قورقىتاتتى، كۇچى يەتمىگەنلەرگە بول-سا ئانىسىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلاردىن دەردىنى ئالمىغۇچە ئارا-مىغا چۈشمەيتتى.

پاتىگۈل ئوغلىنىڭ باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان نوچى ئادەم بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ: «بىزنىڭ ئەنۋەرجان كىچىكلى-كىگە قارىماي قورۇدىكى باللارنىڭ هەممىسىنى قورقىتىدۇ» دەپ پەخىرلىنەتتى. لېكىن، ئەيسا بولسا ئوغلىنىڭ كۆپ ئىشلى-رىدىن نارازى ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ توغرۇلۇق خوتۇنى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە قېتىم گەپ تالىشىپ قالغان، لېكىن پاتىگول بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي كەلگەندى.

ئەنۋەر يەتتە - سەككىز ياشلارغا كىرگەن مەزگىل. ئۇلار باللار بىلەن بىرپەس ئوينىغاندىن كېيىن، ئادىشى بەزىنى باشلاپ ماشىنا ئىسكىلاتى ئالدىغا باردى. ئۇ يەردە رېمونت قىلىش ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلغان «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ ئاپتوموبىلىنى كۆردى - دە، ئۇستىگە چىقىپ رولنى تۇتۇپ بىردەم ئوينىدى. زېرىككەندىن كېيىن ئۆيدىن ئېلىۋالغان دادىسىنىڭ «خۇڭسەن» ماركىلىق پاپىرۇسىدىن بىر تالنى توغرا چىشلەپ تۇتاشتۇردى - دە، كۆيۈۋاتقان سەرەڭگە تالچىسىنى ماشىنا ئۇستىگە تاشلىدى. سەرەڭگە تالچىسى ئاپتوموبىلنىڭ چۈۋۈغلۇق تۇرغان ماي تۇرۇبىسىغا چۈشۈپلا ئوت ئالدى. رەھىمسىز ئوت ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلۈپ ئاخىر ئاپتوموبىلنى بىر دۆۋە تۆمۈر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى...

* * *

ئەنۋەر ھەر كۈنى دېگۈدەك، قورۇدىكى باللارنى يىغىپ قاتار قىلىپ، باشلىرىغا يېشىل ئوت - چۆپلەردىن ماسكىروپكا قىلدۇرۇپ، مۈرىلىرىگە ياغاچ قورالالرنى ئاستۇرۇپ، كىنولار- دىن كۆرۈۋالغان جەڭ ھەرىكەتلىرىنى قىلدۇراتتى. بەزىدە سەينادا ھۇجۇم جېڭىنى دورىسا، بەزىدە ئاشخانا ئەتراپىدا شەھەرگە ھۇ- جۇم قىلىش جېڭىنى دورىشاتتى. بىردە كامالەك بىلەن تاش ئېتىپ دېرىزە ئەينەكلىرىنى چاقسا، يەنە بىردە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ سەيلەرنى پېتىقلايتتى.

ئۇ كۆڭلىدە: «دادام باشلىق، نېمىدىن قورقاتتىم» دەپ ئويلايتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئېشىپ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى.

ئۇ بىر كۈنى «جەڭچىلىرى» گە ماگىزىندىن باللار ئوينايدى-
غان قورالللاردىن سېتىۋېلىشنى تاپشۇردى. باللار ئاتا - ئانىلى-
رىغا خەقىش قىلىپ، بىردىن ئاپتومات سېتىۋېلىشتى.

شەنبە كۈنى ئىدى. ئەنۋەر مەكتەپتىن كەلدى - دە، پوپكى-
سىنى تاشلاپ مەيدانغا چىقتى. يېرىم سائەت ئىچىدە باشقا باللار-
مۇ يىغىلىپ بولدى. ئۇ باللارنى قاتار قىلىپ مەشكە سېلىۋاتات-
تى، شۇ چاغدا، قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئەركىن چىقىپ كەلدى.
ئۇ پۇتلىرىنى بىر - بىرگە جۈپلەپ، تىك تۇرۇپ:

— رۇخسەت قىلىڭ بەنجاڭ، قاتارغا كىرىۋالاي، — دېدى
چاس بېرىپ.

ئۇ ئەنۋەردىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن قاتاردىن ئورۇن
ئالدى. ئۇ مۈرىسىگە ياغاچتىن ياسالغان قورالىنى ئېسىۋالغان-
دى. ئەنۋەر ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ تەنقىد قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ قورا-
لىنى ئۇنىڭغا بەردى - دە، ئۇچقاندەك ئۆيىگە كىرىپ، دادىسىنىڭ
ئوق بېسىقلىق تاپانچىسىنى ئېلىپ چىقتى ۋە چوشقا ئېغىلى
يېنىدىكى ئېتىزلىقتا باللارنى ئىككىگە بۆلۈپ جەڭگە سالدى.
ھەممىيلەن يوشۇرۇن ھالدا يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆمىلەپ
ئابرون ئىگىلىدى. ئۇ، ئۆز بەندىكىلەرگە ئالدى تەرەپتىكى
چوشقا كۈچۈكلىرىنى نىشان قىلىپ، ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق بەر-
دى، ئۆزىمۇ خۇددى يوقاتقان ھالدا، قولىدىكى تاپانچىنىڭ تەپكى-
سىنى باستى. «تاك - تاك!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، بۇرنى
بىلەن يەرنى قېزىپ بىر نەرسە تېرىپ يەۋاتقان چوشقا كۈچۈكىدىن
بىرنى تىك موللاق چۈشۈردى. ئالدى تەرەپتىن دۈشمەن پوزىتسى-
يىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان باتۇرغىمۇ ئوق تەگدى - دە، يارا
ئىزىدىن ئۇرغۇپ قان چىقىشقا باشلىدى. باتۇر دوختۇرخانىغا
ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي
جان ئۈزدى...

*        *        *

— ئەنۋەرنى قولغا ئالدى! . . .

ئېرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پاتىگۈل «ۋاي! . . .» دېدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى. ئۇ: «ئوغلۇم ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىردى. باشقىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ئون سەككىز ياشقا توشمىغان باللارنى قولغا ئالمايدىكەن، ھېچبولمىسا دادىسىنىڭ يۈزىنى قىلار، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلىسام ئۇنى قولغا ئالماس. . .» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. شېرىن خىياللار تامامەن يوققا چىقتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئارزۇلۇق، يالغۇز ئوغلىنىڭ پىراقىدا، ھەسرەت، پۇشايمان ئىلكىدە نالە ـ زار قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ۋاي ئىست! . . . ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە! . . .

1982 ـ يىل 6 ـ ئاي، قەشقەر

# راستچىل ئادەم

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى ئابدۇراخمان 5 - لىيەندە تەجرىبە يەكۈنلەش ئۈچۈن تۇرۇۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇ ماڭا: «يوتقان - كۆرپىلىرىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ» دەپ تېلېفون بەرگەندى.

كەچقۇرۇن مەن 5 - لىيەن تۇرۇۋاتقان بۇلاق كەنتكە كەلدىم ۋە كەنت بېشىدىكى تاغ تۈۋىدە لىيەن ئىشخانىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراي دەپ تۇرغىنىمدا:

— داۋۇت ئىش بېجىرگۈچى! — دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قارىسام ئۇ، ئىككىنچى بەننىڭ بەنجاڭى ساۋۇت ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى مەن 3 - لىيەندىن شى سىياسىي باشقارمىسىغا يۆتكەلگەن چېغىمدا ئۇ ئەمدىلا ھەربىي سەپكە كىرگەن يېڭى جەڭچى ئىدى. مەن ئىلدام بېرىپ كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— لىيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سىزنى كۈتۈۋالغىلى كەلگەندىم.

— ئابدۇراخمان قەيەردە؟

— ئۇ، چۈشكە يېقىن جۇن شتابىغا يىغىنغا كەتكەن، يىغىندىن كېيىن يەنە مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ، — ئۇ سۆزلىگەچ يوتقان - كۆرپەمنى قولۇمدىن ئېلىۋالدى، — ماڭايلى، تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، تاغدا تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن لىيەنگە قايتايلى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا نەچچە يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغدا بىرەرمۇ ئۆي

ۋە چىدىر كۆرۈنمەيتتى. مەن دەرگۇماندا سورىدىم:

— تاغدا تاماق يەمدۇق؟

— ھەئە، دالىدا تاماق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتىمىز، — دېدى ساۋۇت چۈشەنچە بېرىپ، — لىيەندۈي بۇلاق سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتىدۇ، شۇنداقلا يەنە لىيەندۈينىڭ ھەربىي ماھارەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دالىدا تاماق ئېتىش بىزنىڭ لىيەننىڭ بىر ئاجىز ھالقىسى. شۇڭا، لىيەنىمىز ئاشپەزلەر بەنىنى ياخشى تۇتۇشتىن سىرت، دائىم بۇدۈينى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، بەن - پەيلەر بويىچە ئوچاق قېزىپ تاماق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتىدۇ.

ساۋۇتنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدىم.

— دەسلەپتە بەزى ئوچاقتىن تۈتۈن چىقسا، بەزىسىدىن چىقمايتتى، تاماق خام قالاتتى، قايتا - قايتا مەشىق قىلغاندىن كېيىن يېڭى جەڭچىلەرمۇ ئۆگىنىۋالدى، — دېدى ساۋۇت داۋام قىلىپ، — تۇنۇگۈن ئاجۇرېن بىزنى «لىيەنىڭلار قۇرۇلۇش، تەلىم - تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇپتۇ» دەپ تەقدىرلىدى ۋە لىيەنجاڭغا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنى تاپشۇردى.

مەن تاماقتىن كېيىن كەنتكە قايتتىم. يولدا ئويلاندىم. 5 - لىيەننىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ھەم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقى خەۋەر قىلىشقا ئەرزىيدىغان پاكىت ئىدى. تاغدىن لىيەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. چىراغ يورۇقىدا ساۋۇتنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن تاغدا كۆرگەنلىرىمنى ئەسلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم. بىرسى ئىشىكنى چەكتى ۋە ئۆيگە كىردى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۇ ئەخمەت لىيەنجاڭ ئىكەن. مەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— يولداش ليەنجاڭ، سىز بىلەن ئازراق پاراڭلىشاي دېگەندىم. پۈتۈن ليەنىنىڭ دالىدا تاماق ئېتىش تەلىم - تەربىيىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، مەن. . . — سۆزۈم تۈگىمەيلا ئەخمەت ليەنجاڭ:

— ھازىر تېخى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ پۈتۈن ليەننى تېخىمۇ شۇنداق، — دېدى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

مەن: «ليەنجاڭ كەمتەرلىك قىلىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، سورىدىم:

— ئاجۇرىنىمۇ تەقدىرلەپتىغۇ؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ساۋۇتتىن.

— مەسىلە دەل شۇلارنىڭ بەندە، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاخشامقى ئوچاق مەشقىدە ئۇلار باشقا بەنلەردىن 13 مىنۇت كېيىن قالدى.

— ئۇنداقتا بۇ بىر بەننىڭلا ئىشىكەنغۇ؟

— جەڭدە بىر بەن ئەمەس، بەلكى بىر كىشى كەتكۈزۈپ قويسا جەڭ غەلىبىسىگە تەسىر يېتىدۇ! بىر ليەندە بىر بەن ناچار بولسا، ئۇ ليەننى ناھايىتى ياخشى بولدى دېگىلى بولمايدۇ. بىز بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىشىمىز كېرەك.

«بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىشىمىز كېرەك» شۇ ئاخشىمى مەن ليەنجاڭنىڭ بۇ سۆزىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى بىر ئىش كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. . .

* * *

مەن 5 - ليەندىن يۆتكىلىشتىن بۇرۇن ليەن ئىشخانىسىدا كاتىپلىق قىلاتتىم. ئەخمەت 1 - پەيىنىڭ پەيجاڭى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتە مەن يىڭ شتابىغا مەلۇمات جەدۋىلىنى ئاپىرىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

بېرىشكە باردىم. ئىشىكتىن چىقىشىمغا ئەخمەت پەيجاڭ يولۇقۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭدىن سورىدى:

— كاتىپ، خاتا تىزىملاپ قويمىغانسەن؟

— ياق، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدىم مەن ئىشەنچلىك ئاھاڭدا، — قازغان تېشىڭلار جەمئىي 50 دۆۋە، — پەيجاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىشقا كەتتى. مەن مەلۇمات جەدۋىلىنى يىڭ شتابىغا بېرىپ قايتتىم. بىر داۋاندىن ئەمدىلا ئېشىشىمغا بىر ئادەمنىڭ ئالدىراپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئەخمەت پەيجاڭ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغاندىن كېيىن، بىرەر ئىش سادىر بولدىمىكىن دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدىم.

— مەن سېنى ئىزدىگەنتىم، — دېدى پەيجاڭ ھاسىراپ تۇرۇپ، — مەلۇمات جەدۋىلىنى بېرىۋەتتىڭمۇ؟

— ھەئە.

— يامان بولدى، — دېدى پەيجاڭ يوتىسىغا بىرنى ئۇرۇپ.

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ سورىدىم:

— نېمە، يامان بولدى؟

— مەن بېرىپ قىزىلغان تاش دۆۋىلىرىنى تەپسىلىي ساناپ چىقتىم، 50 ئەمەس، 49 دۆۋە ئىكەن. بىر دۆۋىسى ئۆتكەن ئايدا قىزىلغان، ئۇ تىزىملىنىپ بولغان.

پەيجاڭنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىرمۇنچە جاپا چەككەنلىكىنى كۆرۈپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەنلىكىمدىن ئەپسۇسلاندىم. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن «ناھايىتى بىر دۆۋە تاش ئىكەنغۇ؟» دەپ ئويلىدىم - دە:

— پەيجاڭ، بۇنچىۋالا قىلىپ كەتكىلى بۇ بىر ئالتۇنمىدى؟ — دېدىم بىپەرۋالىق بىلەن.

— ئالتۇن؟! — دېدى ئۇ ماڭا تەنلىك بېقىپ، — ئالتۇننى قانداقمۇ راستچىل پوزىتسىيە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئۆتكەن ئاينىڭ سۈرئىتى ئۆتكەن ئايدىكى ئىش. بۇ ئاينىڭمۇ

ئۆزىگە تۇشلۇق ۋەزىپىسى بار. يالغانچىلىق بولۇپ قالسا ئومۇمىي پىلانغا تەسىر يەتمەمدۇ؟ مۇنداق بىپەرۋالىق قىلمايلى، يۈر، سانىنى ئۆزگەرتىپ كېلەيلى.

تاغ يولىنى بويلاپ مېڭىپ يەنە شتابقا كەلدۇق. ئىش ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. مەلۇمات جەدۋىلىنى ھېلىراق تۆەن شتابقا ئېلىپ كەتكەنىكەن. ئەخمەت ئارتۇقچە گەپ قىلماي ۋېلىسىپىت بىلەن تۆەن شتابقا قاراپ يول ئالدى.

* * *

ئەخمەت ئەنە شۇنداق ئادەم. ئۇ مېنىڭ بۇ توغرۇلۇق ماقالە يېزىشىمغا قوشۇلمىغانىكەن، مەن قانداقمۇ زورمۇزور يازاتتىم. شۇنداقتىمۇ ماقالە يېزىش ئويۇمدىن ۋاز كەچمىدىم. چۈنكى، بۇ تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش ئىدى. 2 ـ بەننىڭ دالىدا ئىسسىز ئوچاقتا تاماق ئېتىش سۈرئىتىدە بىر يۈكسىلىش بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. «2 ـ بەننىڭ دالىدا ئىسسىز ئوچاق بىلەن تاماق ئېتىش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى سەۋەب زادى قەيەردە؟» دەپ تەكرار ئويلاندىم ۋە بىۋاسىتە 2 ـ بەنگە بېرىپ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ باقماقچى بولدۇم.

بىركۈنى ئاخشىمى 1 ـ پەيدىكى يولداشلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ قايتقىنىمدا يولنىڭ ئۇ چېتىدىن گۈرجەكنىڭ تاشقا سوقۇلغان ئاۋازى ۋە كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئاڭلاندى:

— . . . ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇگۈن كەچتە سىلەرگە ئوخشاش ۋاقىت بېرىلدى. نېمە ئۈچۈن بىرىنچى قېتىمدا مەغلۇپ بولۇپ، بۇ قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭلار؟ — بۇ ئەخمەت لىيەنجاڭنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بىرىنچى قېتىم ئوچاقنىڭ تۈرخۈننى قېزىشىمىز بەك قول تۇتۇپ كەتتى، — بۇ ساۋۇتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— دۇرۇس! گەپ دەل مۇشۇ يەردە، — دېدى لىيەنجاڭ جاراڭلىق سۆزلەپ، — سىلەرنىڭ قازغان تۇرخۇنۇڭلارنى كۆرۈدۇم. ئۇ بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنىكەن، بۇدا قازغىنىڭلاردا قىسقىراق بولۇپتۇ، ئاساسىي ئىس يولى بىلەن تاماق ھورى يولى ئېنىق ئايرىلىپتۇ، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە مۇۋاپىق كەپتۇ. مۇشۇداق بولغاندا ئىسنىڭ راۋان مېڭىشىغا كېپىللىك قىلغىلى بولىدۇ.

— لىيەنجاڭ، بىز يەنە بىرقانچە قېتىم مەشىق قىلساق قانداق؟

— ياخشى، بىز بىرلىكتە مەشىق قىلايلى.

ئەتىسى ئەخمەت لىيەنجاڭنى ئىزدىدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتىم، ئاندىن كېيىن ماقالىنى يېزىشقا كىرىشتىم. ماقالىنى پۈتتۈرۈپ تۇرۇشۇمغا ئاجۇرىن كېلىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا 5 - لىيەندە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى، ماقالىنى يېزىشتىكى تەپسىلىي جەرياننى دوكلات قىلىپ، ماقالىنى ئۇنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەردىم. ئاجۇرىن سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ماقالەمنىڭ تېمىسىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئەخمەت لىيەنجاڭ كۆردىمۇ؟

— كۆرمىدى.

— ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇ ھەممە ئىشتا راستچىللىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، — ئاجۇرىنىنىڭ سۆزى مەن ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىلھام بولدى. مەن ماقالەمنى يەنە باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىقتىم. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆز - جۈملىلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن ئۇنى ئەخمەت لىيەنجاڭغا سۇندۇم. ئۇ، ماقالەمنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى.

— ياخشى بولۇپتۇ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — بەزى جۈملىلەرنى ئۆيلىشىپ باقساق قانداق؟ قىلىنماقچى بولغان ئىشنى قىلىنىپ بولغان قىلىپ كۆرسىتىش راستچىللىق ئەمەس.

مەن ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدىم، دەرھال قەلىمىمنى ئېلىپ ماقالەمنى شۇ يەردىلا ئۆزگەرتتىم.

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى تېخىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلىماقتا ئىدى:

— بىز ھەرقاچان سەمىمىي، راستچىل بولۇشىمىز لازىم! . . .

1983 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مومايىنىڭ ھىممىتى

— ئىنقىلابىي ھەربىيلەر ئەستە تۇتايلى، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەتنى! . . .

قىسىم ھەيۋەتلىك ناخشا ساداسى ئىچىدە يېڭىباغ كەنتىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

كەنتكە يېتىپ بېرىشقا يەنە ئىككى - ئۈچ چاقىرىمچە قالغان بولسىمۇ، مەيىن شامال ئېلىپ كەلگەن كەنتتىكى رادىئو كانىيىنىڭ ئاۋازى خېلىلا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قىسىم كەنتكە يېتىپ كېلىشى بىلەن، كەنت بېشىدا خېلى بۇرۇنلا ساقلاپ تۇرغان خەلق ئاممىسى ئۇلارنى گۈررىدە ئورىۋېلىپ، بەس - بەستە يۇك - تاق، قورال - ياراغلارنى كۆتۈرۈشكە ياردەملەشتى، جەڭچىلەر بىلەن ئەھۋاللاشتى. كەنت بىردىنلا قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى.

شۇ ئەسنادا چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ تۇرقىدىن تىمەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر موماي يېتىپ كېلىپ، جەڭچىلەر ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئىزدەشكە باشلىدى، موماي ھەربىر جەڭچىگە زەڭ قويۇپ قارىماقتا ئىدى، قوشۇن ئۆتۈپ بولاي دېگەن چاغدا ئۇنىڭ كۆزى قازان - قومۇچ يۈدۈۋالغان يەتتە - سەككىز جەڭچىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئاشپەزلەر بەنىنىڭ جەڭچىلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. موماي ئىنتايىن خۇشال بولدى - دە، ئۇلار تەرەپكە قاراپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئاشپەزلەر بەنىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئەركىن شەھەرلىك يېڭى جەڭچى بولۇپ، بۇ يىل ئەمدىلا ئۇن سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشپەزلەر بەنىگە كەلگەندىن بېرى قازاننى يۈدۈپ

مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ، باشقا سەپداشلارنىڭ ئاپتومات، مىلتىقلارنى ئېسىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھەيۋەتلىك كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا قارا قازاننى يۇدۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇراتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك بىر مومايىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھۇپپىدە قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ كېچىككەندى. موماي توغرىدىن - توغرىلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، سورىدى:

— شاكىچىك، سىلەر ئاشپەزلەر بەنىغۇ دەيمەن؟

— ھە شۇنداق، — ئەركىن پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— سىلەرنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەندۇق، يۇرۇڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، مەن ھەممە نەرسىلەرنى تەل قىلىپ قويدۇم.

موماي ئەركىن يۇدۇۋالغان قازاننى ئالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا مۇئاۋىن لېيەنجاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى - دە، — مومايغا سالام قىلىپ:

— سىلەرنىڭ بەن گۈلنارخان ئانىنىڭ ئۆيگە ئورۇنلىشىدۇ، — دېدى ئۇ جەڭچىلەرگە قاراپ، ئارقىدىن مومايىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى:

— گۈلنارخان ئانا بولسا ھەربىي ئائىلە، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە «8 - مارت بايراقدارى» ئۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن نەۋرىسى بىلەن ئولتۇرغان چوڭ بىر ئۆينى بىزگە بوشىتىپ بەردى. گۈلنارخان ئانا ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ مېھرىبان ئانىمىز. سىلەر گۈلنارخان ئانا بىلەن بىرگە تۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭدىن ياخشى ئۆگىنىشىڭلار كېرەك.

گۈلنارخان ئانا ئىككى داسنى كۆتۈرۈپ جەڭچىلەر بىلەن

يول بويى قىزىق پاراڭلىشىپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەي جەڭچىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. تۆت تېمى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيي پاك ـ پاكىز تازىلانغان، قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن مەش كىشىلەر-گە هۇزۇر بېغىشلايتتى. قايناق سۇ قاچىلانغان ئىككى چوڭ چېلەكتىن هور چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى يېڭىدىن سې-لىنغان ئوچاقنىڭ يېنىدا كەسلەپ قويۇلغان قۇرۇق ئوتۇنلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇنى گۈلنارخان ئانىنىڭ جەڭچىلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى.

گۈلنارخان ئانا بىر تەرەپتىن يولداشلارنىڭ قازان ـ قومۇچ-لىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەملەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن يول-داشلارنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋېلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ جەڭچىلەرنى خۇددى ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەن بالىسىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىزغىن كۈتۈۋالدى. پەيجاڭ ئەنۋەر نەر-سە ـ كېرەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاچ، گۈلنارخان ئانىغا:

— بىز ئۆيىڭىزگە چۈشۈپ سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى.

گۈلنارخان ئانا:

— نېمە دېگىنىڭ بالام بۇ، سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگە-نىڭلار خۇددى ئۆز ئۆيۈڭلەرگە كەلگىنىڭلەرگە ئوخشاش، مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم، كېلىنىم ناھىيىلىك خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە ئىش-لەيدۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، كىچىك ئوغلۇمنىڭ ھەربىي سەپكە كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى. ئۇ خېتىدە ئەشپەزلەر بەندە ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاڭلى-شىمچە قىسىمغا بارغاندىن كېيىن زور ئىلگىرىلەپتۇ، ئۆتكەن ئايدا پارتىيىگە كىرىپتۇ، مەن سىلەرنى كۆرۈپ خۇددى ئۆز ئوغلۇمنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇۋاتى-مەن. سىلەرگە نېمە كېرەك بولسا تارتىنماستىن دەۋېرىڭلار، چوقۇم تەييارلاپ بېرىمەن، — دېدى.

— يولداشلار ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، دەرھال تاماق ئېتىشكە تەييارلىق كۆرەيلى! — بەنجاڭ جەڭچىلەرگە ۋەزىپە تاپشۇردى.

گۈلنارخان ئانا جەڭچىلەرنىڭ تاماق ئەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەڭلىرىنى تۈرۈپ:

— مەنمۇ سىلەرنىڭ بەنىڭلارنىڭ بىر جەڭچىسى بولاي، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى، قىسىم يەنە دالا تەلىم - تەربىيە مەشىقىگە ئاتلانماقچى بولدى. بەنجاڭ ئەركىننى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆيدە قېلىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشنى تاپشۇردى. ئۆزى، قالغان يولداشلار بىلەن كەچلىك تاماق ئېتىش، يولدا يەيدىغان ئوزۇقلارنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

ئەركىن ھەممە ئىشنى ياخشى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچى ۋە تېشىنى پاك - پاكىز سۈپۈردى، گۈلنارخان ئانىنىڭ تۈڭىنى سۇغا تولدۇردى، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ قورالىنى تازىلاشقا كىرىشتى.

گۈلنارخان ئانا بۈگۈن ئىشتىن بالدۇر چۈشۈپ ئۆيگە قايتقانىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا خۇشال ھالدا جەڭچىلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل بىئاراملىق بىلىنىپ تۇراتتى. موماي ئاشپەزلەر بەندىكى جەڭچىلەرنىڭ يۇيۇپ قويغان كىيىملىرىنىڭ قۇرۇغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى يىغىۋېلىپ، ھەربىر كىيىمنى سىنچىلاپ تەكشۇرۇپ چىقتى - دە، ئۇ يەر - بۇ يېرى يىرتىلىپ كەتكەن كىيىملەرنى ياماشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى مۇرىسى يىرتىلىپ كەتكەن بىر چاپان بار ئىدى، موماي كۆڭلىدە: «بۇ ئەركىننىڭ چاپىنى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇ قازان يۇدۇپ ماڭغانلىقتىن چاپىنىنىڭ ئىككى مۇرىسى ئاسانلا يىرتىلىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، ئەركىننىڭ قازان كۆتۈرۈپ ئىزا تارتقان ھالدا

يولدىن ئۆتكەن چاغدىكى ھېلىقى قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۇرەتلەندى.

موماي كىيىملەرنى ياماپ بولغاندىن كېيىن، رەتلىك قالانـ-غان كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ ئاشپەزلەر بەنى تۇرغان ئۆيگە كىردى. موماي:

— بۇگۇن كىچە يولغا چىقىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دەپ سورىدى جەڭچىلەردىن.

— سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلگەن يەردە مەن بىلمەي قالارمەنمۇ؟ بىر قانچە كۈن تۇرا - تۇرمايلا كەتمەكچى بولۇۋېتىپـ-سىلەر، سىلەردىن ئايرىلىشقا زادى كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ، — موماي ئەركىنگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ ساڭا ئازراق گېپىم بار ئىدى بالام، چولاڭ تېگەمدۇ؟

— دەۋېرىڭ ئانا، ۋاقىت بولمىسىمۇ چىقىرىمىز - دە.

موماي ئەركىنىنىڭ شۇنچە خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ كۈـ-لۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئوغلۇم ياسىنجانغا بىر پارچە خەت يازدۇرماقچى ئىدىم.

موماي تارتمىدىن قەغەز ئېلىپ ئەركىنگە سۇندى، ئۇ سۆزىـ-نى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن ئاۋۋال دېمەكچى بولغان مەقسىتىمنى ساڭا ئېيتاي، سەن شۇنىڭغا ئاساسەن يازساڭ بولىدۇ. ئالدى بىلەن كەنتىمىزدىـ-كىلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھالال ئەمگەككە تايىنىپ بېيىغانلىق ئەھۋالىنى يازغىن. ئۆيىمىزدىن ئەنسىرىمىسۇن. قىـ-سىمدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىسۇن، — دېدى.

موماي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سەل توختىۋېلىپ، ئەركىنىنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم ياسىنجان قىسىمغا بارغاندىن كېيىن ساڭا ئوخـ-شاش ئاشپەز بولدى. دەسلەپتە ئۇ تاماق ئېتىشنىڭ ئىستىقبالى

يوق دەپ ھېس قىلغان، يازغان خېتىدىمۇ بۇ ھەقتە سۆز ئېچىش-تىن خىجالەت بولغانىكەن. كېيىن ئۆزى چۈشىنىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ خاتىرجەم ياخشى ئىشلەش-نىڭ لازىملىقىنى ئېيتتىم. ئاشپەزلىك ئەسلىدىلا ئوبدان ھۈنەر، ئۆگىنىپ قويسا قىسمىدىن قايتىپ كەلگەندە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئاشخانا ئېچىپ بەرسەم شۇنىڭغىمۇ ئەسقاتار، قانداق دېدىم؟

ئەركىن ئاڭلىغاچ يېزىۋاتاتتى. ئۇ ياسىنجاننىڭ ئاشپەزلەر بەنىگە بارغان دەسلەپكى چاغدا ئۆزىگە ئوخشاش ئويدا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندى. كېيىن ياسىنجاننىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئۆزىدىن تېز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈزى ھۈپپىدە قىزىرىپ كەت-تى. ئەڭ ئاخىرىدا گۈلنارخان ئانىنىڭ سۆزىنىڭ ياسىنجانغا ئەمەس، بەلكىم ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى سېزىپ، خەت يېزىشنى توختىتىپ:

— گۈلنارخان ئانا، — دېدى ئۇ خىجالەت بولغان ھالدا، — ياسىنجان ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم ئىكەن، مەن . . . راستىنى ئېيتسام گازارما ئىچىدە تاماق ئېتىشتىن قىلچىمۇ ئىزا تارتمايمەن، لېكىن، كوچىدا قازاننى يۈدۈپ مې-ڭىش ماڭا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ.

— شۇنداقمۇ ئويلامدىغان، بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىرى-شىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەننى قوغداپ، تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى ياخ-شى ئىشلەپ، خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەركىن ئويلاپ كۆرۈڭە، بىز كۈن بويى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمىزغۇ؟ كىم بۇنى سەت ئىش دەپ ئېيتالايدۇ. سىزنىڭ قازان يۈدۈپ ماڭغانلىقىڭىز ئىشچان جەڭچى ئىكەنلىكى-ڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك سىزنىڭ شەرىپىڭىز، بىزنىڭ پەخرىمىز ئەمەسمۇ؟ بىز سىزنى زاڭلىق قىلمايمىز بەلكى ماختايمىز.

گۈلنارخان ئانىنىڭ سۆزىنىڭ ھەربىر جۈملىسى ئەركىننىڭ

قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ گۇلنارخان ئانىنىڭ مېھرىبان چىرا-
يىغا قاراپ:

— گۇلنارخان ئانا، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم
ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن، — دېدى.

يىغىلىش سىگنالى چېلىندى. گۇلنارخان ئانا ئاشپەزلەر
بەندىكى يولداشلارنى ئۇزىتىپ قويدى. كېيىن يەنە كۆزى قىيمى-
غان ھالدا بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئەگىشىپ تا كەنت
چېتىگىچە ئۇزىتىپ باردى.

ئەركىن بۇ قېتىم ئۇزىتىشقا چىققان ئامما ئالدىدا كۆتۈرەڭگۈ
روھ بىلەن قازانغان يۇدۇپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ، تەرەپ - تەرەپتىن
زور ئىلھام، قىزغىن مۇھەببەت جىلۋىلىنىپ تۇرغان سەمىمىي
كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

قىسىم جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ، زور قەدەملەر بىلەن ئالغا
ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

1984 - يىل 8 - ئاي قەشقەر

www.uyghurkitap.com

# ئىلتىماس

يېشىم ئاتمىشتىن ھالقىپ، كۆزۈمنىڭ خۇنى، پۇت ـ قو-لۇمنىڭ ماغدۇرى كەتكەن بولسىمۇ، قىسمىدىكى پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىرىمدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي، ئىككىنچى سەپكە چېكىنمەسلىك ھەققىدە يازغان سەككىزىنچى قېتىملىق ئىلتىماسىمنى كۆتۈرۈپ باشلىق ئىشخانىسىغا كىردىم.

باشلىق ئىلگىرىكى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا، مەن بىلىدىغان كونا ـ يېڭى داۋىلىلارنى ئالدىمغا تۆككىلى تۇردى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم. ئىككىمىز تازا قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئىشخانا ئىشىكى قېقىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى باشلىق ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ئىشىك ئېچىلىپ ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، تەمبەل بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۇەننىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىدى. ئۇنىڭ بەستىدىن ھەربىيلەرگە خاس سالاپەت چىقىپ تۇراتتى.

كېلىڭ تۇەنجاڭ، — دېدى باشلىق ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇدۇلۇمە-دىكى كىرېسلودىن جاي كۆرسىتىپ، — بىرەر ئىش بىلەن كەل-گەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، — تۇەنجاڭ بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ، يې-نىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويدى، — سىلەرنى ئاۋارە قىلغىلى كەلدىم.

باشلىق ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى. تۇەنجاڭ بىر ئورام تاماكا يۆگىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— سەن ياش جەھەتتە بىزدىن كىچىك بولساڭمۇ، ھۆرمەتتە بىزدىن ئۈستۈن. نېمە پىكرىمىز بولسا سېنى ئىزدىگىمىز كېلى-

دۇ. شۇڭا، تۇنجى قېتىم خىزمەت مەسىلىسى توغرۇلۇق ئالدىڭغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىمەن.
ئۇ قولىدىكى موخۇركىنى تۇتاشتۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم شورۇۋالغاندىن كېيىن، ئويلانغان هالدا جىم ئولتۇرۇپ قالدى.
«ئىككىنچى سەپكە چېكىنمەسلىك توغرىسىدا ئىلتىماس يازغان مەنلا ئەمەسكەنمەنغۇ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. كۆز ئالدىمدا ئىككى بالامنىڭ خىزمەت مەسىلىسى نامايان بولغاندى، — ئاۋۋال شۇلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالسام، ئاندىن...»
— قەيەرگە ئالمىشىشنى ئويلاۋاتىسىز، تۇەنجاڭ؟ — باشلىقنىڭ سوئالى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن چەت - چاپالىق چېگرا رايوندا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن ئەخمەت تۇەنجاڭنى ئىدارىدىكى مۇۋاپىقراق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئويىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالدىم.
— مېنىڭ هەربىي سەپتە ئىشلەۋاتقىنىمغا ئوتتۇز نەچچە يىل بولدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئەخمەت، — قارىسام، پۇت - قولۇمنىڭ خېلىلا ماغدۇرى كېتىپ قاپتۇ. كاللاممۇ بىر چاغلاردىكىدەك ئانچە ساز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەز قوشۇننى ئىخچاملاش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەهلىگە، كەسىپ ئەهلىگە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى. مۇشۇ جەهەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئىقتىدارلىق ياشلارغا ئورۇن بوشاتمىساق بولمىغۇدەك... چېكىنەي دەيمەن.
باشلىق سورىدى:
— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟
— 59 ياشقا كىردىم، ئۇكا.
— يېشىڭىز ئانچە چوڭ ئەمەسكەن.
— كۆرۈنۈشۈمدىن يارىمىغان كۆتەكتەك تۇرغىنىم بىلەن ئىككى هەپتە ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان مانېۋىردا ئىگىلىمەكچى

بولغان چوققىغا بىرنەچچە مىنۇت كېيىن چىقتىم دېگىنە، قېرىپ-
تىمەن ئۇكا، قېرىپتىمەن. . . يەنە سۆرۈلۈپ يۈرۈۋېرىپ، ئار-
مىيىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ
قالسام ياخشى بولماس. . .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، مەيدە يانچۇقىدىن تەشكىلگە يازغان
ئىلتىماسىنى ئېلىپ، باشلىققا سۇندى. مەن ئوڭايسىزلانغان-
لىقىمدىن كرېسلوغا پېتىپلا كەتتىم. كۆز ئالدىمدا ئارمىيە ئىچى-
دە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئىرادە باغلىغان پېشقەدەم كادىرنىڭ
يارقىن ئوبرازى گەۋدىلەنمەكتە ئىدى.

1984 - يىل 6 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قوللاش

كەچلىك يوقلىمىدىن كېيىن ھەربىي گازارما بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى. ئايدىڭ كېچە. جەڭچىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. تولۇن ئاي كائىناتنى ئاپئاق كۈمۈش نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۈزمەكتە. تىنىق ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار باشقىچە جۇلالىنىپ چەكسىز گۈزەللىك ئىلكىدە چاقنايتتى.

ئەتراپ جىمجىت. پەقەت ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىنلا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيدە بىر يىگىت لامپۇچكا يورۇقىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۈنئالغۇ بىلەن ھەپىلەشمەكتە. ئۇ قاراۋۇلخانىدىن چۈشۈپ رېمونت-خانىدا ئىشلەۋاتقان سەمەت ئىدى.

سەمەتنىڭ شەھەرگە كىرىپ، بىر دانە كونا، بۇزۇق رادىئولۇق ئۈنئالغۇ ۋە بىر قىسىم زاپچاسلارنى سېتىۋېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قىسىمغا پۇر كەتكەنىدى. خۇددى باشقا جەڭچىلەرگە ئوخشاش روتا كوماندىرى ئەختەممۇ ئالايىتەن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ھېلىقى ئۈنئالغۇنى كۆرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەلۋەتتە، سەمەتنىڭ بۇ ئۈنئالغۇنى سېتىۋېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇلار بىلەتتى. ئۇ، بۇ ئۈنئالغۇنى رېمونت قىلىپ ئوڭلىماقچى، كېيىنچە رېمونتخانا ئېچىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئۈچۈن خالىس ئىش قىلماقچى ئىدى.

ئۇ، ماتېرىيال كۆرۈش، قايتا - قايتا تەكشۈرۈش، چۇۋۇش - قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق، ھېلىقى كونا ئۈنئالغۇنى رېمونت قىلىپ ئوڭلىدى. بۇ ئىش ئۇنى خۇشال قىلىپلا قالماي، جەڭچىلەرنىمۇ

شادلىققا چۆمدۈردى، چۈنكى، ئۇلار مانا ئەمدى بۇ ئۈنئالغۇ بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالايتتى.

كەچتە، جەڭچىلەر سەمەتنىڭ ئۈنئالغۇسىدىن ياڭرىغان ناخشا، مۇزىكىنىڭ ھوزۇرىنى سۈردى، تانسا، ئۇسسۇل ئويناپ شادلاندى. روتا كوماندىرى ئەختەم ھاياجان بىلەن سەمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنى بىرمۇنچە ماختىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ماختاش سەمەتنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇمان پەيدا قىلدى: «ئەختەم ئۈنئالغۇنى تالىشىدىغان بولدى، ئۈنىڭغا بەرسەم بىكارغا ئالىدۇ» بۇ گۇمان ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى.

*      *      *

سەمەت ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق يىگىت بولۇپ، كۆزلىرى ھەمىشە كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي سەپكە قاتناشقانىدى. يېڭى جەڭچىلەر قىسىمغا كېلىپ، تارماق قىسىملارغا بۆلۈنۈش ئالدىدا تۈرلۈك ئارزۇلاردا بولىدۇ: بەزىلەر ئايروپىلان، ماشىنا ھەيدەيدىغان قىسىملارغا، بەزىلەر دوختۇرخانا ۋە شەھەرگە يېقىنراق قىسىملارغا، بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقە ـ رادىستلار قىسمى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. سەمەتمۇ ئارزۇسى بويىچە رادىستلار قىسمىغا تەقسىم قىلىندى، ئۇ بۇ قىسىمغا كېلىپ تۇنجى قېتىم روتا كوماندىرى ئەختەم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئەختەم سەمەتنى قىسىم ئاچقان ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. كۇرس جەريانىدا سەمەت ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشقا قىزىقىپ قالدى. كېيىن ئۇ، بۇ تاغ رايونىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ رادىئو، ئۈنئالغۇلىرى بۇ-

www.uyghurkitap.com

زۇلسا ئوڭشىتالماي قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، رېمونتخانا ئېچىش-نى نىيەت قىلدى، شۇڭا، ئۇ ئېشىنغان پولكوۋنىكنى تۇپولېۋ، شەھەرگە كىرىپ بايىقى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ چىققانىدى.

ئەپسۇسكى، ئۇ، ھېلىقى ئۈنئالغۇنى ئوڭلاپ زوۋانغا كىرىپ گۆزۈپ، بۇلبۇلدەك سايرىتىپ، تۇنجى قەدەمنى بېسىۋىدى، كۆز-مىگەن يەردىن روتا كوماندىرى ئەختەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قال-دى، لېكىن، سەمەت بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالماي، خالىس رېمونت قىلىش ئورنى قۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەختەم سەمەتنى چاقىرتتى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كېتىۋېتىپ ئويلاندى: «دېگە-نىمدەك بولىدىغان بولدى، ئۇ ئۈنئالغۇنى مەندىن ئېلىۋېلىشنى كۆزلىمىسە مېنى ھە دېسىلا ماختاپ، ئۇچۇرۇپ كېتەمتى؟...» ئۇ ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەختەمنىڭ ئىشخانىسى ئال-دىغا بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا توخ-تاپ ئىجازەت سورىدى:

— يولداش كوماندىر، كىرىشكە رۇخسەتمۇ؟!

— رۇخسەت، كىرىڭ!

— يولداش كوماندىر، جەڭچى سەمەت چاقىرتىشىڭىزغا بىنا-ئەن كەلدى.

— ھە، سەنمىدىڭ، — ئەختەم ئۇنى يانىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— ھە، سەمەت، يېقىندىن بۇيان قانچىلىك رادىئو، ئۈنئالغۇ رېمونت قىلدىڭ؟

— مۇشۇ ئاي ئىچىدە 11 رادىئو، ئالتە رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، ئىككى سىنئالغۇ رېمونت قىلدىم. يەنە بىر قىسىملىرى زاپچاس كەملىكىدىن تۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ...

— يەنە قانداق قىيىنچىلىق بار؟

— ئاساسەن يوق...

— ھە، سەن يېقىندىن بۇيان، نۇرغۇن چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ رادىئو، ئۇنئالغۇ قاتارلىق نەرسىلىرىنى خالىسانە ئوڭلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىڭ. سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن تەشكىلمۇ رازى بولماقتا. سېنىڭ خالىسانە ئىشلەشتەك پەزىلىتىڭ ۋە خىسلىتىڭنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، — ئەختەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ بىر دەم شۈك تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلىقى ئۆزۈڭ قوراشتۇرۇۋالغان ئۇنئالغۇنى ماڭا بېرىۋەتسەڭ قانداق؟ . . . بەرگۈڭ يوقمۇ يا؟

— بولىدۇ، ھازىرلا ئەكىرىپ بېرەي، سىزدىن نېمىنى ئايايتتىم، — دېدى سەمەت، ئويلىغانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلىپ. ئۇ بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا ئۇنئالغۇنى ئەختەمنىڭ ئالدىدا پەيدا قىلدى. ئۇ، چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، سالام بىلەن ئىجازەت سورىدى.

— توختا! — دېدى ئەختەم بۇيرۇق قىلىپ، — مانى ئالغاچ كەت، — ئۇ سەمەتكە بىر بولاقنى تەڭلىدى، — بۇنىڭدا ئاز - تولا پۇل، رېمونتچىلىققا ئائىت كىتاب ۋە بىرنەچچە تۈرلۈك زاپچاس بار. . .

— كوماندىر، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز! ؟ ئۇششاق بالىلىرىڭىز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مائاشىڭىزمۇ. . .

— بۇ بۇيرۇق، ئال! — دېدى ئەختەم قەتئىي ئاھاڭدا، — مە، بۇنىمۇ ئېلىپ كەت، — ئۇ شىرە ئۈستىدىكى ئۇنئالغۇنى سەمەتنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

سەمەت ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق ۋە تەشەككۇر تۇيغۇسى بىلەن لىق تولغانىدى.

1985 - يىل 4 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يولدا

ۋاقىت چۈشتىن قايرىلغانىدى. تومۇز ئايلىرىنىڭ بۇ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنىدە ئەنۋەرنىڭ «شەرق شامىلى» ماركىلىق ماشىنىسى بىپايان قۇملۇقتىكى ئاددىي تاش يولدا سائەتتىگە 15 ـ 20 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. شۇ تاپتا ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە تىك چۈشۈپ تۇرغان كۈننىڭ ئوتلۇق نۇرى بىلەن، ماتوردىن چىققان يۇقىرى ھارارەت ئەنۋەرنى خۇددى تونۇرغا چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدۇراتتى. قۇم بارخانلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە دولقۇنلىنىپ تۇرغان پايانسىز دېڭىزدەك كۆرۈنەتتى. ئەنۋەر كۆڭلىدە: «ۋاي خۇدايىم! بۇ چۆلدە ماشىنامنىڭ بىر يېرىدىن كاشىلا چىقىپ قېلىشىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دېدى ـ دە، نېمە ئۈچۈندۇر خەۋپسىرەپ قالدى. بىر سائەت ماڭا ـ ماڭمايلا «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، بىر ئويدان مېڭىۋاتقان ماشىنىنىڭ ماتورى توساتتىن ئۆچۈپ قالدى. ئۇ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى ـ دە، گەجگىسىنى تەگرىتېغى بېسىۋالغاندەك كابىنكىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن كابىنكىدىن چىقىپ، ماتورنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى، بۇزۇلغان ئورۇننى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپمۇ ماشىنىنىڭ «كېسىلى»نى تاپالمىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا! بۇ پىژغىرىم ئاپتاپتا قېرىشقاندەك بۇ پېشكەلچىلىككە ئۇچرىغىنىمنى، — دېدى قۇم بارخانلىرىغا نەزەر تاشلاپ. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ «نەس باسقان» ئىدى.

ئەنۋەر بىرھازادىن كېيىن، يىراقتىن غۇيۇلداپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئۈمىدلەندى. ماشىنا يېقىن

كەلگەندە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قولنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ توستى. ماشىنا قاتتىق تورمۇزلانغان هالدا ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

پەۋەس يۈك قاچىلانغان كابىنكىسى ئوچۇق ماشىنىغا، يەرگە سىلىنغان چىپتا ئۈستىدىكى رېمونت سايمانلىرىغا سەپسالغان نا-تونۇش شوپۇر تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئەنۋەرگە قارىدى:

— هەي ئاداش! جېنىڭنى ماڭا ساتاي دەمسەن نېمە؟! — ئەنۋەر ئاستا جاۋاب بەردى:

— ماشىنام بۇزۇلۇپ. . .

— مەن بۇزۇپ قويغاندەك نېمىشقا يولۇمنى توسىسەن؟ بۇ ماشىنىنى مەن هۆددىگە ئالغان تۇرسام، بۇ يەردە توختىسام ئۇ يەردە توختىسام، قانداق پۇل تاپالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە پىژغى-رىم ئاپتاپتا ماشىنا رېمونت قىلماقنى ئاسان دەمسەن، يولۇمنى توسما!

ئۇ، ئەنۋەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىمايلا كېتىپ قالدى. ئەنۋەر ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولغان هالدا ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

*　　　*　　　*

بىر سائەتكىچە ماشىنا كەلمىدى. ئەنۋەر بىردەم ماشىنىدىن بىرەرسى كېلىپ قالارمىكىن، دەپ بويۇن سوزۇپ ئىككى تەرەپكە قارىسا، بىردەم ماشىنىنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى تاپماقچى بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چېكىسىدىن قۇيۇلۇپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلى-رى، ياغاق يۈزىدىن سىرغىپ بوينىغا ئېقىۋاتاتتى. قۇمغا تۇخۇم كۆمسە پىشىدىغان بۇ تونۇردەك ئىسسىقتا ئازابلىنىۋاتقان ئەنۋەر، تىلىنى چىقىرىپ قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالى-دى ـ دە، ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا: «هەي، كاۋاپ بولۇپ كېتى-دىغان بولدۇم» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ يولدىن كۆزىنى ئالماي:

«خۇدايىم بۇيرۇسا ئىنساپلىق شوپۇر ئۇستامدىن بىرەرسى كېلىپ-مۇ قالار» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭگە يارىشا بىردەمدىن كېيىن، «دۇدۇت» قىلغان ماشىنا ئاۋازى ئاڭ-لاندى. ئەنۋەر ئۈمىد بىلەن بېشىنى كۆتۈردىيۇ، يەنە سوغۇق گەپ ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ ئۆز ئورنىدا جىم تۇردى. ئەگەر بۇ ماشىنا ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالاتتى، شۇنداقتىمۇ قولىنى كۆتۈرمەي تەلمۈرۈپ تۇردى. كېلى-ۋاتقان ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ يولنىڭ ئوڭ چېتىگە كې-لىپ توختىدى - دە، كابىنكىدىن 25 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق كەلگەن بىر شوپۇر چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭغا ماش رەڭ ھەربىي كىيىم خويمۇ ياراشقانىدى.

— ھەي ئۇستام؟ بۇ چۆلدە يالغۇز تۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ ماشى-نىڭىزدىن بىرەر چاتاق چىققان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— شۇنداق، ھېچ ئامال قىلالمىدىم، — دېدى ئەنۋەر پېشا-نىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىر قاراپ باقاي، — دېدى شوپۇر كۈلۈمچىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — بارىدىغان مەنزىلىڭىز خېلى يىراقمۇ؟

ئەنۋەر ئېغىر تىنىپ جاۋاب بەردى:

— بايرامدىن بۇرۇن بۇ يۈكلەرنى قوشئاۋات يېزىسىغا يەتكۈ-زۈپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراش يولغا چىققانىدىم. ماشىنامدىن چاتاق چىقىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغىلى خېلى بولدى.

— قېنى مەن بىر ئېيتىشىپ باقاي، «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار، مۇبادا بۇنىڭ «كېسىلى» شىپالىق تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى شوپۇر ئەنۋەرنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ.

— سىزنى نەدىن سورايمىز؟

— مەن مەلۇم چېگرا مۇداپىئە ترانسپورت تۇەنىنىڭ جەڭچى-سى مۇرات بولىمەن، — دېدى ـ دە، كابىنىكىدىن ئالغان چوڭ چەينەكنى ئەنۋەرگە ئۇزاتتى.

— ئۇسساپ كەتكەنسىز، ئىچىۋېلىڭ.

بۇ سۆز ئەنۋەرگە شۇنچىلىك سەممىي ۋە يېقىملىق ئاڭلاندى-كى، خۇشاللىقتىن كۆزلىرى خۇددى تىنىق سۇدىكى ئاي شولى-سىدەك چاقناپ كەتتى. ئۇ مۇزدەك سۇنى قانغۇچە ئىچتى ۋە بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سورىدى:

— سىز قايسى بىر كۈنى گېزىتتە تونۇشتۇرۇلغان مۇراتجان ئۇستامىمۇ؟ !

مۇراتنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل تەستىقلاش ئالامىتىنى كۆر-گەن ئەنۋەر خۇشاللىقىدىن سەكرىۋېتىشكە تاسلا قالدى ـ دە، زورىغا ئۆزىنى بېسىپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن مۇرات-نىڭ ئىش ئىزلىرى توغرۇلۇق ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەم-مىسىنى بىرقۇر ئەسكە ئالدى.

ھەقىقەتەن مۇرات ھەربىي رايون بويىچە ھەممىگە تونۇشلۇق بايراقدار شوپۇر ئىدى. ئۇ ماشىنىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئوت ئالدۇرۇش سىستېمىسىدا كاشىلا بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈردى، گازلاشتۇرغۇچتا ئوت قايتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمى-دى. يېقىلغۇ سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، تەقسىملىگۈچ چىشلىق چاقىقا قارىۋېدى، ئۇنىڭدا چاتاق بارلىقى سېزىلدى. دەر-ھال ئوقنىڭ يۆنىلىشىدىكى ئارىلىقنى تەڭشەش ئارقىلىق بۇ چا-تاقنى تۈزەتتى. ئەنۋەر تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— بۇنىڭ كاشىلىسىنى ئوڭلىغىلى بولارمۇ؟

— چاتاق يوق! — دېدى مۇرات ئەنۋەرنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ.

ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ ماشىنىدىكى يۈكنى دېگەن يېرىگە تېزرەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئارزۇسىغا يېتىدىغانلىقى-

دىن سۆيۈندى. مۇرات ماشىنىنىڭ چاتىقىنى ئوڭشاپ، يۈزىدىكى مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەرنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— قېنى ھەيدەپ كۆرۈڭ، — دېدى.

ئەنۋەر زېۋىدىت قىلىۋىدى، ماشىنا گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. ئۇ كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، مۇراتنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت ئۇستام! سىز بىلەن ئۇچراشمىغان بولسام، چۆلدە چوقۇم خەتەرگە ئۇچرايدىكەنمەن، — دېدى مىننەتدارلىق بىلەن. ئەنۋەرنىڭ ئۈمىد شامى بىلەن يورۇغان چىرايىدا خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى جىلۋە قىلاتتى.

مۇرات ئەنۋەرنىڭ چەينىكىگە ئۆز چەينىكىدىكى سۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى قۇيۇپ بەردى.

— خەير! ئۇستام، يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئۇ ماشىنىسىنى قوزغاۋېتىپ.

— رەھمەت ئۇستام! خەير - خوش، — دېدى ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. ئاندىن ئىككى قولىدىن تەڭلا قاس چىقىرىپ كابىنكىگە ئولتۇردى - دە، يولغا راۋان بولدى. ئۇ بىر خىل سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تەخمىنەن يېرىم سائەت ئۆتۈۋىدى، يىراقتىن بىر ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرسى تىپىرلاپ تۇراتتى. ماشىنا يېقىنلاپ كەلگەندە، ھېلىقى كىشى ماشىنا توختىماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە ئىلكىدە غۇلچىنى كەڭ كەرگەن ھالدا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغان پېتى، قولىنى پۇلاڭلىتىپ توۋلاشقا باشلىدى. ئەنۋەر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى - دە، ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. بۇ، بايا ئەنۋەرگە ياردەم بېرىشكە ئۇنىمىغان سۆرۈن تەلەت شوپۇر ئىكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ئاغزى

قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. يىگىت ئەنۋەرگە قاراپ، خىجىل-لىقىدىن ھۇدۇققان ھالدا، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالغانىدى. ئەنۋەر ئۇنىڭغا چەينىكىدىكى سۇنى ئۇزاتتى - دە، ماشىنىغا پولات سىمنى باغلاپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ پېتىپ قالغان ماشىنىسىنى قۇم ئازگىلىدىن تارتىپ چىقىرىپ قويدى. يىگىت تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ:

— مېنى كەچۈرگىن، ئاغىنە. سېنىڭ بۇ مەردلىكىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، — دېدى.

— ياق، بۇرادەر، — دېدى ئەنۋەر، — بۇ قانچىلىك ئىش-تى. تېخى بىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار ئالدىمىزدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ، ھېلىقى شوپۇرنىڭ ئىسمىنىمۇ سورىماي ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

1972 - يىل 9 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئورۇنسىز تەنقىد

بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش بۇرۇنقى تەكشۈرۈشكە ئوخشىماي قالدى. تۆەنجاڭ قاۋۇل شاڭشياۋ سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ جىددىيلەشكەن هالدا سەپراس بولغان جەڭچىلەرنىڭ بەلگىلىمە بويىچە كىيىندىمۇ يوق، فورمىسى جايىدىمۇ قانداق، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى. تەكشۈرۈپ ئاخىرقى جەڭچىگە كەل- گەندە: «بۇ 9 - بەن نېمىشقا كونا كىيىملەرنى كىيىۋالغاندۇ» دەپ ئويلىنىپ قالدى - دە:

— سىز نېمىشقا كونا كىيىم كىيىۋالدىڭىز؟ يېڭى كىيىمنى ئائىلىڭىزگە ئەۋەتىپ بەردىڭىزمۇ، يا سېتىپ خەجلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىڭ شاڭشياۋ، يېڭى كىيىملەرنى بىر تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى جەڭچى.

ئەجەبلەنگەن شاڭشياۋ تۇرۇپ قالدى.

— كىمگە؟ — سورىدى ئۇ.

بەنجاڭ ئەسەت ئېغىز ئاچتى:

— رۇخسەت قىلىڭ شاڭشياۋ، تەشكىل سەپەرۋەر قىلىپ بىر تۇتاش يىغىۋالغانىدى.

قاۋۇل بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ئەسەت سەپنىڭ ئالدىغا چىق!

ئوتتۇرا بويلۇق قارامتۇل بىر جەڭچى يۈگۈرگىنىچە سەپ ئالدىغا چىقىپ دىققەتتە تۇردى.

— كىيىمنى سەن يىغىۋالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — ئەسەت تېز جاۋاب بەردى.

— جەڭچىلەرنىڭ كىيىمىنى يىغىۋېلىپ كونا كىيىملەرنى كىيگۈزۈش، تۈزۈمگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەمسەن؟

— يولداش كوماندىر، مۇنداق ئىش. . .

— چۈشەندۈرمەيلا قوي، تېزدىن جەڭچىلەرنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ چىقىپ هازىرلا قايتۇرۇپ بەر.

ئەسەت بۇيرۇقنىڭ كۈچىدىن قورقتىمۇ ياكى هۇدۇقتىمۇ ئانچە رازى بولمىغان هالدا ئامالسىز ياتاققا قايتتى. ئۇ كىيىملەرنى ئېلىپ چىقىپ قاۋۇل تۈەنجاڭنىڭ ئالدىغا قويدى. شاڭشياۋ تۇرۇپلا قالدى. كىيىملەر سېلىنغان خالتا ئۈستىگە «ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا تەقدىم» دەپ خەت يېزىلغانىدى.

بۇ خالتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ كىيىمىمۇ؟ — ئىشىنىپ - ئىشەنمەي سورىدى تۈەنجاڭ، بەنجاڭ ئەسەت بېشىنى لىڭشىتتى. سەپ سۈكۈتكە چۆمدى.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟ — قاۋۇل ئاڭقىرالمىغان هالدا سورىدى.

— بىزنىڭ بەندىكى جەڭچىلەر كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن هەربىر جەڭچى بىر قۇر يېڭى كىيىمنى ئىختىيارىي ئاساستا ئىئانە قىلغانىدى. شۇڭا، بۇنى يىغىپ ئەۋەتىشكە تەييارلىغان، — دېدى بەنجاڭ.

قاۋۇل تۈەنجاڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىۋىن يەۋالغاندەك بىرقىسما بولۇپ قالدى. «گۇناھ بۇلاردا ئەمەس، ئۆزۈمدە ئىكەن، ۋاقتى - ۋاقتىدا تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرمىسام جەڭچىلەر ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

1972 - يىل 12 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پوستتا تۇرۇش

ئورۇندىن تۇرۇشقا چېلىنغان سىگنال ئاۋازى، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان جەڭچىلەرنى ئويغىتىۋەتتى. مەن ئويغىنىپلا چۆچۈپ كەتتىم: «ئاپلا چاتاق بولدى. تۈنۈگۈن كەچ مېنىڭ پوستتا تۇرۇش نۆۋىتىم ئەمەسمىدى، قانداقلارچە ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغاندۇ؟ ئەمدىزە نەچچە ئايلىق نەتىجەمنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدىغان بولدى - دە، نەس باسقان دېگەن مانا شۇ». خىيال بىلەن تېز كىيىندىم. مەن تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن چېگرا لىيەنىنى چارلاشقا چىققاندا سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانىدىم. چارلاشتىن قايتىپ كېلىپ كىنومۇ كۆرمەي، سېستىرادىن ئازراق دورا ئېلىپ ئىچكەندىن كېيىن: «بۈگۈن كېچىدە پوستتا تۇرۇش نۆۋىتى ماڭا كېلىدۇ، شۇڭا بۇرۇنراق يېتىپ ئۇخلىۋالايچۇ» دېگەن ئوي بىلەن يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن، پوستتىن قېلىشىمنى كىم بىلسۇن!؟ قارا باستى دېگەن شۇدە، راست، مەن بىر ئىتتىپاق ئەزاسى، بۇ يەردە تەسىر مەسىلىسى مۇھىم. پوستتا تۇرمىغانلىقىم توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر لىيەن بويىچە تارقىلىپ كەتسە جەڭچىلەر نېمىلەرنى دېيىشىپ كېتەر - ھە! «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمۈڭ ئاشكارا» دەپتىكەن. شۇڭا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزۈمنى تەكشۈرەي، ئىنتايىن خىجىللىق ئىچىدە لىيەن شتابىغا كىردىم. شتابتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بەنجاڭ بىلەن سىياسىي يېتەكچىگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ چاغدا «ئوغرى گۇمانخور كېلەر» دېگەندەك، كۆڭلۈمدە «بەنجاڭ مېنىڭ پوستتا تۇرمىغانلىقىمنى سىياسىي يېتەكچىگە چېقىۋاتسا كېرەك» دېگەن گۇمان تۇغۇلدى. «سەن مېنى ئەڭ جاپالىق چېگرا لىنىيىسىنى چارلاشقا تەقسىم

قىلىپ قويغانلىقىڭنى ئويلىماي، ئەمدى يەنە نېمە قىلاي دەۋاتىسەن؟ بەلكى، قەستەن پوستقا چىقمىدى دەۋاتقانسەن، چارچاپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، مەندە ھېچقانداق ئالا نىيەت يوق» دېدىم ئىچىمدە.

سىياسىي يېتەكچى مېنىڭ سەل ھودۇقۇپ ئوڭايسىزلانغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— سېنىڭ بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى. مەن كۆڭلۈمدە: «راستىمنى دەي، چارە كۆرسە مەيلى» دېگەن خىيال بىلەن ئەھۋالنى سۆزلەپ، سىياسىي يېتەكچىدىن قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدىم. سىياسىي يېتەكچى سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ بەنجاڭغا لاپپىدە قارىۋالدى - دە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ماڭ! بەنجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزۈڭنى تەكشۈر، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى، — سېنىڭ بۇ تەلىپىڭ مېنى تازىمۇ ئارىسالدى قىلىپ قويدى.

مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، سىياسىي يېتەكچى مېنىڭ ناھايىتى خىجىل بولغانلىقىمنى بىلىپ، ماڭا تېخى مەلۇم بولمىغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە بەنجاڭ پوستتىن چۈشۈپ ئۇخلاۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئېچىلىپ قالغان يوتقانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كېلىپ، مېنىڭ يوتقىنىمنىڭمۇ بىر يانغا قايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يېنىمغا كېلىپ جۆيلىۋاتقانلىقىمنى ئۇقۇپتۇ. ئۇ پېشانەمنى تۇتۇپ قىزىتمامنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزى مېنىڭ ئورنۇمدا پوستتا تۇرغانىكەن. مانا ئەمدى ئەتىگەندىلا سىياسىي يېتەكچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ماڭا «كېسەل تامىقى» ئەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. يەنە كېلىپ «جەڭچىلەرگە كۆيۈنۈشۈم يېتەرسىز بولدى» دەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپتۇ...

سىياسىي يېتەكچىنىڭ سۆزى شۇئان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتتى، ئەندىشەم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. مەن ھاياجانغا

تولۇپ كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئالغان هالدا بەنجاكنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:

— رەھمەت، بەنجاڭ! — دېگەن سۆزنىلا قىلالىدىم.

1983 - يىل 4 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# مېۋە تەقدىم قىلىش

10 ـ ئاينىڭ باشلىرى. قۇياش ئۇپۇق يۈزىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى، پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان ھەربىي گازارما قۇياش نۇرىغا بۆلەندى. گازارما ئالدىدىكى مەشىق مەيدانىدا جەڭچىلەر كىچىك مانېۋىر شەكلىدىكى ھۇجۇمغا ئۆتۈش مەشىقىنى باشلىۋېتىكەنىدى. قىسىم مەشىق مەيدانىنى «سا» دېگەن جۇشقۇن ئاۋاز، ھەر خىل قوراللاردىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى قاپلىغانىدى. ھاشىم ئاپتوماتنى چىڭ تۇتقىنىچە چوڭ دەرۋازا ئالدىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرماقتا. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا يېزىلغان «ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ۋەتەننى قوغدايلى» دېگەن خەتكە قايتا ـ قايتا قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم نېمىدېگەن ئېغىر، نېمىدېگەن شەرەپلىك ـ ھە!» دەپ جەڭچى بولغىنىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇ پوستتىن چۇشۇشكە ئاز قالغاندا بىر كىشىنىڭ قارىسى يىراقتىن خىرە ـ شىرە كۆرۈندى. بىردەمدىن كېيىن بىر بوۋاي قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە قاچىلانغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدىگەن پېتى، ھەربىيلەر گازارمىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھاشىم ئۇنى دەرھال توسۇپ:

— بوۋا، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تىجارەتچىلەرنىڭ ھەربىي گازارما دائىرىسىدە تىجارەت قىلىشىغا بولمايدۇ. بۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتسىلا، — دەپ ئۇنى قايتۇرماقچى بولدى.

— مەن باققال ئەمەس بالام. بۇ ئازاد يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە ئاتىغان سوۋغىسى، يازدا سۇ ئامبىرىمىز

يار ئېلىپ كەتكەندە ياردەم قىلغان ئىدىڭلار، باشلىقلىرىغا دەپ بېقىڭ، قايتۇرۇپ كەتسەم دېھقانلارنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ، — دېدى بوۋاي. شۇ چاغدا ھاشىمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئازاد يېزا سۇ ئامبىرىغا بېرىپ يار ئېلىپ كەتكەن يەرنى جەڭچىلەرنىڭ ئەتكۈ-لىكى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئاشۇ ئاخشام ئۇخلاشقا چېلىنغان سىگنال گازارمىنى بىردىن-لا جىمجىتلىققا چۆمدۈرگەنىدى. جەڭچىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. تولۇن ئاي كائىناتنى ئاپئاق كۆ-مۈش نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۈزمەكتە. تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. توساتتىن بوران چىقىپ، ئازاد يېزىسى-نى چاڭ - توزانغا كۆمۈۋەتتى. تېخى بايىلا تىنىق كۆك ئاسماندا پارقىراپ تۇرغان ئايمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلگەنىدى. بىردىنلا بوران توختاپ، يامغۇر خۇددى قاپاقتىن سۇ قۇيغاندەك شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز چېلىنغان يىغىلىش سىگنالى جەڭچىلەرنى بىردەمدىلا جىددىي ھالەتكە كەلتۈردى.

— يولداشلار! ئازاد يېزىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى «قى-زىل بايراق» سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كېتىپتۇ. كەلكۈن دېھقان-لارغا تەھدىت سالماقتا. بىز خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز...

كوماندىرنىڭ ئاۋازى شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنى بېسىپ چۈشتى. ھاشىم جەڭچىلەر بىلەن بىرلىكتە كېچىچە جان تىكىپ ئىشلەپ يار كەتكەن يەرنى ئېتىپ 50 مىڭ مو كېلىدىغان ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋارانلارنى ۋە نەچچە مىڭ ئائىلىنىڭ مۈلكىنى قوغداپ قالغانىدى...

ھاشىم شۇلارنى ئويلاپ بوۋايغا قوپاللىق قىلىپ قويغىنىدىن ئەپسۇسلاندى. كەچۈرۈم سوراپ، بوۋايغا رەھمەت ئېيتتى.

— بالام، مەن بۇ نەرسىلەرنى سىلەرگە ئېلىپ كەلدىم، — دېدى قايتىلاپ بوۋاي، — رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق.

— مەن خەۋەر قىلاي ئاتا! — دېدى ھاشىم ھاياجانلانغان ھالدا.

1973 - يىل 6 - ئاي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «جاھىل ئەسكەر»

مەن لېيەنگە كېلىپلا بىرىنچى بولۇپ تونۇشقىنىم «جاھىل ئەسكەر» دەپ نام ئالغان، ۋىجىك، ئەمما گەپدان بىر ئەسكەر بولدى.

ئاشۇ كۈنى مەن ھېرىپ - ئېچىپ لېيەنگە كېلىپ يۈك - تاقلىرىمنى يېشىپ تۇرۇشۇمغا ئۇ كىرىپ كەلدى - دە:

— يېڭىدىن كەلگەن سىياسىي يېتەكچى سىز بولامسىز؟ — دەپ سورىدى بوم ئاۋاز بىلەن.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام بويى بىر مېتىر ئاتمىش سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان ۋىجىك بىر جەڭچى تۇرۇپتۇ، ئۇ ياغاق يۈز بولۇپ، كۆزىنىڭ قارىسى ئېقىدىن چوڭ ئىدى.

— ھەئە كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ.

— مەن. . . مەن تىزىملىتىپ قويay. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىسىدا ئەسكەرلىكتىن بوشىماقچىمەن، — دېدى ئۇ ئولتۇرماستىن. ئۇ ناھايىتى تېز سۆزلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ. ئۇ بىر ئاز ئىككىلىنىپ:

— سىز بۇنى سورىماڭ. ئالدى بىلەن ماڭا جاۋاب بېرىڭ، — دېدى - دە، گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمىدىمۇ تۇرۇپ قالدى. «راستتىنلا ‹جاھىل ئەسكەر› ئىكەن - دە!» دېدىم كۆڭلۈمدە.

— مەڭ، چېكىڭ، — ئۇنىڭغا تاماكا تۇتتۇم. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ تاماكىنى ئالمىدى، — ئىسمىڭىز نېمە؟

قايسى بەندە ئىشلەيسىز؟
— ئىسمىم «جاھىل ئەسكەر»، بەنىم يوق، شتاتتىن ئار-تۇق جەڭچىمەن.
«جاھىل ئەسكەر» — خېلى مەنىلىك ئىسمكىنە ئۇ؟ «شـ-تاتتىن ئارتۇق جەڭچى» — بۇ يېڭى گەپكەنغۇ. «شتاتتىن ئارتۇق كادىر» دەپ ئاتاشقۇ بار، لېكىن، شتاتتىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭا سورىدىم:
— قانداقسىگە شتاتتىن ئارتۇق جەڭچى بولۇپ قالدىڭىز؟ سۆزلەپ بېقىڭا، بۇ زادى قانداق ئىش؟!
— بۇنىڭ نېمىسىنى سورايسىز؟ سىزگە دېگەن بىلەنمۇ بىكار. سىز يەنىلا ھېلىقى گەپكە جاۋاب بېرىڭ.
— سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ مەن سىزنىڭ سىياسىي يېتەك-چىڭىز ئەمەسمۇ؟ بىز بىر - بىرىمىزگە ئىشەنمىسەك قانداقمۇ بىرگە ئىشلەيمىز.
ئۇ لام - جىم دېمەستىن قاراپ تۇردى.
— جاۋابىڭىزغا قارىتا بىرنېمە دەيمەن. سىزنىڭ نېمە سە-ۋەبتىن بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىڭىزنى بىلمەي تۇرۇپ، سىزگە قارىغۇلارچە ۋەدە بېرەلمەيمەن - دە، — دېدىم سەل ئاچچىقىم كېلىپ.
ئۇ ئۈندىمەستىن ماڭا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، چىقىپ كەتتى.
ئاخشىمى مەن لىيەنجاڭدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنىڭ بېشى-دىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەر تاپتىم.
«جاھىل ئەسكەر» نىڭ ئەسلىي ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر يېتىم بالا ئىكەن. ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىن، تۆەن ماي ئىس-كىلاتىنىڭ ئامبارچىسى بولۇپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئام-بارچى بولغاندا «كاللىسى ياخشى ئىشلىمەي» ئىشنى جانلىق

بىجىرمەي «جاھىللىق» قىلىپ، ماي بىلىتىنىلا تونۇپ ئادەمنى تونۇمىغانلىقتىن بەزى ئىشلارنى جايىدا كەلتۈرەلمەيتتۇق. مەسى-لەن، بەزى چاغدا باشلىقلار «جىددىي ئىش» ئۈچۈن ماشىنا ئىشلەتمەكچى بولۇپ ماي قاچىلىغىلى كەلگەندە، ئۇ ماي بىلىتى بولمىسا ماي بەرمىگەن، شۇڭا بەزى كىشىلەر ئۇنى «ئۇلۇك ئىش قىلىدۇ» دېيىشكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئىسرائىل دې-گەن ئىسمىمۇ ئۆزگىرىپ «جاھىل ئەسكەر» بولۇپ قالغان. بۇ لەقەمنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئەنە شۇنداق ئىچكى ئىشلارغا تۇتىشىدىكەن.

— ئۇ نېمە ئۈچۈن لېيەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن؟ — دەپ سورى-دىم لېيەنجاڭ ناسىرۇف شاڭۋېيدىن.

— مەنمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، ئاڭلىشىمچە، ئارقا سەپ باشقارما باشلىقىنىڭ ئوغلى «سۇزۇك» ماركىلىق موتسىك-لىتىنى مىنىپ كېلىپ، ماي قاچىلايمەن دېسە، ماي بەرمەي كەتكۈزۈۋەتكەنىكەن. ئاز ۋاقىت ئۆتمەي لېيەنگە چۈشۈرۈلۈپتۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى شتاتتىن ئارتۇق جەڭچى دەيدۇ؟

— ھەي، ئۇ ئەمدىلا لېيەنگە چۈشكەندە، مەن ئۇنى شوپۇرلار بەنگە قويماقچى بولغانىدىم. چۈنكى، ئۇ ھەربىيلىككە شوپۇرلۇق-تىن كەلگەن. كىم بىلسۇن، ئارقا سەپ باشقارما باشلىقى ماڭا تېلېفون بېرىپ «جاھىل ئەسكەر» نى «مېڭىسى تولۇق ئىشلىمەي-دۇ. ئىنكاس قايتۇرۇشى ئاستا، شوپۇرلۇققا لايىق كەلمەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بېشىم تازا قات-تى. قايسى بەنگە قويۇشۇمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. پىلى-موتچىلار بەنگە قوياي دېسەم، مېڭىسى ئىشلىمەي قېلىپ قالاي-مىقان ئوق ئېتىپ سالسا، جاۋابكارلىقى ماڭا كېلىدۇ. زەمبى-رەكچىلەر بەنگە قوياي دېسەم تېخى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لېيەننىڭ لاۋازىمەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ

«جاھىل ئەسكەر» ، «شتاتتىن ئارتۇق جەڭچى» بولۇپ قېلىۋەر-
دى، — دەپ ليەنجاڭ ئۇھ تارتىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ئاشۇ ليەنگە كەلگەن كۈنىڭ ئاخشىمى زادىلا ئۇخلىيالمى-
دىم. «جاھىل ئەسكەر» نى ئۇنداق تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى. مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن، ئۇزاق ئۆتمەي «جاھىل ئەسكەر» شتاتقا كىرگۈزۈلدى. شوپۇرلار كۇرسىغا كەتكەن رۇستەمنىڭ ئورنىغا قويۇلدى.

«جاھىل ئەسكەر» ماڭا ھەر كۈنى ئەسكەرلىكتىن بوشاش تەلىپىنى قويۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بارا ـ بارا ئۇنى ئېغىزغا ئالمايدىغان بولدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— «جاھىل ئەسكەر» يېقىندىن بىرى ماڭا چاپلىشىۋالماي-
دىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ ؟ — دېدىم. ئۇ خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ليەنجاڭ بىلەن ئىككىڭلار بەك ياخشى ئىكەنسىلەر، سى-
لەرگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەي دېدىم، — دېدى ئۇ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغ-
قىنىممۇ يوق، باشقا ھېچنېمىمۇ تەلەپ قىلمايمەن. سىلەر ماڭا ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلساڭلارلا بولدى.

نېمىدېگەن ساددا جەڭچى ـ ھە! مەن «جاھىل ئەسكەر» بىلەن دوست بولۇپ قالدىم.

بىر كۈنى ئاخشىمى كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم. «جاھىل ئەسكەر» كىرىپ كەلدى ـ دە:

— سىياسىي يېتەكچى ئۆگىنىش قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، ئىشىڭىز بارمىدى؟ — مەن قولۇمدىكى كىتابنى قويدۇم.

— باشقىمۇ ئىش يوق، — ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى.

مەن كۈلۈمسىرەپ:

— ئېيتىڭا نېمە ئىش؟ — دېدىم.

— تەمىنات بۆلۈمىدىكىلەر ھەر كۈنى گۆش ئالىمىز دەپ بازارغا قاترايدۇ، گۆشمۇ بەك قىممەت، مەن شۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، بۇ ئويلىغىنىم بولارمىكىن - بولماسمىكىن سىز ئاڭلاپ بېقىڭا.

— ھە، سۆزلەڭ قېنى.

— بىزنىڭ لىيەننىڭ ئەتراپى كەڭرى كەتكەن ئوتلاقلىق، ئوت - چۆپ مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىمىز گۇلباغ يېزىسىنىڭ ماي تارتىش زاۋۇتى بار. ئۇنىڭ كۇنجۇرىسىدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئون نەچچە تۇياق سېغىن كالا ئېلىپ باققان بولساق، سۈتىنى جەڭچىلەر ئىچەتتى. بىر قوتان قوي ئېلىپ باقساق لىيەننىڭ گۆش مەسىلىسى ھەل بولاتتى. قىغى بىلەن سەي تېرىساق، پۇلمۇ كىرىم قىلاتتۇق. مېنىڭ ئويلىغانلىرىم مۇشۇ.

ئۇ، بۇ قېتىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئالدىرىماي سۆزلىدى.

— سىزگە بۇ ئىشنى تاپشۇرساق ھۆددىسىدىن چىقالامسىز.

— چىقالايمەن، ئىككى - ئۈچەيلەن ياردەملەشسە قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ، ھەربىي سەپكە كىرىشتىن بۇرۇن يۇرتتا قوي، كالا بورداقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغانىدىم. سەيمۇ تېرىپ باققان، شوپۇر بولغىنىمدىن كېيىن تىجارەتكىمۇ كۆزۈم پىشىپ قالغانىدى.

— دېگەنلىرىڭىز راستمۇ؟

«جاھىل ئەسكەر» بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

— يارايسىز «جاھىل ئەسكەر»، سىزنىڭ مېڭىڭىز بىزنىڭكىدىن ئوبدانراق ئىشلەيدىكەن.

ئۇ يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىشى بىلەنلا پۈتۈن ئەتراپ باشقىچە يورۇپ كەتتى. كۈنلەر، ھەپتىلەر بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. «جاھىل ئەسكەر» ئاخىر ئېيتقانلىرى-

نى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئۆزى باققان كالا ـ قويلارنى تېز كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن لىيەننىڭ گۆش ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىدى. بىرىنچى يىلىلا لىيەننىڭ تاماق راسخوتىدىن ئۇنىڭ يۈەن ئىقتىساد بولۇپ قالدى.

«جاھىل ئەسكەر» لىيەننىڭ زاپخوزلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

بۇ «جاھىل ئەسكەر» نېمىدېگەن پاراسەتلىك ـ ھە! ئۇ يەنە ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك تىپتىكى توخۇ فېرمىسى قۇرۇپ، كۆپ تۇخۇم تۇغىدىغان گۆش توخۇلىرىنى كۆپەيتىپ ھەم ئۇنى سېتىپ، لىيەننىڭ ئىقتىسادىنى ئۆستۈردى.

«جاھىل ئەسكەر» نىڭ قىسىم بويىچە نامى چىقتى. مەنمۇ بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ شىغا يۆتكەلدىم. ماڭىدىغان ۋاقتىمدا «جاھىل ئەسكەر» گە:

— ياخشى ئىشلەپ يىل ئاخىرىدا كادىرلىققا كۆتۈرۈلۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم. ئۇ قولۇمنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەمما، «جاھىل ئەسكەر» نىڭ كادىرلىققا ئۆسۈش ئىشىنىڭ يوققا چىقىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن. بىر مۇئاۋىن شى باشلىقىنىڭ ئايالى توخۇ ۋە تۇخۇم سېتىۋالغىلى كېلىپ، سورتلۇق بىر توخۇنى تاللاپتۇ. «جاھىل ئەسكەر» ئۇنى سېتىلمايدۇ، دەپ سېتىپ بەرمەپتۇ. باشلىقنىڭ ئايالى ئاچچىقلاپ «جاھىل ئەسكەر» گە:

— خەپ توختاپتۇر! — دېگىنىچە پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ.

مەنمۇ «جاھىل ئەسكەر» نىڭ ھەقىقەتەن سادىقلىق بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھەي، مەن «جاھىل ئەسكەر» گە ئاچقۇچلۇق پەيتتە ياردەم بېرەلمەي قالدىم. «جاھىل ئەسكەر» يەنىلا كۆلۈپ قويۇپ، بۇ ئىشنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ھەربىي رايون ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش

جىڭگە بىزنىڭ قىسمدىن بىر بۆلۈك ئادەملىرىنى ئاجراتماقچى بولدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن «جاھىل ئەسكەر» ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— شاۋشياۋ، مەن ماڭىدىغان بولدۇم.

— ماڭىدىغان بولدۇم؟ نەگە؟ يۇرتىڭىزغا بېرىپ ئائىلىڭىزنى يوقلاپ كېلەي دەمسىز؟

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ئۆزۈمنى تىزىملاتقانىدىم.

— سىز؟ ھەي «جاھىل ئەسكەر»، ناھىيىگە قايتىپ بېرىپ فېرمىدا باشلىقى بولسىڭىزچۇ؟ — دېدىم جىددىيلىشىپ.

ئۆتكەن يىلى «جاھىل ئەسكەر» ئۇستىدە بىر پارچە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ خېلى چوڭقۇر بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ناھىيىدىكى توخۇ فېرمىسىغا باشلىق بولۇش توغرىسىدا مەخسۇس تەكلىپنامىمۇ كەلگەنىدى.

— پۇشايمان قىلارسىزمىكىن؟ ھازىر يېزىلىرىمىز سىزدەك ئىختىساسلىق كىشىلەرگە بەك موھتاج.

— بىلىمەن، ئەمما ئىرادەمدىن يانمايمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

— مەن بىر يېتىم بالا، تارتىشىدىغان نەرسەممۇ يوق، قىسمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، قىسمدا ئالتە يىل ئىشلەپ كۆنۈپ قاپتىمەن، كوماندىر بولۇشنى ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۆزۈمنىڭ ساددىلىقىم ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى. بۇنى ئۆزگەرتكىلىمۇ يوق. ئەگەر ئۆزگەرتسەم «جاھىل ئەسكەر» بولالماي قالىدىكەنمەن. ئالدىنقى سەپتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىزنىڭ ئارقا سەپكە قارىغاندا مۇرەككەپ بولمىسا كېرەك، ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلسام-لا ئارزۇيۇمغا يېتەرمەن دەپ

ئويلايمەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ قولىنى ئۇزاتتى.

مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىرھازاغىچە گەپ قىلالماي تۇ-رۇپ قالدىم. ئاخىر ئاغزىمدىن شۇ سۆز چىقتى:

— «جاھىل ئەسكەر» كوماندىر بولالمىساڭمۇ، قەھرىمان بولالايسەن!

1975 - يىل 5 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# تەقدىرلەش

دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن هەربىي مەشىق مەيداندا قىزغىن «جەڭ» بولۇۋاتاتتى. جەڭچىلەرنىڭ «سا! ـ سا!» دەپ توۋلىغان ئاۋازلىرى، ئېتىلغان مىلتىق ـ زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىدىن يەر ـ زېمىن لەرزىگە كەلگەندى... بۇ هەربىي مەشىق تا گۇگۇم چۈشكۈچە داۋام قىلدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېلىپ بېرىلغان هەربىي مەشىق جەڭچىلەرنى هارغۇزۇۋەتكەندى. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ بىر سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئالدىنقى كۈنى هەربىي ئۇستابتىن ئۆتۈلگەن دەرسنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئىشخانىغا يىغىلىشتى. جەڭچىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سوئال قويۇپ، مۇزاكىرىنى قىزغىن تالاش ـ تارتىش تۈسىگە كىرگۈزگەندى.

— بىر ئېغىز گەپ، — دېدى مۇزاكىرە ئاياغلىشاي دېگەندە پەيجاڭ رۇستەم، — كېچىسى باشلىق تۈگۈل، ئەۋلىيا بولسىمۇ پارولنى① دەپ بېرەلمەيدىكەن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قولىنى كۆتۈرتۈپ توختىتىپ قويۇش كېرەك!

پەيجاڭنىڭ بۇ سۆزىگە ـ مۇ كۆپچىلىك قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

* * *

باش ئەتىيازدىلا هەر يەر ـ هەر يەردىن ۋەتەننىڭ ئامانلىقى،

① پارول — مەخپىي بەلگە سۆز.

خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قىسمغا بىر تۈركۈم يېڭى جەڭچىلەر يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئارىسىدا ئېغىر بېسىق، ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىغان بىر يىگىت بولۇپ، ئىسمى خالمۇرات ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىمتىھاندا ئىككى نومۇر كەملەپ قېلىپ ئالىي مەكتەپكە بارالماي، ئۆزلۈكىدىن ئىلتىماس قىلىپ ئەسكەر بولغانىدى. ئۇ كەلگەندىن بېرى، بىرقانچە قېتىملىق ھەربىي مەشىققە قاتنىشىپ خېلى چېنىقىپ قالدى.

بۈگۈنمۇ جىددىي ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئاياغلاشتى. جەڭچىلەر دەم ئالماقتا ئىدى. رەتلىك ۋە پاكىز يىغىشتۇرۇلغان كەڭ ياتاق ئىچى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن كۈن نۇرىدا چىرايلىق تۈس ئالغانىدى. ماھىر قولدا تۆت چاسا قاتلانغان يوتقان - كۆرپىلەر، كارىۋات ئۈستىگە سېلىنغان قاردەك ئاپئاق كىرلىكلەر، تام ئىشكابى يېنىغا قاتار ئېسىلغان سۇدان ۋە لۆڭگىلەر بۇ ياتاقتا ياتقانلارنىڭ ئەڭ ئاددىي تۇرمۇش قائىدىلىرىگىمۇ بەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

سىياسىي يېتەكچىنىڭ «ئەسكەر بولغان ئادەمدە جەڭچىلىك ماھارىتى بولمىسا، خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى قانداقمۇ ئاقلىغىلى بولىدۇ؟» دېگەن سۆزى خالمۇراتنىڭ قۇلىقىدىن كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ تەلىم - تەربىيە ۋاقتىدا، مەشىق قىلغاندا قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماي، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەربىي بىلىملەرنى نەزەرىيەدىن تارتىپ ئەمەلىيەتكىچە پۇختا بىلىۋالغانىدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن، مەلۇم چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا يۆتكەلدى.

ياز ئۆتتى، دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ كۈزمۇ ئاخىرلاشتى. قاراقۇرۇم تېغىدا دەھشەتلىك زىمىستان قىش باشلاندى. سارغۇچ پارقىراپ تۇرغان كۈننىڭ شولىسى چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز - پەس مۇز چوققىلارغا چۈشكەنىدى. قارلىق دالىدا «ئالغا»، «ئالغا» دېگەن بىر خىل رىتىملىق كوماندا

ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئەلمىساقتىن بۇيان ئادەم ئايىغى باسمىغان بۇ ياۋايى هايۋاناتلار ماكانىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.
— ۋەي. . . ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىسىمۇ؟
قاتتىق جىرىڭلىغان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپتە سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ لېيەنجاڭ تۇرشۇن ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن بىلگەن پەيجاڭ رۇستەم جىددىيلەشتى.
— باندىتلار پەيدا بولۇپتۇ. . .
تۇن كېچە، ئەتراپ گويا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. تولۇق قوراللىنىپ، ئەپچىل تېڭىلغان يۈك - تاقلارنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ سەپتە تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ كۆزى پەيجاڭ رۇستەمگە تىكىلگەنىدى.
— يولداشلار! يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بىزنىڭ پەيگە چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ئىشپىيونلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن تەشكىللەنگەن باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بىز ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ توردىن چۇشۇرۇپ قويماي تۇتۇشىمىز، يوتۇنلەي يوقىتىشىمىز لازىم. بۇ پارتىيە، خەلقىنىڭ تەلىپى. ۋەتەن ئوغلانلىرى ئاتىلىنايلى، غەلىبە خەۋىرىمىزدىن خەلقىمىز شادلانسۇن! غەزەپلىك مۇشتىمىزدىن جاسۇسلار ۋە ئاسىيلار دىر - دىر تىترىسۇن! . . . — رۇستەمنىڭ ياڭراق ئاۋازى تۇن قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ، يىراقلاردا ئەكس سادا هاسىل قىلدى. جەڭچىلەر مۇشتۇملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەسەم بەرگەندەك بىر ئېغىزدىن:
— ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندايمىز، — دېيىشتى.
ئەمدىلا يورۇپ كېلىۋاتقان تاڭنىڭ خىرە يورۇقىدا 6 - بەننىڭ ئاكوپى جايلاشقان مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى جەڭچىلەر خۇددى شاهمات تاختىسىغا جايلاشقان ئورۇقتەك ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان نۇقتىلاردا سوزۇلغان هالدا يېتىپ ياتاتتى. گۇمانلىق چېگرا ئېغىزلىرى قامال قىلىنغانىدى. بۇ يەردىن باندىت تۇگۇل ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆتەلمەيتتى. هازىر بۇ جايدا تاغ شامىلىنىڭ

تەسرىدە ئىرغاڭشىغان دەرەخ ياپراقلىرىنىڭ شىلدىرلىشىدىن باشقا ھېچ قانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش ئالدىدا جەڭچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاتا ـ ئانا، ئەل ـ ئاغىنە ۋە يار ـ جانانلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە.

يىراقلاردىن ئاڭلانغان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى 6 ـ بەندىكى جەڭچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ئاۋاز بارا ـ بارا كۈچىيىپ نامەلۇم بىر تۈركۈم كىشىلەر تاغ باغرىدا كۆرۈندى. ئۇلار پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېگىنىچە گۇدۇڭشىپ چېگرا ئېغىزى تەرەپكە يېقىنلاشتى.

قىزىل بەلگە ئوقى جەڭچىلەرنىڭ دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن بېشارەت بەردى. جەڭچىلەر بەخىرامان كېلىۋاتقان باندىتلارنى ئوق ئاستىغا ئالدى. ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچرىغان باندىتلار خۇددى ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقانلاردەك كۆرگەنلا يەرگە ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۇلار جەڭچىلىرىمىزنىڭ چېگرا ئېغىزلىرىنى ئالدىن توسۇپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. جەڭچىلەرنىڭ قولىدىكى قورالللاردىن ئېتىلغان ئوقلار باندىتلارنى ئاتتىن ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. خالمۇرات گاھ ئولتۇرۇپ، گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، گاھ ئۆزىنى دەرەخ دالدىسىغا ئېلىپ ئاپتوماتىدىن ئوق ئۈزەتتى. ئۇ دۈشمەنلەرنى تېزرەك يوقىتىشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. ئۇ ئاپتوماتىدىن ئوق ياغدۇرۇپ كېتىۋاتقاندا يارىلاندى. سەككىز باندىتنى بىر ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن خالمۇرات يارىلانغان بولسىمۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بىر غارغا كىرىۋالغان 13 باندىتنى ئەسىرگە ئالدى. جەڭ تاكى كەچكىچە داۋام قىلدى. دۈشمەن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

تۈن كېچە، جەڭچىلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. پوستتا تۇرغان خالمۇرات: «مەن بىر جەڭچى، ۋەتەننى قوغداش بۇرچۇم» دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇ ئاپتوماتنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى تەرەپتىن سوققان تاغ شامىلىنىڭ نەشتەردەك تەگكىنىگە پىسەنت قىل-

ماي، كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە مىدىرلىماي تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا رۇستەم پەيجاڭنىڭ: «كىم بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر، پارولنى دەپ بېرەلمىگەن كىشىنىڭ ئىككى قولىنى كۆتۈر-تۈپ توختىتىپ قويۇش كېرەك» دېگەن سۆزى ئاڭلانغاندەك بولاتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا قوماندان سۇلايمان ئىسسىق يوتقىنىدىن ئاستا تۇردى ـ دە، قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قول چىرى-غىنى ئالغىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. بىرقانچە قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، قورال ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇل-نىڭ قېشىغا يېقىنلاشقاندا:

— كىم سەن؟ — دېگەن قاتتىق ئاۋازدىن جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

— مەن، — دېدى ئۇ سالاپەت بىلەن.

— مەن دېگەن كىم؟

— سۇلايمان.

— ئورنۇڭدا مىدىرلىماي تۇر.

سۇلايمان جايىدا جىم تۇردى.

— ئىككى قەدەم ئالدىڭغا ماڭ!

ئۇ ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭدى.

— پارول!

— مەن...

— مەن ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتىمەن، پارولنى دەپ بېرەلمى-گەن ئادەمنى تونۇمايمەن. خالمۇراتنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئارقىغا بۇرۇل! — دېدى ئۇ.

قوماندان ئارقىغا بۇرۇلدى.

— قولۇڭنى كۆتۈر!

قوماندان قولىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان خالمۇراتتىن 20 ـ 30 قەدەمچە يەردە بىر كوماندىر پوستتا تۇرغان جەڭچىگە كەينىنى قىلغان هالدا، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

ئارىلىقتىن يېرىم سائەت ئۆتتى. دىجورنى، قاراۋۇللارنى ئايلىنىپ يېتىپ كەلدى ـ دە، ئەهۋالنىڭ «قاملاشمىغانلىقى» نى كۆرۈپ خالمۇراتنى ئەيىپلەپ، قوماندانىدىن ئەپۇ سورىدى ۋە ئۆزى- نى تەكشۈرگىلى تۇردى. ئەمما، قوماندان سۇلايمان، ئۇنىڭ قىلغان گەپ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، تاماكىسىنى قاتتىق شو- رىغىنىچە باش شتابقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئاستا ـ ئاستا تاڭ يورۇدى. پوستتىن چۈشۈپ بىر ئۇخلى- ۋالغان خالمۇرات تامىقىنى يەپ، ۋەزىپە ئادا قىلىشقا ماڭدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە «كېچىدە قوماندانىنىڭ قولىنى كۆتۈرتۈپ توختىتىپ قويۇپتۇ» دېگەن سۆز چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن قى- سىمغا پۇر كەتتى. ئىككى ـ ئۈچتىن توپلانغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئىشخانىدا، تەلىم ـ تەربىيە مەيدانلىرىدا مۇشۇ مەسى- لىنى غۇل ـ غۇلا قىلىشماقتا ئىدى.

قوماندان سۇلايمان، كېچە قولىنى كۆتۈرتۈپ قويغان جەڭ- چىنىڭ قايسى پەيدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كې- يىن رۇستەمنى شتابقا چاقىرتتى.

رۇستەم ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، قوماندان سورىدى:

— جەڭچى خالمۇرات سىزنىڭ پەيدىمۇ؟

— شۇنداق، قوماندان.

— چاقىرىپ كېلىڭ.

پەيجاڭ رۇستەم بەش مىنۇت ئىچىدە ئۇنى چاقىرىپ كەلدى ۋە قوماندانغا دوكلات قىلدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى قوماندان خالمۇراتتىن.

— خالمۇرات، — دېدى هودۇقۇپ.

— قاچان ئارمىيىگە قاتناشقان؟

— بۇ يىل.

قوماندان خالمۇراتقا بىرقۇر زەن قويۇپ قارىۋالدى ـ دە، تارتمىسىدىن قەغەز ئېلىپ بىرنەرسە يېزىشقا باشلىدى.

خالمۇرات كۆڭلىدە: «مەن تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ئىش قىلغان ئوخشايمەن، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ مەيۇسلەندى.

قوماندان قەلەمنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ خالمۇراتقا كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— سەن ئارمىيىمىزنىڭ ئۈستابىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلدىڭ، ۋەزىپىنى جاسارەت بىلەن توغرا ئورۇندىدىڭ. شۇڭا، قوماندانلىق شتاب نامىدىن مۇكاپاتلىنىشقا لايىقسەن.

ئۈمىدسىزلەنگەن خالمۇرات قوماندانىنىڭ سۆزىدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى تۆكۈلگىنىچە شتابتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

1976 ـ يىل 5 ـ ئاي

# كۈتكۈچى قىز ۋە سىڭلىم

كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى پايانسىز ئاسمانىنىڭ گىرۋەكلىرىگە گويا گۈل سېۋىتىدەك ئېسىلغانىدى. مەن خېلى تاۋىمغا كېلىپ قالغانىدىم. كارىۋاتتىن يەرگە ئىرغىپ چۈشتۈم-دە، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئايغا قارىدىم، ئاي ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويغاندەك نۇرلىنىپ ئاستا سىلجىشقا باشلىدى. . .

سۈتتەك ئاق تام - تورۇس، سۈس يېشىل چىراغلار ئاي نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. ئەتراپقا قاراپ يەنىلا ئۆز ياتىقىمدا ئولتۇرغانلىقىمنى بىلدىم. كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا ئۆزۈم سىزغان رەسىم ئېسىقلىق تۇراتتى.

— ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالامسىز؟ — كۈتكۈچىنىڭ يېقىملىق سۆزى ئۆي ئىچىنى شۇنداق ئىللىتىكى خۇددى سۆيگۈ سىمفونىيىسىنى ئاڭلىغاندەك ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

— تېمپېراتۇرىڭىز تۆۋەنلىدى، ئوبدان-راق دەم ئېلىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ، يوتقىنىمنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ يەنە، — بىرئازدىن كېيىن دورا ئېلىپ كىرىمەن، — دەپلا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يارىشىملىق ئاق خالىتى ۋە خالاتقا يوشۇرۇنغان زىبا بەستى، يېقىملىق چىرايى خېلى ۋاقىتقىچە مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

تاسادىپىي ئۇچرىشىش دېگەن شۇ دە. مەن ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ مېھمانخانىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. بىز ئىككىمىز باشقا - باشقا رېلىستىكى پويىز تۇرساق، ئەجەب بۇ جايدا ئۇچرىشىپ قالدۇق - ھە! مۇبادا مەن ئائىلە يوقلاشقا بارمىغان

www.uyghurkitap.com

بولسام بۇ مېهمانخانىدا ياتمىغان، كېسەل بولۇپ قالمىغانمۇ بولاتتىم.

بۇ چاغدا ئېسىمگە پويىزدا ئىشلەيدىغان سىڭلىم كەلدى. ئۇمۇ بىر خىزمەتچى، ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ يىل بويى پويىزنىڭ قاتناپ يۈرىدىغانلىقىنى، ياشلىق باھارىنىڭ يول يۈرۈش، جۇغراپىيىلىك ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈش بىلەن زايا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ھەسرەتلىنەتتى. ھالىمدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بۇ قىزمۇ سىڭلىمغا ئوخشاشمىدۇ؟ بۇ شورپا بىلەن سامسىنى ئۇ ئەكېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ گۈزەل پەرىلەرگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ — ھە؟!

قايىنىغان ئۈسۈملۈك دورىسىنىڭ ھىدى دىمىغىمغا كىرىش بىلەن تەڭ، ئۇمۇ ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى سېھىرلىك، يۈزى ئاقۇش قىزىل، بۇرنى ئىلىپتەك تۈز بولۇپ، قارا كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى. قىز دورىنى ماڭا بېرىپ ئۆيىنى تازىلاشقا كىرىشتى. ئۇ پولنى يۇغاندا، شىرە – ئۈستەلنى سۈرتكەندە يەنىلا خۇشخۇي ئىدى. ئۇ ماڭا بەكلا يېقىپ قالدى. مەن كۆپ مېهمانخانىلاردا ياتقانىدىم. كۈتكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى قىلىۋاتقان ئىشنى ياراتمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىشەتتى. بەزىلىرى قىلغان ئىشىدىن نارازى بولۇپ زارلىناتتى. بۇ قىز بولسا ئۇنداقلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى.

— مېنىڭ بىر سىڭلىم بار، قىلىدىغان ئىشى سىزنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئوخشاشمايدۇ، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ئانچە سۆيۈپ كەتمەيدۇ، سىزگە قاراپ ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدىمەن ئۇنىڭغا قاراپ. ئۇ پەسىڭگىنە بىر كۈلۈپ قويۇپ:

— مېنىڭچە قىلىدىغان خىزمىتىنى ياخشى كۆرۈش، كەسپىنى سۆيۈش خاتىرجەملىكنىڭ، رازىمەنلىكنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. مەن كۆپ ئوقۇمىغان. دائىم مېهمانلار مەندىن رەنجىمە-

سىكەن دەيمەن. تىلىكىمگە يارىشا ھېچكىم مېنى خاپا قىلمىدى. سىزنىڭ سىڭلىڭىز قىلىدىغان ئىشنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى رەنجىتىپ قويىدۇ. بۇنى چۈشىنىش كې-رەك، بولۇپمۇ سىزدەك ئارمىيە كادىرلىرىنى ياخشى كۆتمىسەك، بىزدىن ھېچكىم رازى بولمايدۇ، — دېدى.

بۇ قىزنىڭ سۆزىدە چوڭقۇر مەنە بار ئىدى. مەن ئىچىمدە ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئوقۇدۇم. ئۇ سىڭلىمغا ھەقىقىي ئۈلگە بولاتتى. مەن بۇ ئۈلگىنىڭ گۈزەل قامىتىنى كۆڭۈل ئاپىراتىمدا تارتىۋالدىم. ئۇنى سىڭلىمغا ئېلىپ بارىمەن. سىڭلىم ئۇنىڭدەك ئۆز خىزمىتىنى سۆيىدىغان بولىدۇ...

مەن خىيالغا چۆمگەن ھالدا، چىقىپ كېتىۋاتقان كۈتكۈچى قىزنى ئۇزىتىپ قالدىم. باشتا ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەندە پەيدا بولغان مېھرىنىڭ باشقىچە ئەمەس، بەلكى ئاكا - سىڭىل ئوتتۇ-رىسىدىكى پاك قېرىنداشلىق مېھىر ئىكەنلىكىنى سېزىپ، يېتىپ قالدىم.

1978 - يىل 4 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# قوشۇندىن ئايرىلىش

A چېگرا ئېغىزىنى رازۋېد قىلىپ كەلگىنىمىزدە، پۈتۈن لىيەندىكى جەڭچىلەر شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشقانىدى. پەقەت ئاشپەزلەرنىڭ ياتىقىلا يورۇق تۇراتتى. مەن ھەر كۈنى ئادىتىم بويىچە كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئاشپەزلەر ياتىقىغا يېقىنلاشقىنىمدا، گۇڭۇلدىغان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى:

— بىزنىڭ لىيەنجاڭ تېپىلغۇسىز ئادەم ئىدى، ئۇ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەتسە، ئورنىغا كىممۇ كېلەر؟ — دېدى قازاق جەڭچى قاۋۇلبېك.

— مېنىڭچە، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ئەكبەر تۇرغان يەردە باشقىسىمۇ كەلمەس، ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ باشقىچىرەك بولۇپ قالدى، — دېدى ئەركىن.

— سىلەر نېمانچىۋالا باش قاتۇرۇپ كەتتىڭلار، بۇ دېگەن تەشكىل ئويلىشىدىغان ئىشلار، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دەپتىكەن، سىلەرگە نېمە تاپشۇرۇلسا شۇنى ئىشلىسەڭلەرلا بولدى، — دېدى كونا جەڭچى ئەسقەر.

— بولدى - بولدى ئۇخلاڭلار! — مۇئاۋىن بەنجاڭ يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزى بىلەن غۇلغۇلا بېسىلدى، ياتاق ئىچى شۇ ھامان جىمجىتلىققا چۆمدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ھەممەيلەن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. بايا باشقىلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشماي، ئۆز خىيالى بىلەن بولغان جەڭچى ياسىنلا ئويغاق ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئەتە قىلىدىغان ئىشلار بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە:

ئوچاققا ئوت قالاپ سۇ ئىسسىتىش، موما ئۈچۈن خېمىر

يۇغۇرۇش، سەي توغراش، سەي قورۇش، ئاندىن سەپەر ئۈستىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆلچەملىك ئوتۇن تەييارلاش. . . يەنچۇ؟ ئۇ كۆپ ئويلاندى ۋە بۇ ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈ-رۈپ، توساتتىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ خېمىرتۇرۇچنىڭ ئېلىپ قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. شۇڭا كىيىندى - دە، ئاشخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىش ئۈچۈن بەنجاڭ شاكىرنىڭ يېنىغا ئاستا بېرىۋىدى، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى. «ھاجەتكە چىقىپ كەتكەندىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ چاپى-نىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ، نەگە كەتكەندۇ؟ ئەمدى ئاشخانىغا قانداق كىرەرمەن، قۇلۇپنى چاقايمۇ؟ بولدىلا، يوق يەردىن ئۆزۈمگە ئىش تاپماي بىرىپ ئۇخلىغىنىم تۈزۈك. تۇنۇگەن بەكمۇ ھېرىپ كېتىپتىمەن. ئەتە چېگرىدا بىرەر ئىشمۇ يۈز بېرىپ قالماس» دەپ ئويلىدى - دە، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ياتتى. لېكىن، كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەي لىيەنجاڭنىڭ خوشلىشىش ئالدىدا قىلغان سۆزى-نى ئويلاپ قالدى: «سەپداشلار، بىز ئەسكەر، نەگىلا بارمايلى بىزنىڭ تۇپ ۋەزىپىمىز ئۆزگەرمەيدۇ، ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزگە قارىتا ئاغدۇرمى-چىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدىن يانغىنى يوق، شۇڭا مېڭىمىزدىكى جەڭ ھازىرلىقىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قو-يۇشقا بولمايدۇ. . .» ئۇ ئويلىغانچە خاتىرجەم بولالماي ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇدۇل ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئاشخانىنىڭ چى-راغلىرى يورۇق ئىدى، بىر - ئىككىيلەننىڭ ھەرىكەت قىلىۋات-قانلىقى ئۇنىڭغا دېرىزىدىن مەلۇم بولدى. ياسىن ھەيران بولغى-نىچە خۇددى ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتەك ئاشخانىغا ئېتىلىپ كىردى.

— تېخى تاڭ ئاتمىغان تۇرسا، ئۇخلىماستىن نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى لىيەنجاڭ باتۇر، ئۇنىڭغا كۆيۈن-گەن ھالدا.

— ئۆزىڭىزچۇ يولداش ليەنجاڭ؟ سىز ئاللىقاچان بىز بىلەن خوشلاشقان ئىدىڭىزغۇ؟

ليەنجاڭ جاۋاب بەرگۈچە، ئاشپەزلەر بەنـنىڭ بەنجاڭى شاكىر:

ئەگەر ليەنجاڭ مېنىڭ سەمىمگە سالمىغان بولسا، بۈگۈن ئاخشام ليەننىڭ جەڭ ھازىرلىقى ئوزۇقلۇقى تەييارلانمىغان بولاتتى. گەرچە باتۇر ليەنجاڭمۇ كەسىپ ئالمىشىش بۇيرۇقى ئوقۇلۇپ، بىز بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان بولسىمۇ، قوشۇندىن ئايرىلىشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا بىز جەڭچىلەر ئۈچۈن سوقۇپ، ئۇخلىيالماپتۇ. مەن ئۆزۈم يېتىشەلەيمەن دېسەممۇ ليەنجاڭ قايتىشقا ئۇنىمىدى. ئەمدى سەن كەلدىڭ، ليەنجاڭ قايتىپ بېرىپ ئۇخلىۋالسۇن ـ ھە.

— مەنمۇ شۇ ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، يولداش ليەنجاڭ، سىز ئەتە سەھەردە يولغا چىقىسىز، قايتىپ دەم ئېلىڭ، بۇ ئازغىنا ئىشنى بەنجاڭ بىلەن مەن قىلىۋېتەي، — دېدى ياسىن ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

— ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئويىمىز بىر يەردىن چىقىپتۇ، كېلىڭلار ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قولمۇقول تۇتۇپ، جەڭ ھازىرلىقى ئوزۇقلۇقىنى تەييارلايلى، — دەپلا يېڭىنى تۈرگەن ليەنجاڭ خېمىرغا تۇتۇش قىلدى. ياسىن بىلەن شاكىرنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئىختىيارسىز ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ليەنجاڭغا بولغان ھۆرمەت، سۆيۈنۈش چىرايلىرىدا ئەكس ئېتىپ تەبەسسۇم پەيدا قىلدى. بۇ، ليەنجاڭنى يەنە قايتىپ كېتىشكە زورلاشنىڭ ئەمدى ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرەتتى.

تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ ئىدى. قار قاتتىق ئۇيۇقۇغا كەتكەن زېمىننى پۈتۈنلەي كۆمۈۋەتمەكچى بولغاندەك، لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت قاتتىق چېلىنغان جىددىي يىغىلىش سىگنالى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى تاتلىق ئۇيقۇدىن

ئويغاتتى.
بۇ قېتىمقى جەددىي يىغىلىش سىگنالى تۆەن شتابىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن چېلىنغاندى. 5 - لىيەندىكى كادىر - جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى كېچەلىك جەددىي يىغىلىش تەلىپى بويىچە لىيەن شتابى ئالدىدىكى مەيدانغا ئۈچ مىنۇت ئىچىدە تەييار بولۇپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. ئاشخانىدىن چىققان لىيەنجاڭ باتۇرمۇ ياتاقلارنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، جەڭچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ بولدى. دىجورنى كومادىر سەپ ئالدىدا تۇرۇپ، جەڭچىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە بۇ جەددىي يىغىلىشنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە جاكارلىدى:
— A چېگرا ئېغىزىدا دۈشمەننىڭ ھاۋادىن يوشۇرۇن تاشلىغان ئىشپىيونلىرى سېزىلىپتۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز: ئۇلار جاي - جايلارغا تارقىلىپ كەتكۈچە بىرنىمۇ قاچۇرماي «قاپقان» غا چۈشۈرۈش...
دىجورنى كوماندىرنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەن، 5 - لىيەن چاقماق تېزلىكىدە ئاتلىنىپ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن A چېگرا ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. ھەرقايسى پەيلەر ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن نۇقتىلارغا جايلاشتى. بىر مەھەل كۈتۈپ ياتقاندىن كېيىن، ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىندى. يوشۇرۇنغان دۈشمەنلەر تەرەپ - تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ ئوت كۈچى مەركەزلەشتۈرۈلدى. 3 - پەيدىن باشقىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. پەقەت 3 - پەيلا دۈشمەن ئوت كۈچىنىڭ نۇقتىسى بولۇپ قالغاچقا، ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇلار جايلاشقان ئورۇن، ئۆزىنى قوغداشقا قولايسىز، دۈشمەننىڭ قارشى تۇرۇشىغا قولايلىق جاي ئىدى. دەل شۇ پەيتتە يېتىپ كەلگەن لىيەنجاڭ باتۇر، دۈشمەن يېنىدىكى جىلغا بىلەن ئىلگىرىلەپ،

دۈشمەن سېپىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشقا قولايلىق ياراتتى.

3 - شۆبە پەينىڭ باشلىقى مۇئاۋىن لېيەنجاڭ ئەكپەر ئىدى. ئۇ، لېيەنجاڭنىڭ قوشۇندىن ئايرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتتىنمۇ يەنىلا ئۆزىگە ياخشى ئوقۇتقۇچى، ھالقىلىق پەيتلەردە جەسۇر باشـلامچى بولۇۋاتـقانلىقىـدىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تەسىرلىنىپ:

— يولداش لېيەنجاڭ! سىز. . . — دېگەن سۆزنى ئارانلا قىلالىدى - دە، بۇيرۇقـقا بىنائەن، جەڭچىلەرنى باشلاپ جىلغا ئىچىدىن يۈرۈپ كەتتى. لېيەنجاڭ باتۇر، دۈشمەن ئوت توچكىسىنى قاتتىق ئوققا تۇتۇپ، ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە گرانات ئاتتى - دە، 3 - پەينىڭ تېز ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشاپ، ھاۋادىن تاشلانغان بۇ جاسۇسلارنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ چاغدا تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. 5 - لېيەنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى غەلىبە شادلىقىغا چۆمۈپ، پېشقەدەم لېيەنجاڭ باتۇرنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن:

— ئالغا، ئالغا، ئالغا!

بىز بارىمىز قاراپ قۇياشقا!

. . .   . . .   . . .

دېگەن ئارمىيە مارشىنى ياڭراتتى. قىزىرىپ يالقۇنلانغان ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۇلارنىڭ يولىغا ئالتۇن نۇرلىرىنى تۆكتى.

1980 - يىل 8 - ئاي

# ئۇقۇشماسلىق

ئىيۇل ئايلىرى بولۇپ، تاغ چوققىلىرىدىكى ئاپئاق قار ئاپ-
تاپ تەپتىدىن ئېرىشكە باشلىغانىدى. ئانارگۇل بىرقانچە كۇن
ئايروپىلان، ماشىنا، تراكتور ئاخىردا ئېشەك هارۋىسىغا ئولتۇ-
رۇپ يول يۇرۇپ پامىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان
كىچىك يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى
كېلىشى بولغاچقا، قاياققا مېڭىشىنى ئۇقماي بازار ئوتتۇرىسىدا
تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ، سەل ئۇمىدسىز-
لەندى، چىرايىمۇ غەمكىن تۇس ئالدى. چۇنكى، ئۇ شۇنچە چوڭ
شەھەردىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەلگەن تۇرسا، بىرەر كىشى
چىقىپ ئۇنى كۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى - دە.

* * *

پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان ھەربىي گازارما بىناسى سۇزۇك
ئاسماندا ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۇلۇپ
تۇراتتى. ئىشخانىدىن ئالدىراش چىققان ليەنجاڭ ئەمەت ۋېلىسى-
پىت بىلەن يېزا بازىرىغا قاراپ يول ئالدى. سۆيۇملۇكى بىلەن
كۆرۇشىدىغانلىقى ئۇچۇنمۇ ۋېلىسىپىتىنى بار كۇچى بىلەن تېپەت-
تى، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى. ئەمەت بازارغا يېقىنلاشقاندا،
تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇنارنىڭ تۇۋىدە تۆت تە-
رەپكە كۆز تىكىپ تۇرغان ياش ئايالنى كۆرۇپ ئۆزىنىڭ «ئانار-
گۇل» دەپ توۋلىۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئەر - خوتۇن
ئىككىسىنىڭ ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرى

ئوتتەك چاقناپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قانلىرى گويا دەريا سۈيىدەك مەۋج ئۇرۇپ، خۇشاللىق ياشلىرى مەڭزىدىن ئاقتى. بولۇپمۇ ئانارگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئەمەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشتى. ئەمەت ياغلىق بىلەن ئايالىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى.

تومۇز كۈنلىرى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ئاسمان قاش تېشىدەك سۈپسۈزۈك، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بۈك ـ باراقسان دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشلارنىڭ سايراشلىرى بىلەن، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن، باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلىغان ئاۋازى قوشۇلۇپ، بۇ يېزا بازىرىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئايالىنى باشلاپ كېتىۋاتقان ئەمەت لېيەنجاڭنىڭ كۆزى بىردىنلا يول چېتىدە توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە چۈشتى. ئېرىقنىڭ قىرىدا بىر ئايال ياتاتتى. ئەسلىدە ئۇ ئايال لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن بازارغا كىرگەن بولۇپ، توساتتىن قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ يىقىلىپ قالغانىكەن. ئەھۋالنى بىر دېھقان ئايالدىن سوراپ ئۇققان ئەمەت تېز بېرىپ ئايالنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈردى ـ دە، دوختۇرخانىغا قاراپ يول ئالدى.

ئۆزىنى تاشلاپ قويۇپ، بىر ئايالنى يۈدۈگىنىچە كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان ئانارگۈلنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى، كۆندەشلىك ئوتى يۈزىگە تەپتى. «ئەمدى كەلسەم، تۈزۈك ھال ئەھۋالىمنى سورىمايلا ئۇ ئايالغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنچە ئادەم ئىچىدە ئۇ ئايالنىڭ ئەمەتتىن باشقا تونۇشى يوقمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئائىلىگە بارمايدىكىن دېسەم، مانا شۇنداق سەتەڭلەر ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرغانىكەن ـ دە؟» دەپ ئويلاپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنى ھازىر يەشكۈسىز چىگىش خىياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى، قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. ئۇ نەرسىلەرنى بىردەم يەرگە قويۇپ، بىردەم قولىغا ئېلىپ، ئاخىر كەلگەن تەرەپكە قاراپ يول

ئالدى. دوختۇرخانىدىن ئالدىراپ چىققان ئەمەت كېتىۋاتقان ئانار-گۈلنى كۆرۈپ:

— ئانارگۈل! — دەپ چاقىردى. ئانارگۈل جاۋاب بەرمەي كېتىۋەردى، ئەمەت يېتىشىۋېلىپ:

— نېمە بولدىڭىز ئانارگۈل؟ — دەپ سورىدى.

— چىراي دېسە ئاينى بېسىپ چۈشكۈدەك چىرايىم تۇرسا، تېگى پەسلىك قىلىپ، كۈپكۈندۈزدە ئايال كىشىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى، ئەگەر مېنى ياراتمىغان بولسى-ڭىز توي قىلمىسىڭىز بولمامتى؟ — ئانارگۈل ئېسەدەپ يىغلاپ مېڭىشقا تەمشەلدى، ئەمەت قانچە قىلىپمۇ ئانارگۈلنى قايىل قىلالمىدى. . . شۇ تاپتا يۈرەكنى يېرىپ كۆرۈشنىڭ ئورنى بولسا ئىدى. بۇنىڭغا ئامال قانچە؟ ! . . . شۇنداقتىمۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

* * *

غەربكە قايرىلغان قۇياش ئۆزىنىڭ ئوتقاشتەك نۇرىنى ئەتراپقا ئايىماي چاچماقتا. دوختۇرخانىدىن چىققان ئەركىن بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى تۇرغان تەرەپكە تېز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كەلگىنىچە ئەمەت لىيەنجاڭنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىپ:

— رەھمەت لىيەنجاڭ، ئەگەر سىز ۋاقتىدا ئايالىمنى دوخ-تۇرخانىغا ئېلىپ بارمىغان بولسىڭىز، ئىككى بالام يېتىم بولۇپ قالار ئىكەن. رەھمەت سىزگە، — دېدى يېنىدىشلاپ.

— هازىر قانداقراق؟ — سورىدى ئەمەت.

— دوختۇرلار، جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي ئى-كەن، ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىنىپتۇ، ئوپېراتسىيە قىلىمىز، بىر-نەچچە كۈندىن كېيىن ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ ئوپېراتسىيە بۆلۈ-مىگە ئەپكىرىپ كەتتى. مەن سىزگە رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىڭ، — دېدى ئەمەت. ئەركىن قانداق تېز كەلگەن بولسا، دوختۇرخانىغا شۇنداق تېز كەتتى.

— بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئانارگۈل ئەھۋالنى چۈشەنمىدى-ده، ياشلىرىنى ئىرتىپ ئەمەتكە قارىدى:

— سىززە. . .

1982 - يىل 2 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# قايتۇرۇپ بېرىلگەن «سوۋغات»

يەكشەنبە كۈنى، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ئۆزۈم يالغۇز مەشىق مەيدانى ئالدىدىكى كۆچەتزارلىقنى ئارىلاپ مېڭەمنى ئارام ئالدۇرماقچى بولدۇم. قاتار تىكىلگەن تىرەك كۆچەتلىرى شۇنچە رەتلىك بولۇپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. كۆچەتزارلىق ئوتتۇرىسىدىكى تار ئەمما، تاناپتەك تۈز كەتكەن كىچىك يولدا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئالغا بېسىپ بارماقتىمەن. كۆچەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى لەرزان شامالدا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، گويا چاۋاك چېلىپ مېنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. «ئەمگەكنىڭ تېگى راھەت» دېگەن شۇدە؟ ! ئىلگىرىكى بۇ چۆل جەزىرىلەر باتۇر ۋە چېۋەر قوللار بىلەن مانا بۈگۈن باغۇبوستانلىققا ئايلاندى، مەن شۇلارنى ئەمدىلا خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇمغا، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مېڭىشتىن توختاپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم، تۆت - بەش قەدەم نېرىدىلا لېيەنمىزنىڭ كاتىپى ئىتتىك كېلىۋاتاتتى. «ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئەتىگەندە مېنى ئىزدەيدىغان نېمە ئىشى بار بولغىيتى» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇمغا، قېشىمدا توختىغان كاتىپ ماڭا بىر پارچە قەغەزنى بەردى. ئۇنىڭغا: «يولداش ئەمەت، بۈگۈن كەچ سائەت توققۇز يېرىمدا سىياسىي بۇنىڭ يىغىن زالىغا كېلىپ نەرسىلىرىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭ» دەپ يېزىلغانىدى.

مەن دەررۇ يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم، پۇل قاپچۇقۇم، قەلەمدىن تارتىپ ھەممە نەرسەم تولۇق ئىدى.

قىزىق! نېمىنى ئېلىۋالغىنى دەيدىغاندۇ؟ مەن كاتىپقا:

— ھېچنەرسەمنى يوقىتىپ قويمىدىم، — دېدىم كېيىپلا.

— ئۇقتۇرۇشقا ئىسمىڭنى ئېنىق يېزىپتۇ، بىرنى باقمام-سەن، بەلكىم بىر - ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يىتىم ئۆسكەن نەر-سىلىرىڭ تېپىلىپ قالدىمۇ تېخى، — دېدى كاتىپ.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۇەن شتابىغا قاراپ يول ئالدىم. مەجلىسخانىدا بىرمۇنچە كىشىلەر ئولتۇراتتى. مەن بىر بۇلۇڭ ئورۇننى تېپىپ ئولتۇرۇپ، ئۇياق - بۇياققا قارىسام ھېچقانداق ماددىي نەرسىلەر كۆرۈنمىدى. ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدىم.

يىغىن زالىنىڭ تۆرىدە قىسىمنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تىكىپ كۆپچىلىككە سەپسېلىشى-دىن ئادەم سانىنى ئېنىقلاۋاتقانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى.

كۆپچىلىك ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ ئولتۇرغان-دا مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، سەنمۇجاڭ، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدى-رى، ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق كىشىلەر داغلىق ھاراق، ئالبىي تاماكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. يەنە يەر-لىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارمۇ بار ئىدى.

سىياسىي كومىسسار گېپىنى قىرىپ قويۇپ يىغىننىڭ باش-لانغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە جاراڭلىق ئاۋازدا:

— يولداشلار، تۇەنجاڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى! — دېدى.

تۇەنجاڭ نۇقتىلىق ھالدا، ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئە-نىسىنى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە توختى-لىپ، ئۇرۇش يىللىرىدا ئوفىتسېرلارنىڭ جەڭچىلەرگە كۆيۈنگەن-لىكى، جەڭچىلەرنىڭ كادىرلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكى، كادىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ باراۋەر بولغانلىقى ھەققىدە كۆپ مىساللارنى كەلتۈرۈپ سۆزلىدى. شۇنداقلا ئاز ساندىكى ئەسكەرلەرنىڭ را-ھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، ھەسەتخورلۇق قىلىش، ئارقا ئىشىك-تىن مېڭىشتەك ناتوغرا ئىستىللار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىمۇ تەنقىدلەپ ئۆتتى.

«يەتتۇرۇۋەتكەن نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە بۇ سۆزلەرنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى باردۇ؟» دېگەننى ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدىم. تۇەنجاڭ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە قاتار تۇرغان ماددىي نەرسىلەرنى خۇددى ماددىي مۇكاپات تارقاتقانغا ئوخشاش ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ تارقىتىپ بەردى.

ئەسلىدە بۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باشلىقلارغا تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرى ئىكەن.

زال ئىچى تىمتاس بولۇپ قالدى. بەزىلەر پۇتىنىڭ ئۇچىغا، بەزىلەر تامغا چاپلانغان رەسىملەرگە قارىۋالغان بولۇپ، قىسقا نەپەس ئېلىشلار، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار، يۆتەل ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

نۆۋەت ماڭا كەلدى. مەنمۇ ئىنتايىن خىجىللىق ئىچىدە، «مۇكاپات بۇيۇمى» نى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى بىر ئىش ئېسىمگە چۈشتى:

ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. مەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاققا كىرىپ ئولتۇردۇم، كاللامغا باش ئايىغى يوق چىگىش خىياللار كېلىشكە باشلىدى. ئىچىم تىت - تىت بولۇپ ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدىم، كوچىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنى كۆردۈم ۋە خېلى ۋاقىتقىچە كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ قالدىم. مانا شۇ سائەتتىن باشلاپ مەندە تەبىئىي ھالدا ئاپتوموبىل ھەيدەش ئىستىكى قوزغالدى. «توختا! دېدىمەن ئۆز - ئۆزۈمگە، كونىلارمۇ ‹سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ› دەپتىكەن، باشلىقلارنى ئىزدەپ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەيمۇ. . .» دەپ ئويلىدىم.

خېلى كۈنلەر باش قاتۇرغاندىن كېيىن بىر ياخشى «چارە» تاپتىم - دە، سومكىنى كۆتۈرۈپ ماگىزىنغا ماڭدىم.

تۇن پەردىسى قايرىلىپ، ئاي نۇرلۇق جامالى بىلەن ئالەمنى

يورۇتقاندا، مەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سوسكىنى كۆتۈرگەـ نىمچە ئۇدۇل ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم.

— رۇخسەتمۇ؟

— ھە! كىرىڭ، — دېدى چىراغ يورۇقىدا گېزىت ئوقۇۋاتـقان ئۆمەر.

مەن ئىشىكنى ئاستا ئىچىپ كىرىپ كەلدىم.

— ھە ئەكبەرمۇ سىز، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۆمەر ئۇدۇلدىكى بوش ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدىم.

— مەن. . . مەن. . .

— ئەكبەر، نېمە گەپ بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ، — دېدى ئۆمەر دولامنى قېقىپ، — نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىسىز ـ ھە!

— مۇنداق ئىشتى، — مەن پېشانەمدىكى تەرنى يېڭىم بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سوۋغاتنى شىرە ئاستىغا قويدۇم ـ دە، سۆزۈمنى داۋام قىلدىم، — ئاڭلىسام تۆەن يېقىندا شوپۇرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچىدىكەن، شۇڭا. . . مەنمۇ. . .

بۇ تۆۋى يوق خىياللار ئاخىر مېنى يەنە يىغىن زالىغا باشلاپ كەلدى. قارىسام قولۇمدا ئۆمەرگە سوۋغا قىلغان ئىككى شىشە «ئىلى ھارىقى»، ئىككى بولاق «ئاسىما» ماركىلىق تاماكا تۇراتـتى. بۇ نەرسىلەرنى قولۇمغا ئالغاندا، بەرگۈچىگە قاراپ ئەمەس بەلكى ئۆزۈمنى يوشۇرۇشقا يەر تاپالماي قالدىم. ئېسىمدە قېلىـشىچە، ئۇ چاغدا ئۆمەر بۇ سوۋغاتنى ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلغانىدى. لېكىن، مەن بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدىم. كېيىن باشقا بىر كىشى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، نەرسىلەرنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن ھەم كۆپ چۈشەنچە بەرگەنىدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋغاتنى يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە مەخپىي ئاپىرىپ بېرىپ

قايتقانىدىم.

«ئەمدى ئاشكارا تەنقىدلىنىپ، جازالىنىدىغان بولدۇم» دەپ شەپكەمنى چۆكۈرۈپ كېيىۋالدىم. نەرسىلەر بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن سىياسىي كومىسسارنىڭ مۇنداق دەپ سۆزلەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي:

— كۆپچىلىك ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىنى ئەيىبلەش پوزىتسىيەسىدە بولماسلىقى لازىم. بۇ خىل ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆپچىلىكتىنلا كۆرۈشكە بولمايدۇ، بۇ قىسىمىمىزدىكى ئاز سانلىق كادىرلارنىڭ ناتوغرا ئىستىل جەھەتتە پاك بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۈگۈن كۆپچىلىكنى چاقىرىشىمىز پارتكومنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلىشىغا ياردەم بېرىشنى كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ بىزنى قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ليەنگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئىزتىراپتا قالدىم. ئەگەر بىرسى شۇ تاپتا مەندىن «سەن نېمىنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭ» دەپ سوراپ قالسا، مەن «ئىككى شىشە هاراق بىلەن ئىككى بولاق تاماكىغا سىلىشتۇرۇپ بولمايدىغان بىر ئىنقىلابىي جەڭچى بىلەن بىر كومپارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت» نى دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

1983 ـ يىل 6 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خىجىللىق

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى، يولۇچىلار بېكىتى ئالدىدىكى مېھمانخانا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكا نۇرى، بېكەت ھويلىسىدىكى قاتار تىزىلىپ كەتكەن ئاپتوبۇسلارنى، مەيداننى ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلىق گۈللۈكلەرنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ياتاقلارنىڭ چىراغلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يېنىپ تاڭ ئاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. سەپەر ھاردۇقى يەتكەن يولۇچىلار تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانغۇسى كەلمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى. بېكەت قورۇسىدىكى ئاپتوبۇس، ئاپتوموبىللارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان تۇرغۇن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، گازارمىدىن ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يۇرتىغا قايتماقچى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا بېكەتكە ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ، ئاپتوبۇستىن ياخشىراق ئورۇن ئىگەللىۋېلىشتىن باشقا ئوي يوق ئىدى.

بۈگۈن بېكەتنىڭ ئالدى بۆلەكچىلا ئاۋات. سومكا، يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكەن يولۇچىلار، تەرەپ ـ تەرەپتىن يېتىپ كېلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن قەيەرگە، نېمە ئىش بىلەن سەپەرگە چىققانلىقىنى سورىشاتتى. مەيداندا يولۇچىلارنى ئۇزاتقۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. تۇرغۇن ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭ كىشىلەر توپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، چاققانلىق بىلەن شارت قىلىپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى ۋە كىشىلەر توپىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن بۇرۇن چىقىۋېلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇن ئېلىۋال-

غانلىقى ئۈچۈن خۇشاللاندى، يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا چىقىپ بول-
دى، ئىشىكمۇ يېپىلدى. ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىققان كىشىلەر،
ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسى ئەتراپىغا ئولىشىپ ئاق يول تىلىشىپ،
ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى. ئاخىر ئاپتوبۇس
ئاستا قوزغالدى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ناخشا ئېيتسا، بەزىلە-
رى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاپتوبۇس ئىككى چېتى بوك ـ
باراقسان ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

ئاپتوبۇس بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن، شوپۇر سۈرئىتىنى
ئاستىلىتىپ، يول بويى ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئاپتوبۇسقا سال-
دى. ھەتتا ئۇ كەنتتىن بۇ كەنتكە، ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە
بارىدىغانلارنىمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋالاتتى. ئۇلاردىن ئاز بولغاندا
ئەللىك پۇڭ، كۆپ بولغاندا بىرنەچچە يۈەن ئالاتتى. چۈشۈپ
كېتىدىغان چاغدا پۇل بېرەلمىگەنلەرنىڭ شەپكىسىنى بولسىمۇ
ئېلىۋالماي قالمايتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە قىستا ـ قىستاڭ،
قىيا ـ چىيالار باشلاندى. مانا ئەمدى ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ئادەم-
لەر شىنا قاققاندەك، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇشقا مەج-
بۇر بولۇشتى. بۇ دەل تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتو-
بۇسنىڭ ئىچى تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى.

«بىزنى تىرىكلا دوزاخقا سالامدۇ نېمە بۇ شوپۇر؟» دەپ
ۋارقىرىدى ئارقىدا ئولتۇرغان بىر يولۇچى ھەدەپ ئۆزىنى يەل-
پۈپ، ئۇنىڭ باش كۆزىدىن سۇدەك تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

— ئۇستام، بىز ھەممىمىز يىراققا كېتىۋاتقان يولۇچىلار،
بۇ كوچا ئاپتوبۇسى بولمىغاندىكىن، يولدىن ئادەم سالمەن دېمەي
مېڭىۋەرمەمدۇق، — دەپ ئىلتىماس قىلدى مويسىپىت بىر كى-
شى. شوپۇرنىڭ تەلەتى شۇ ھامان سۆرۈنلەشتى.

— موللىكا، ھەممىمىز مۇسۇلمانغۇ، ئۇلارنى ئېلىۋالساق
ئازراق بولسىمۇ ساۋاب تاپمامدۇق؟ — دېدى شوپۇر ئۇستا. موي-
سىپىت كىشى جىمىپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇسنىڭ

ئىچى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇددى ئېتىلىپ كېتىۋاتقان شاردەك چېكىدىلىپ كەتتى. بىر ـ بىرىنى چاقىرغان ئاۋازلار، كىچىك بالىلارنىڭ قىستاڭچىلىقتىن ۋارقىراپ يىغلاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. شوپۇر يەنە توختىماي، ئىككى ئوتتۇرا ياشلىق يولۇچىنىمۇ ئاپتوبۇسقا ئېلىۋالدى.

— ئۇكام، بالامنىڭ. . . — تۇرغۇن ئاۋاز چىققان تەرەپكە كۆزىنىڭ قىرىدا قارىۋىدى، تېخى بىر ياشقا توشمىغان بالىسىنى باغرىغا مەھكەم باسقان هالدا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن بىر ئايالنى كۆردى. ئايالنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنـگەن تۇرغۇن ئورنىنى چىقىرىپ قويۇپ، دەرهال يۈزىنى ئاپتوبۇس دېرىزىسى تەرەپكە قىلىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— ئاچا، ماۋۇ ئورۇندا ئولتۇرۇۋالسىلا، — دەپ تۇرغۇننىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان 18 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىقىنە بىر قىز شارتتىدە تۇرۇپ، بالىلىق ئايالغا ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەردى ۋە تېخىچە ئەينەكتىن سىرتقا قارىغان هالدا يانتۇ ئولتۇرغان تۇرغۇنغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

قۇياش پېتىشقا يۈزلەنگەنىدى. بېكەت ئالدىدىكى ئۆستەڭدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ، ئاستا چىقىۋاتقان سالقىن شامال، كەچكى شەپەق نۇرىدا يالتىرىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئادەمگە ئاجايىپ گۈزەل تۇستە كۆرۈنەتتى.

يولۇچىلار ئاپتوبۇسى خېلى ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ، ئۆز مەنزىلى ئاۋات ناهىيىسىنىڭ بېكىتىگە يېتىپ كەلدى. قۇياش ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ، ئەتراپ گۇگۇم پەرەنجىسىگە ئورالغانىدى. تۇرغۇن يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرگىنىچە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئۆيـگە قاراپ يول ئالدى.

ئايرىلغىلى بىرقانچە يىل بولۇپ قالغان يۇرتىنى كۆرگەن تۇرغۇن، خۇشاللىق هېسسىياتى بىلەن ئەتراپقا زوقلىنىپ كۆز يۈگۈرتۈپ، يېزىسىنىڭ تەرەققىياتلىرىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ

چوڭ يولدىن ئوڭغا قايرىلدى. يول بويىدىكى چىراغلار ئاسماندىن ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش يەر - زېمىننى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ يول ئۇنى نەقىش قىلىپ يېڭىدىن سېلىنغان چىرايلىق بىر ئىمارەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىشىكنى قېقىۋىدى، ئۆي ئىچىدىن:

— كىم؟ — دېگەن ئاۋاز چىقتى.

— ئانا، مەن كەلدىم! — بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان چولپانخان ئاچا دەرھال دەرۋازىنى ئاچتى - دە، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئوغلى تۇرغۇننى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. چولپانخان ئاچا ئۆزىنىڭ كۆزىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تىنچ - ئامانلىق سورىدى. تۇرغۇنمۇ تىنچ - ئامانلىق سوراپ يەنە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئانا، مەن يوق كۆپ جاپا چەككەنسىز - ھە؟! — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ ئاق چاچلىرىنى سىلىغان ھالدا:

— ياق ئوغلۇم! سەن كەتكەندىن بېرى ئىسلاھات يۇرتىمىزغا كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۆيىمىزگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، چېلەك بىلەن سۇ توشۇشتىن قۇتۇلدۇم، تېلېۋىزور سېتىۋالدۇق. يېزا يولى ئاسفالت قىلىندى... دېسەم بەك تولا.

دىدار كۆرۈشۈش بىلەن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالغان تۇرغۇن ئۆزىنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۇرتىغا كەلگەنلىكىنى، تېخىچە ناھىيىلىك ئەمگەك ئىدارىسىگە دوكلات قىلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىركۈنى تاڭ سەھەردە يولغا چىقتى. ئۇ، ئىككى قېشى ياپىېشىل مەجنۇنتال بىلەن قاپلانغان، زۇمرەتتەك زىلال سۇلار ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭنى بويلاپ ماڭدى. كۆڭلىدىكىدەك خىزمەت ئورنىغا ئورۇنلىشىۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. يولدا كېتىۋېتىپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنىمۇ بىرمۇبىر كۆڭلىگە تىزىۋالدى. ئۇ ھۆكۈمەت بىنا-

سىغا كىرگەندىن كېيىن، ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىنى ئىزدەپ تەستە تاپتى.

ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن ئىشىكنى چەكتى. ئىشخانىدىن:

— كىرىڭ! — دېگەن سىپايە ئاۋاز ئاڭلاندى. تۇرغۇن ئىشىكنى ئېچىپ ئىشخانىغا كىرىش بىلەن تەڭ، ئېغىزى گەپكىمۇ كەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ئاپتىربۇستا بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئايال ناھايىتى كۆركەم ئىش ئۈستىلى كەينىدە سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. كېيىنىشىمۇ شۇنداق رەتلىك، ئۆزى خىيالچان ئىدى. ئۇ ئىزدەپ كەلگەن ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇشۇ ئايال ئىدى. تۇرغۇن مەڭدىگەن ھالدا بويىنىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ھېلىقى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا بوۋاقنىڭ تېپىرلاپ يىغلاۋاتقانلىقى، تېنى ئاجىز ياش ئانىنىڭ ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ھالىتى نامايان بولدى...

1984 ـ يىل 9 ـ ئاي

# ئادىل تەقسىمات

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ باشلىرى. ئاقۇش تۇمان بارا - بارا تارقالدى. ئالتۇن شاردەك يالقۇنجاپ تۇرغان قۇياش كۆزنىڭ سۆزۈك ئاسمىنىدا يەنە پارلىدى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسى بويىغا جايلاشقان ھەربىي گازارمىدا جىددىي جەڭ مەشىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

ھەربىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ جەڭ مەشىقىگە قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئەمما ئۇلار تېخى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغانىدى. شۇڭا، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى. ئۇلار: «ئانكىتقا يازغان گېپىمىز گەپ، قىلغان ۋەدىمىزدىن يانمايمىز. ۋەتەننىڭ ئېھتىياجى بىزنىڭ ئارزۇيىمىز. پارتىيە نەگە بۇيرۇسا شۇ يەرگە بارىمىز» دېيىشەتتى.

پەقەت ئىلھاملا ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. ئۇ بۇكەمگىچە خىزمەت تەقسىماتى توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. دادىسىغا ئىشەنچ قىلاتتى. ئىلھام كەلگەن كۈننىڭ ئاخشىمى دادىسى ئۇنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ: «يارايسەن ئوغلۇم! مېنىڭ ئىزىمنى باسىدىغان بولدۇڭ، ئۈمىدىمنى يەردە قويمىدىڭ. قىسىم ساڭا ئوخشاش ھەربىي ئىنستىتۇتلارنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك قابىل كوماندىرلارغا موھتاج، سېنى جىق ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

دادىسى بىرقانچە قېتىم ئوغلى بىلەن مەكتەپ ھاياتى توغرىسىدا سۆزلىشىپ:

— خىزمەت تەقسىماتى توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئويلاۋاتى-

سەن، — دەپ سورىغاندا:

— سىز بولغاندىكىن كۆڭلۈمدىكىدەك يەرگە تەقسىم قىلىدىنارمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەن ھەمدە، — دادا، ئاڭلىسام يېڭىدىن بىر تۈەن قۇرۇلىدۇ دەيدۇ راستمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى ئەركىلىگەن قىياپەتتە دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— شۇنداق، يېڭىدىن بىر تۈەن قۇرۇلماقچى، — دېگەن ئىدى دادىسىمۇ ئوغلىغا ئاتىلىق مېھرى بىلەن تىكىلىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىلھام: «يېڭى قۇرۇلغان تۈەنگە تەقسىم قىلىنسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!» دەپ، ئويلىغان ۋە ھېچكىمگە بۇ توغرۇلۇق ئۈنچىقمىغانىدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان خۇددى دېڭىز سۈيىدەك سۈزۈك ئىدى. ئىلھام خىزمەت تەقسىماتى توغرۇلۇق بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ كادىرلار باشقارمىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ئىشخانىدىن «كىرىڭ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ ئىچكىرى كىردى ۋە ئولتۇرغان نىجاتنى كۆردى، ئۇلار ساۋاقداش ئىدى. كۆرۈشۈپ بىرپەس چاقچاقلاشقاندىن كېيىن، ئىلھام خىزمەت تەقسىماتى توغرۇلۇق سورىدى. نىجات بوش ئاۋاز بىلەن:

— ئاداش سەن يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈەنگە تەقسىم قىلىندىڭ، — دېگەنىدى، ئىلھام خۇشاللىقىدىن نىجاتنىڭ مۈرىسىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ ياخشى ئورۇنغا تەقسىم قىلىنىش ئارزۇسىغا يەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يايراپ كېڭەيگەن تېنى تېرىسىگە سىغماي قالدى. نىجاتتىن ئۆزى تەقسىم قىلىنغان تۈەننىڭ ئەھۋالىنى سوراپ باقماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك قېقىلدى.

— كىرىڭ، — دېدى نىجات. ئىشىك ئېچىلىپ ئوتتۇرا

بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، تەمبەل كەلگەن شاڭۋي ياقۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىلھام بارماقچى بولغان تۆەندىكى 6 ـ ليەنىنىڭ ليەنجاڭى ئىدى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ھەربىيلەرگە خاس ۋەزمىنلىك ۋە قاراقۇرۇم تېغىدىكى ئاق قار، كۆك مۇز، شالاڭ ھاۋالىق چېگرا رايونلىرىدا ئىشلەپ يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئىلھام گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، ئىشنى بۇزۇپ قويماي، دەپ ئويلاپ:

— دوستۇم كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم، ياخشى بار ئىكەنسەن، ئەمدى كېتەي، پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى، تېلېفون بېرەرسەن، — دېدى ـ دە، غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

* * *

ئىلھام پەرىشان ھالدا تەقسىمات قەغىزىنى كۆتۈرۈپ ھەربىي رايون كادىرلار باشقارمىسىدىن چىقتى ـ دە، ۋېلىسىپىتىگە مىندى. پېدالنى ئېرىنىسىزلىك بىلەن تېپىپ، ئۆستەڭگە يانداش ئاسفالت يولدا بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى. ئۈمىدسىزلىك ئۇنى بوشاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆستىڭە ئەتىگەندىن بېرى ئۇسسۇلۇق ئىچمىگەنلىكتىن چاڭقاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى. ياغلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقىغا قول سېلىۋىدى، قولىغا ئۆزىنىڭ چېگرا مۇداپىئە تۆەندىگە تەقسىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش چىقتى. تەقسىمات قەغىزىگە قارىغانچە ئۇنىڭ غېمى ئۇلغىياتتى، «مەن بىر باشلىقنىڭ بالىسى تۇرسام، دادامنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېگەن يېرىگە تەقسىم قىلىشمىدى...» دەپ ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى كۆز ئالدىغا: «بىر ھەپتە ئىچىدە خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بېرىش كېرەك!» دېگەن گەپ كېلىۋالاتتى، ئۇ خۇددى

www.uyghurkitap.com

قۇم خالتىسىنى ئېسىپ قويغانداك بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ۋۇجۇدىنى ئاران كۆتۈرۈپ، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭدى. ئەتراپ كەچكى شەپەقنىڭ كۈمۈش نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى.

كېچىچە ياغقان قار، تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ توختىدى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش كائىناتنى ئالتۇن سۈيى بىلەن يۇغۇرغانداك تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى. گازارما ئالدىدىكى مەيداندا تۇرغان ھەربىي ئاپتوبۇسلارنى شىزاڭ چېگرا مۇداپىئە رايونلىرىغا بارىدىغان ھەربىيلەر بىلەن خىزمەتكە يېڭى تەقسىم قىلىنىغانلار ئورنىۋالغانىدى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە يۈك - تاقلىرىنى ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئاپتوبۇستىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىققان كىشىلەر ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسى ئەتراپىغا ئولىشىپ سەپەرگە ئاق يول تىلەشتى. ئىلھامنىڭ دېۋىزىيە قوماندانى بولغان دادىسىمۇ ئۇزاتقىلى چىققانىدى.

— ئوغلۇم، خىزمەت تەقسىماتىڭ مېنىڭ ئىلتىماسىم بويىچە بولدى، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا كېتىۋاتىسەن. ھەر زامان ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلغىن، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ساڭا ئاق يول بولسۇن!

ماشىنىدا كېتىۋاتقان ئىلھامنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاتىسىنىڭ سۆزلىرى ياڭرايتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن غەم - غۇسسىلەر ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، سەپداشلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

1986 - يىل 6 - ئاي

# گۇمان

سىز كۇئېنلۇن تېغىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ خۇددى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرغاندەك ناھايىتى ئېگىز كۆرۈنىدۇ، چوققىلىرى 8 - ئايلاردىمۇ ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. كۈمۈش تونغا ئورالغان ھالدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مانا مۇشۇ ھەيۋەتلىك تاغ باغرىدا مۇداپىئە قىسىملىرىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى كېچە - كۈندۈز قوغدايدۇ.

بۇ يەردىكى جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ كۆڭۈللۈك ھەم جاپالىق، ئەتراپتا تاغدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. يەكشەنبە كۈنلىرى جەڭچىلەر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، چۈمۈلىلەرنىڭ سەپ - سەپ بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى تاماشا قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىشىدۇ. بۇ جەڭچىلەرنىڭ كۆپى ساددا بولۇپ، بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇلار نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدۇ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدۇ. بۇ يەردە يا ئۇنداق، يا مۇنداق چاتاقلارنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇ يەردە چاتاق چىقىرىدىغان ھەردەم خىياللار، شۇنداقلا چاتاق چىقارغۇدەك سورۇنمۇ يوق. ھالبۇكى، بىر كۈنى چاتاق چىقمىغان بولسىمۇ، ھېچ كۈتمىگەن بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى:

كۈن قايرىلغاندى. 3 - لىيەننىڭ جەڭچىسى قاسىم قىلچە تۈزۈت قىلماي ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىرىپ كەلدى.

— لىيەنجاڭ، ماڭا كەلگەن تېلېگراممىنى نېمىشقا بەرمەيسىلەر؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ھەسەن لىيەنجاڭ چىرايىدىن قار يېغىپ تۇرغان قاسىمغا

ئەجەبلىنىپ قارىدى. قاسىم ئەسكەرلىككە كىرگەندىن بېرى ۋەزىپىسىنى خېلى ياخشى ئادا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولماقتا ئىدى.

ھەسەن ليەنجاڭ شۇلارنى ئويلاپ:

— قايسى تېلېگراممىنىڭ گېپىنى قىلىسەن، ساڭا تېلېگراممىدا كەپتۇ دەپ كىم ئېيتتى، تېلېگراممىڭنى كىم باسۇرۇپ قويۇپتۇ؟ — دېدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلغان سوئاللارغا جەڭچى پەسەنت قىلماي تۇرىۋەردى.

— قارا سېنى! — دېدى ليەنجاڭ خۇرسىنغان ھالدا، — ساڭا تېلېگراممىدا كەلدى دەپ كىم ئېيتتى؟

جەڭچى يەنىلا بۇلۇڭغا تىكىلگىنىچە گەپ قىلماي ماي تارتىپ جىم تۇرۇۋالدى.

— زادى نېمە ئىش؟ سەن «ئىچىمدىكىنى تاپ» دەپ تۇرۇۋالساڭ، مەن نەگە بېرىپ، كىمدىن سورايمەن؟ ئاسماندىن سورايمۇ، يەردىنمۇ، گەپ قىلساڭچۇ!؟

— باشقىلاردىن ئاڭلىدىم، — دېدى بىر ئاز بوشاشقان ھالدا قاسىم.

— كىمدىن؟

— . . .

ئۇ يەنە جىم تۇرۇۋالدى. بۇ «خەۋەر»نى يەتكۈزگەن سەپدىشىنى پاش قىلىپ قويۇشنى خالىمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ليەنجاڭ بۇنى قىياس قىلىپ، بۇ «خەۋەر»نى يەتكۈزگۈچىنىڭ چوقۇم يېڭىلا سىرتتىن قايتىپ كەلگەن ئاشۇ كىشى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردى.

— قاسىم، — دېدى ليەنجاڭ سۆز باشلاپ، — سەن ئەھۋالنى رەھبەرلىكتىن سوراپ بىلمەكچى بولغىنىڭ يامان ئىش ئە-

مەس، ئەمما ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. تەشكىلگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىز چوقۇم تەكشۈرىمىز، قالايمىقان گۇمان قىلساڭ، باشقىلارنىڭ گېپىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتسەڭ بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ سەن ئەسكەر بولغىلى ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئىزچىل ياخشى ئىشلەپ كەلگەنىدىڭ، ئۆزۈڭ بىلەن بىر يىللىق جەڭچىلەر ئىچىدە ئىپادەڭ خېلى گەۋدىلىك بولۇۋاتاتتى. كىچىككىنە ئىش بىلەن باشقىلارغا يامان تەسىر بەرسەڭ بولمايدۇ. سەن ھازىر قايتىپ بېرىپ نېمە گېپىڭ بولسا، بەنجاڭغا دېگىن. ئۆزۈڭ بىۋاستە لىيەندۈيگە كەلمە! بايا ئىشىكتىن كىرگەندە، رۇخسەتمۇ سورىمىدىڭ، ھەربىي ئىنتىزامنى ئۇنتۇپ قالغان جەڭچىنى قانداقمۇ جەڭچى دېگىلى بولسۇن.

قاسىم تامغا تىكىلگىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ!

قاسىم بۇ قېتىم ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ھەسەن لىيەنجاڭ كۆڭلىدە: «بۇ زادى قانداق ئىش؟» دېگىنىچە، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— خەۋەرچى!

يۈگۈرۈپ ئىشخانىغا كىرگەن خەۋەرچى لىيەنجاڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

— 2 - بەننىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭىنى چاقىرىپ كېلىڭ!

— خوپ! — دېدى خەۋەرچى ۋە ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىشىك ئالدىدا مۇئاۋىن بەنجاڭ سۇلتاننىڭ:

— كىرىشكە رۇخسەت قىلىڭ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— رۇخسەت! — دېدى لىيەنجاڭ ھەسەن ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ئىشىك ئېچىلىپ، قاڭشارلىق، دوغىلاققىنە كەلگەن بىر

كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇ مۇئاۋىن بەنجاڭ سۇلتان ئىدى.
— سۇلتان مەن سىزنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى لىيەنجاڭ.
— بىلمەيمەن.
— ئۆزۈڭ قىلغان ئىشنىمۇ بىلمەمسەن؟
— ھېچ ئىش قىلغىنىم يوق.
— سەن قاسىمغا نېمە دېدىڭ؟
— قاسىمغا. . . — سۇلتان بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سوئالنى چۈشەنمىگەن ھالدا تەكرارلىدى.
— ئېيتقىنە قېنى؟ — لىيەنجاڭ سۇلتانغا تىكىلدى.
— ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم. . .
— ھېچنېمە! تېلېگراممىنىڭ ئىشچۇ؟
— تېلېگراممىغا! ؟ — ھە. . . تېلېگراممىغا توغرىسىدىكى ئىش. . . مەن ئۇنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان. . .
— نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟
— ئۇنىڭ ئۆيىدىن تېلېگراممىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.
— سېنى دوختۇرخانىغا تەكشۈرتىشكە ئەۋەتىش تەشكىلنىڭ ساڭا قىلغان غەمخورلۇقى، سىرتتىن كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ، جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتە تەۋرىنىشىگە سەۋەبچى بولساڭ بولامدۇ؟ سەن گەپ تارقىتىپ باشقىلارنىڭ كاللىسىنى قوداڭشىتماي، سۆز - ھەرىكەتتە دىققەت قىل! ئاڭلىدىڭمۇ؟
سۇلتان يەرگە قاراپ تۇرۇپ:
— ئۇنىڭ ئۆيىدىن تۈنۈگۈن تېلېگراممىغا كەلگەنىكەن، مەن تۈنۈگۈن بۇ چاققىچە لىيەنگە يېتىپ كەلدىمكىن دەپتىمەن، — دېدى.
— ئاغزىڭنى يۇم! — ھەسەننىڭ غەزەپتىن چىرايى تاتاردى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — بۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، — دېدى ۋە چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت بەردى.

— خوپ! — دېدى سۇلتان ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ سالام بېرىپ.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لىيەنجاڭ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپلا يەنە قويۇپ قويدى، چۈنكى، تېلېفون سىمىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكى ئېسىگە چۈشكەنىدى، ئۇ تېلېگراما بەرمەكچى بولۇپ، ئىشخانىدىن چىقتى.

تۈەن شتابى «لىيەنىمىزدىكى قاسىمنىڭ ئائىلىسىدىن تېلېگراما كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار» دېگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئىككىنچى كۈنى كەچلىك تاماقتا يېقىن ھەسەن لىيەنجاڭغا «تەكشۈرۈشىمىزچە، قاسىمنىڭ ئائىلىسىدىن ئانىسىنىڭ كېسەللى ئېغىر، تېز كەلسۇن، دېگەن مەزمۇندا بىر قانچە قېتىم تېلېگراما كەلدى» دېگەن جاۋاب تېلېگراما كەلدى.

— ھەي! مەسئۇلىيەتسىزلىك، — دېگىنىچە لىيەنجاڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئاچچىقىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن: «مەن جەڭچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن تېلېگراما، خەت - چەكلەرنى خالىغانچە باسۇرۇپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن تېلېگرامىنى تۈەن شتابىغا يوللىدى.

8 - ئايمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. كۈئېنلۇن باغرىدىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئالتۇن رەڭ تۈس ئالغانىدى. قاسىم تۈەندىن يۈك ئېلىپ كەلگەن ماشىنىنى ئىزدەپ ئاران تاپتى. ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا لىيەنجاڭ ھەسەن ۋە بىر توپ جەڭچىلەر تۇراتتى. جەڭچىلەر قاسىمغا ئالدىغان نەرسە ۋە بېجىرىدىغان ئىشلارنى تاپىلىدى.

— ئۆيگە بېرىش ئاسان ئەمەس، سەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بىر قانچە كۈن ئۇزاقراق تۇرساڭمۇ بولىدۇ. بۇنى مەن تەستىقلىدىم، — دېدى لىيەنجاڭ، نېمە ئۈچۈندۇر خىجىل بولغاندەك

يەرگە قاراپ تۇرغان قاسىمغا.

— ياق، خىزمەت ئالدىراش! ئىلاج بار بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئۇ ليەنجاڭنىڭ قولىنى قىسىپ خوشلىشىپ.

ماشىنا، ئەتراپى كۆككە تاقاشقان ئېگىز تاغ يولىدا توپا توزىتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. قاسىمنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «خەير ـ خوش! . . .» دېگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالدى.

دەل بىر ئاي بولغاندا قاسىم قايتىپ كەلدى. ئۇ ليەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇدۇلدىكى خىزمەت شىرەسىگە ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن ياغلىق توقاچ، پىچىنە ـ پېرەنىك، كەمپۈت، گۈلە ـ قاق قاتارلىق نەرسىلەرنى تۆكتى ـ دە، ليەنجاڭنى ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى. ليەنجاڭ ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— قانداق، ئۆي ئىچى ئامانمىكەن؟

— سالامەت، ياخشى ئىكەن، — دېدى قاسىم قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

— تېزلا قايتىپ كەپسەن، ئۆيدە قانچە كۈن تۇردۇڭ؟

— ئون كۈن.

— ئون كۈن؟ نېمىشقا كۆپرەك تۇرمىدۇڭ؟

— ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە داداممۇ كۆپ تۇرغۇزمىدى.

ليەنجاڭ ھەسـەن گۈلـدىن بىرنى ئاغزىـغا سېـلىپ يەنە سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن تېلېگراممىا بېرىپتۇ؟

قاسىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمگەنىدى.

ليەنجاڭ تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئالدىرىماي پۈۋلەپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە دېدى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق! ئېيتىۋەرگىن، سېنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرى چوڭقۇر بولىدۇ، بۇنى سەندىن

كۆرۈشكە بولمايدۇ.
قاسىم يەنىلا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
— بولدى، سەن چىقىپ كەتكىن، ياخشىراق ئويلىشىپ، كېيىن دېسەڭمۇ بولىدۇ، — لىيەنجاڭ ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.
قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. كۆيىنلۇن ئېتىكىدىكى كەڭ دالا گويا ئالتۇن سۇيى بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك نۇرلىنىپ چاقناپ تۇراتتى. ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتتى، لىيەنجاڭ قاسىمنىڭ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ قاسىمنى چاقىرىپ:
— قاچان قازا قىپتۇ؟ — دەپ سورىدى، ئېچىنغان ھالدا.
— ئۆتكەن يىلى بىرىنچى ئايدا، — ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئاستىدىكى يوغان، قارا كۆزىدىن ياش ئەگىدى.
— ئوغلۇمنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشىگە تەسىر يەتمىسۇن، دەپ تاكى مەن بارغۇچە بۇ شۇم خەۋەرنى دادام ماڭا بىلدۈرمىگەنىكەن... — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.
— بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما! — دېدى لىيەنجاڭ كۆيۈنگەن ھالدا ۋە تەسەللى ئېيتىپ قاسىمنىڭ كەينىدىن تاشقىرىغا چىقتى. ھەيۋەتلىك كۆيىنلۇن تېغى ئاسمانغا تىرەلگەن ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، بۇ تاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا تىكىلگىنىچە ئويغا پاتتى. لىيەنجاڭ بىر تەرەپتىن جەڭچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاڭلىقلىقىدىن سۆيۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ يولسىزلارچە گۇمانخورلۇقىدىن خىجىل بولدى.

1987 - يىل 3 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەلىپى كۆپ جەگچى

مەن بۇگۇن چىگرا چارلاش ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كەچلىك تاماققا يېقىن گازارمىغا يېتىپ كەلدىم. نەچچە كۈندىن بېرى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇۋەرگەچكىمۇ، بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى، دەم ئېلىۋالاي دەپ يانپىشىمنى ئەمدىلا كارىۋاتقا قويۇشۇمغا ئىشىك قېقىلدى.

— كىرىڭ! — دېدىمەن ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

يۈزى يۇمىلاق، كۆزى يوغان بىر جەگچى كىرىپ كەلدى. ئۇ، بىزنىڭ لىيەنىنىڭ جەگچىسى باتۇر ئىدى. بەستىدىن جەگچىلەرگە خاس غەيۇرلۇق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— كېلىڭ باتۇر، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۇدۇلۇمدىكى كىرىسلودىن ئورۇن كۆرسىتىپ، — بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، لىيەنجاڭ، — ئۇ دىققەتتە تۇرۇپ ئۆزىنى رۇسلىدى.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، — دېدىم.

— لىيەنجاڭ، مەن ئاشپەزلەر بەنىگە بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— «ئاشپەزلەر بەنىگە بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن؟» — ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا كۆز تىكتىم.

— ھەئە.

— نېمە ئۈچۈن؟

— كۆپرەك تېخنىكا ئۆگىنەيمىكىن دەيمەن.

— ھە؟ مۇنداق دېگىن، — دېدىم مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — سەن ئويلاپ باق، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخ-

شاش خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىشنى ئويلىسا قانداق بولىدۇ؟ ھەممە كىشى ئاشپەز بولۇپ كەتسە، ليەن - پەيلەردە كىم قالىدۇ؟ جەڭچى دېگەن تەشكىلىنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇشى كېرەك. سەن يېڭى ئەسكەرلەر ليەندە ئارمىيىمىزنىڭ ئۇستابىنى ئۆگەنگەنمۇ؟

ئۇ يەرگە قارىغىنىچە جىم بولدى.

ھەربىي سەپكە كىرگىنىگە ئاران بىر يىل بولغان بولسىمۇ، قىسىم رەھبەرلىرىنىڭ يېنىغا تولا قاتراپ، كۆپچىلىككە تونۇش بولۇپ قالغان بۇ جەڭچى، مۇناسىۋەت قىلىشقا خېلى پىشقانىكەن، دەپ قالدىم.

ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ بېزىرىپ تۇرۇۋېلىپ چىقىپ كەتكىلى ئۇنىمىدى.

— سەن تولا جېدەل قىلما، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە ياخشى بولماي تۇرۇپ، كاللامغا كەلگەننى قىلىمەن دەپ ئويلىمىغىن، — دېدىمەن.

— ئۇنداقتا تەلىم - تەربىيىدە ياخشى بولسامچۇ؟

— سەن ئاۋۋال سۆزۈڭنى ئەمەلدە كۆرسەت، ئاندىن بىرنەرسە دېيىشەرمىز!

— ياخشى! گېپىمىز - گەپ ئەمىسە؟!

ئۇ، مەن بىلەن گويا باغلاشقاندەك بولۇپ، خۇشال چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭغا قەيەردىن كەلگەن كۈچكىنىتاڭ! تەلىم - تەربىيە مەيدانىدىن ياتاققا كەلمەيدىغان بولدى. باشقىلار دەم ئالسا، ئۇ دەم ئالماستىن مەشىق قىلدى. قارىغا ئېلىش مەشىقىنى ئېلىپ بارغاندا، قولىنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە كېسەكنى ئېلىپ، مىدىر - سىدىر قىلماي كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، قولىنى تىترىمەيدىغان قىلىپ كۆندۈردى. بىر ئايدىن كېيىن راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مەشىقى بولغاندا، باتۇر بەش پاي ئوقنى 50 ھالقىغا تەگكۈزۈپ، ليەندىي بويىچە بىرىنچى بولدى. مەن قىلغان سۆ-

زۇمگە ئەمەل قىلىپ ئۇنى تەقدىرلىدىم، ئۇنىڭ باشقىلارنى جاپالىق ھەم تۆۋەن كۆرۈپ چىققىلى ئۇنىمايدىغان ئاشخانىغا چىقىشنى تەلەپ قىلىش روھىغا ئىلھام بەردىم ۋە ئۇنى رازىمەنلىك بىلەن ئاشپەزلەر بەنىگە چىقاردىم.

باتۇر ھەقىقەتەن ئۈمىدىمنى يەردە قويمىدى. ئۇ ئاشپەزلەر بەنىگە بېرىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەر خىل سەيلەرنى قورۇش، لەڭمەن، مانتا، پولۇ قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاشپەزلەر بەنىنىڭ غوللۇق ئۇستىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇ «مىللىيچە تاماقلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنى ئېتىش ئۇسۇلى» قاتارلىق كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلدى.

ئۆتكەن يىلى يازدا مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى مەخسۇتنىڭ تويىدا ئەتكەن پولۇ بىلەن قورداق بەك ئوخشىغاچقا مېھمانلار: «بۇ ئاشنى قايسى ئۇستام ئەتكەندۇ؟» دەپ سوراپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشتى.

بۇ يىل باھاردا بىزنىڭ لىيەنگە گازارما قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. باتۇر يەنە مېنى ئىزدەپ كېلىپ، قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن «ئازاب چېكىش»نى تەلەپ قىلدى. ئەمگەك كۈچىنى كۆزدە تۇتۇپ ماقۇل بولدۇم، ئاي ئاخىرىدا لىيەن بويىچە تام قوپۇش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردۇق. باتۇر بىر مىنۇتتا سۇپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ 20 خىش قويدى. ئۇ يەنە بىرىنچى بولدى.

يېقىندا لىيەندە كۆپكە قادىر ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقاندا، باتۇر يەنە مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى.

— مەن كۆپرەك تېخنىكا ئۆگىنىشنى ئويلاۋاتىمەن. مىلتىقنى قولۇمغا ئالسام ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئەسۋابنى قولۇمغا ئالسام كاسىپ بولالايدىغان، قىسىمدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەي-

دىغانلاردىن بولاي دەيمەن، — دېدى ئۇ يەنىلا كونا گېپىنى تەكرارلاپ. لېكىن، ئارقىدىنلا ياغاچچىلىق گۇرۇپپىسىغا بارسىلا، ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنى سەپداشلىرىغا ئۆگىتىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى. شۇندىن كېيىن، باتۇر ياغاچچىلىق گۇرۇپپىسىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى.

باتۇر خۇددى پادىشاھتىن يارلىق ئالغاندەك خۇشال ھالدا گېئومېتىرىيە، ماتېماتىكا كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۈچ بۇلۇڭ، تىك بۇلۇڭ بىلەن ھەپىلىشىپ يۈردى.

دېڭىز سۈيىنى ئۆلچەپ بولمىغاندەك، كىشىنىڭ چىرايىغا قاراپلا قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە باھا بەرگىلى بولمايدۇ، قارا ماتاق، پاكار كەلگەن باتۇر لېيەنىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى بولۇپ قالدى. كۆپچىلىك ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رېمونتچىلىققا ئوخشاش كەسپىي گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى. سەپداشلار تەلىم - تەربىيە ئارىلىقىدا، تاماقتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، مۇزىكا چېلىش، ناخشا ئېيتىش، رادىئو - ئۇنئالغۇلارنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

يېقىندا قىسىم قوماندانى كېلىپ باتۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى.

— خوش باتۇر، لېيەنىڭلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — سىناش نەزىرىدە سورىدى قوماندان.

— لېيەنىمىزدە ھەممىنى قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ياراملىق جەڭچى بولۇش ئىستىكى ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ، قوماندان.

باتۇرنىڭ بۇ جاۋابى قوماندانىنىڭ سۇرلۇك چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا قىلدى.

1987 - يىل 7 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# ئاتىدىن ئىلىنغان «ئىمتىھان»

لايلانغان قىزغۇچ سۇ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدىكى باراقسان دەرەخ سايىسىدا، 20 ياشلار چامىسىدىكى بىرقاچە جەڭچى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بەننىڭ بەنجاڭى مەردان ھەممىدىن ئىگىز ئىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ۋە ئاقۇش چىرايى ھەمىشە خىيالچان كۆرۈنەتتى. بۈگۈن جەڭچىلەر كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىشقانىدى. گەپتىن گەپ تۇغۇلۇپ، پاراڭ ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى بولغان مەردانغا مەركەزلەشتى.

— ھەي ئاداش! بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، گەرچە سەن ليەن بويىچە ھەممە جەھەتتە ياخشى بولساڭمۇ، ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتسەڭمۇ، يەنە كۈچلۈك ئارقا تىرىكىڭ بولمىسا، ئۇنى رازى قىلغۇدەك سوۋغات تەييارلىمىساڭ، چاقىرىق قەغىزىگە ئىگە بولۇشۇڭ ھامان قىيىنغا چۈشىدۇ، — دېدى جەڭچى قەيسەر چاقچاق قىلغان قىياپەتتە.

— سەن ماڭا ئۆگىتىپ تولا باش قاتۇرما، مەيلى قەيەردە بولماي ۋەتەنگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشالىساملا بولىدىغۇ، — دېدى مەردان سەپدىشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ھەي ئەخمەق! ئۇغۇ شۇنداق. ئىمتىھاندىن ئۆتسەڭ دىپلومغا ئىگە بولىسەن، كوماندىرلىققا ئۆسىسەن ئەمەسمۇ؟ كوندىلارنىڭ: «سەۋەب قىلساڭ، سىۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەيدىغان تەمسىلى بار. ھالقىلىق پەيتتە «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرساڭ قاملاشمايدۇ، — دېدى قەيسەر بۇ قېتىم جىددىي

سۆزلەپ.

— هەي ئاداش، قەيسەر راست دەيدۇ. پۇل دېگەن جانۋار شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سايتىدكەن. ئانچە - مۇنچە سوۋغا - سالام-لارنى يوللاش قولۇڭدىن كەلمەمدۇ؟ هازىر بەزىلەرنىڭ نەپسى چوڭىيىپ كەتتى. شۇڭا، «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم» دېگەندەك، هازىرقى ئەھۋالغا بېقىپ ئىش قىلمىساق قاملا-شمايدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى مۇئاۋىن بەنجاڭ جۇرئەت. سەپداشلىرى مەردانغا بىرقۇر مەسلىھەت بېرىشكەندىن كېيىن، بىرلەپ - ئىككىلەپ ئۆز ياتاقلىرىغا قايتتى.

*　　*　　*

كېچىچە ياغقان يامغۇر تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ توختىدى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئالتۇن نۇرى بىلەن كائىناتنى يورۇتۇپ تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى. لېكىن، مەردانىنىڭ كۆڭلى بىرقىسما ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى توغرۇلۇق ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ بەزىدە كۈن بويى جىمغۇر بولۇپ، لېيەندۈيدە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈرسە، بەزىدە سەپداشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ كېلەتتى. ھەتتا پوستتا تۇرغان-دىمۇ بۇ خىيال كۆڭلىدىن كەتمەيتتى. ئۇ بىر قىسىم كىشىلەر-نىڭ توغرا بولمىغان خىزمەت ئىستىلىدىن نارازى ئىدى. ئۇ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزدى.

شۇنداق، ئۇ قانچىلىك نارازى بولسا ھەقلىقتە، چۈنكى، ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش نومۇر چېكى «310» بولۇپ، مەردانىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى 362 ئىدى. ئەمما هازىر ھەربىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە چاقىرىق قە-غىزى كېلىپ بولغان بولسىمۇ، مەردانغا كەلمىگەنىدى.

قۇياش پېتىشقا يۈزلەندى. شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇ، ئاستا چىقىۋاتقان سالقىن شامال، كەچكى شەپەق نۇرىدا جۇلالانغان دەل ــ دەرەخ ياپراقلىرى، ياپيېشىل ئوت ــ چۆپلەر، چېچەكلەر ئۆستەڭ بويىغا بىر خىل رومانتىك تۈس بەخش ئەتكەنىدى. پېشايۋاندا ئولتۇرغان سادىق ئاكىنىڭ خىيال قۇشلىرى يىراق ــ يىراقلارغا سەپەر قىلغانىدى. ئويلىغانسېرى قورۇق باسقان چىراي ئىمە ئۈچۈندۇر تاتىرىپ قارا، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ قوي كۆزلىرىدە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر خىل ئاچچىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇ، بۇ دۇنيالىقتا بىرتاللا ئوغلىنىڭ ئۆچكە تىنىپ، كۈندىن ــ كۈنگە جۇدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالماي قىلىۋاتاتتى. ياش ئەگىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىنى ئوغلىنىڭ تەققەززالىق ئىلكىدە يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئالماي:

— بولدى ئوغلۇم، ئىچىڭنى ئاداتما، بۇنداق ئازابلىنىۋېرىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىسەن، — دېدى ئاتىلىق مېھرى بىلەن ۋە زوڭ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى.

مەردانغا ئەمدىلا تىل چىققاندا سادىق ئاكىنىڭ ئايالى ھەسەلخان توپىلاڭچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىغا قاتنىشىپ قۇربان بولۇپ كەتكەنىدى. گۆدەك بالىغا ھەم ئانا ھەم ئاتا بولۇپ كۈنلەرنى مۇشەققەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان سادىق ئاكا ئۇرۇق ــ تۇغقان، قولۇم ــ قوشنىلارنىڭ بېشىنى ئۇڭشاپ قويۇش ھەققىدىكى مەسلىھەت تەكلىپىگە قۇلاق سالماي: «ياق! مېنىڭ يادىكارىم ئۆگەيلىك دەردىنى تارتىپ قالمىسۇن» دەپ، ئۆيلەنمەي ئۆتتۈۋەردى. چاچلىرىنى ۋاقتىدا ئالدۇردى، رەتلىك كىيىندۈردى، قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ چىرايلىق باقتى. ئوغلى ئوقۇش يېشىغا ئەمدىگىنە توشقاندا ئۇنىڭ بۇدرۇق قولىنى تۇتۇپ، مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مەردان «ئاتا ــ ئانا» دەپ يېزىپ ساۋاتىنى چىقارغان چېغىدا، بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن سادىق ئاكا

ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئوماق ئوغلۇم، ئوبدان ئوقۇپ چوڭ بولغاندا ئاپاڭدەك ھەربىي دوختۇر بولغىن» دەپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆككەنىدى. . .

سادىق ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا يول ئالدى. ئۇ قوبۇلخانىغا كىرىپ قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن قارىدى: ئىشخانىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا شاڭشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋانى بار، ئېگىز بويلۇق بىر كىشى گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بۇ ھەربىي رايون كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئۆكتەم ئىدى. ئۆكتەم بۇندىن نەچچە يىللار ئىلگىرى سادىق ئاكىنىڭ قولىدا ئىشلىگەن بولۇپ، سادىق ئاكىنىڭ ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئاز بولمىغان يۈرەك - قېنى سىڭگەنىدى. سادىق ئاكا ئىشىكتىن كىرىپ قەستەن گېلىنى قىرىپ بىرنى يۆتەلدى - دە، ئارقىدىن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دېدى، ئۆكتەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇشياقمىغان ھالدا، كرېسلودىن ئورۇن كۆرسىتىپ، سادىق ئاكىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئوتتۇرا بويلۇق، بېشىغا كۇمۇشتەك ئاق سانجىلغان سادىق ئاكا قول قوشتۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى. ئارىنى بىرقانچە مىنۇت جىمجىتلىق باستى. سادىق ئاكا ئاخىر بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— مەن بىر ئىش بىلەن سىلىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، — دېدى.

— نېمە ئىش ئۇ؟ — دېدى باشلىق گېزىتنى شىرەنىڭ نېرىسىغا ئىتتىرىپ قويۇپ سوغۇققىنا.

— ئوغلۇم بۇ يىل ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەنىدى. لېكىن، ھازىرغىچە چاقىرىق قەغىزى كەلمىدى. شۇڭا. . .

— ھە، ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— مەردان.

— سىزنىڭچۇ؟

— سادىق، — دېدى ئۇ ئەجەبلىنىپ، «تونۇماسلىققا سېلىۋاتىسەن - ھە؟ باشلىق بولۇپ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن» دەپ ئويلىدى خاپا بولۇپ.

— مەردان سادىقمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق، — سەل جىددىيلىشىپ جاۋاب بەردى سادىق ئاكا.

باشلىق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، شىرە تارتمىسىنى ئاستا ئېچىپ، سېرىق لىپاپىنىكى چاقىرىق قەغەزلىرىگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى.

— مەن يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ھەر ھالدا بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئوغلىڭىز ئىمتىھاندىن ئۆتكىنى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆتەلىشى ناتايىن، بۇ ئىشقا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

20 يىل ئىلگىرى «ئارمىيە ئىچىدىكى چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ ناھەق كۆرەش قىلىنىپ، گۇناھسىز تۈرمىگە تاشلانغان سادىق ئاكىنىڭ يۈرەك يارىسى بىردىنلا تۇز قۇيۇۋەتكەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ياق، بۇ قايسى ۋاقىت؟ مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئېسىنى يىغىۋالدى.

— ئۇنداقتا، بۇنىڭغا ھېچ ئىلاج قىلغىلى بولماسمۇ؟ — دېدى سادىق ئاكا يېلىنغان ھالدا.

— بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. تېلېفوندا پەقەت بىر قېتىم سۆزلىشىشنىڭ ئۆزىگىلا بىرمۇنچە پۇل كېتىدۇ. بىزدە: «سەۋەب قىلسا، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن تەمسىل بار. قالغىنىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ.

سادىق ئاكا باشلىقنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئۇكام پۇلدىن غەم قىلمىسىلا، قانچىلىك كەتسە مەن تەييار! بالامنىڭ ئوقۇشى ھەل بولىدىغانلا بولسا، خىزمەتلىرىدە

بولغۇچىلىكىمىز بار، — دېدى. ئۆكتەم بۇ ئىشنىڭ ئوڭغا تارتى-
دىغانلىقىنى كۆرۈپ بوزۇلغان ئەلپازىنى ئوڭلاپ كۈلۈمسىرىدى.
— سادىق ئاكا، سىلى قايتىپ تۇرسىلا، مەنمۇ ئىلاج بار
سىلىنى چىقىم قىلدۇرمايمەن. ئامال قىلىپ بالىنى ياخشىراق
مەكتەپكە قوبۇل قىلىشقا كۈچەپ باقاي...
سادىق ئاكا ھەممە گېپىنى «رەھمەت»كە يىغىنچاقلاپ، ئۇنى
قايتا - قايتا تەكرارلىغىنىچە، يېنىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
سادىق ئاكا ئۇچۇن، ئۆكتەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش
قىلىش بىر چوڭ تاغنى يۆتكەشتىنمۇ قىيىنغا توختىدى. چۈنكى
ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى ۋە مۇنداق ناتوغرا
ئىشلارغا ئۆزىمۇ ئەزەلدىن ئۆچ ئىدى. بىراق، ئوغلىنىڭ بۇ
ئىشى ئۇنى ئامالسىز قالدۇردى. شۇڭا، بالا دەردىدە تۇنجى قېتىم
ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا «سەۋەب قىلىش» يولىدا تىنىم
تاپماي چېپىشقا باشلىدى.
ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سادىق ئاكا ئىشخانىغا
يەنە كەلدى. ئىشخانىدا ئۆكتەم يوق ئىدى. «بالامنىڭ ئىشى
قانداق بولغاندۇ؟» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. سادىق
ئاكا غەم بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئويغا پاتقان ھالدا ئاستا
قوزغالدى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بىر دەسسەپ،
ئىككى دەسسەپ ئىشخانا ئالدىدىن ئايرىلىپ چوڭ يولغا بۇرۇلۇ-
شىغا، ماشىنىنىڭ قاتتىق سىگنالى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. بېشىنى
كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىدا تۇرغان ئۆك-
تەمنى كۆردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى، قىزغىن كۆرۈشۈپ.
— سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۆكتەم سىپايىلىك
بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ئوغلۇمنىڭ تويى يېقىنلىشىپ قالغانى-
دى. قۇدىلار ئالدىرىتىۋاتىدۇ. زەرگەرنىڭ قېشىغا بارسام، ماڭا
يارىغۇدەك ئالتۇن بىلەزۈك يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئايلىنىپ

يۇرۇپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدى ۋە سادىق ئاكىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— بۇ ئىشنى پىقىرغا تاپشۇرسىلا، — دېدى سادىق ئاكا دەرھاللا، — ئۇنچىلىك خىزمەتلىرىدە بولمىساق، بىزمۇ سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلمىسەك بولىدۇ.

ئۆكتەم سىپايىگەرلىك بىلەن سادىق ئاكىنىڭ قەلبىنى يەنە قانداق قىلىپ، تېخىمۇ بەكرەك مايىل قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق چوت سوقۇپ ھىجايدى.

— يۇقىرى بىلەن سۆزلەشتىم، ھەل بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەتە كەچتە ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئۆيگە بېرىپ بۇ ئىشنىڭ خەۋىرىنى ئالسىلا، مېنىڭ ئۆيۈم ھەربىي رايوننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار قورۇسىدا، — دېدى ۋە سائىتىگە قاراپ، — مېنىڭ مۇشۇ تاپتا يەنە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، خەير، — دەپلا سادىق ئاكا بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىسىغا چىقتى.

سادىق ئاكا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ناماز شامدىن ئاشقاندى. ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پەقەت ئۆكتەمنىڭ: «سەۋەب قىلسا، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن سۆزى جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «نىمە ئامال بار» دەپ غودۇڭشىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. خۇپتەندىن يانغاندا، ئۇ ئىلاجىسىز چامادانىنى ئېچىپ 20 يىلدىن بىرى يالداما قىلىپ ساقلاپ كەلگەن مەرھۇم ئايالىنىڭ سەككىز مىسقاللىق ئالتۇن بىلەزۈكىنى قولىغا ئالدى-دە، باشلىقنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئەتراپ تۈن قاراڭغۇسىدا گۆرىستاندەك جىمىپ كەتكەندى. قاياقتىندۇر ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سادىق ئاكا باشلىقنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ ئىشىكنى قاققاندا، خۇش پىچىم بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى. سادىق ئاكا ئۇنى دەرھال تونۇدى. بۇ باشلىقنىڭ ئايالى ئىدى.

— بۇ سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تويىغا ئىشلىتىدىغان بىلەزۈك ئىكەن، — دېدى، قىزىل تۇگۈنچەكنى سۇنۇپ. بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋىرى بار باشلىقنىڭ ئايالى:

— ۋىيەي! ئۇ ئالتۇن بىلەزۈك ئالىمەن دەۋاتاتتى، ئاۋارا قىلىپ سىلىدىن ئەۋەتىپتۇ - دە، — دېدى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ھىجايغان ھالدا ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلىسىمۇ، سادىق ئاكا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. سادىق ئاكا باشلىقنىڭ ئۆي ئىشلىرىدا يەنە ھەمدەمدە بولۇشقا تېگىشلىك كەم - كۈتە ئىشلار بارمۇ - يوق، سوراپ بېقىشنى بانا قىلىپ، مەردانىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆكتەمنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىگە يېتىپ باردى. شۇ ئەسنادا باشلىقمۇ قولىدىكى سومكىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا قانداقتۇر بىر خىل ئاھاڭدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئىدارىسىدىن چىقىپ كەلدى ۋە سادىق ئاكىنى كۆرۈپ، خۇددى قەدىناسلاردەك قىزغىن قول ئېلىشىپ ھال - ئەھۋال سورىدى ۋە:

— ئوغلىڭىزنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، يۇقىرىغا تېلېفون بېرىپ تەستە ھەل قىلىپ قويدۇم، — دېدى - دە، سومكىسىدىن ئالمان - تالمان سېرىق لېپاپنى ئېلىپ سادىق ئاكىغا بەردى، — مەڭ، تولا داۋراڭ قىلماي رەسمىيەتنى ئۆتەڭ، ۋاقتىدا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرسۇن، بولمىسا گەپ كۆپىيىپ كېتىپ ئىش بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

— ماقۇل، خاتىرجەم بولسىلا، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز! — سادىق ئاكا نۇرسىز كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشنى سۈرتكىنىچە رەھمەت ئېيتىپ ھويلىدىن چىقتى.

1987 - يىل 11 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# پۇشايمان

گېنېرال ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشىغا ئىشىك قېقىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى ئۇ، ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ مەلۇم دېۋىزىيە كادىرلار باشقارمىسىنىڭ شاگۇيى ئۇنۋانلىق ئىش بېجىرگۈچىسى تۇرسۇن ئىدى. ئۇنىڭ بەستىدىن غەيۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— كېلىڭ، — دېدى، گېنېرال ئۇنىڭغا ئۇدۇلدىكى كرېسلودىن جاي كۆرسىتىپ، — بىرەر ئىش بىلەن كىرگەن ئوخشىمامسىز؟

شۇنداق، — ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن تەشكىلگە يازغان كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يەرلىككە چىقىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئالدى - دە، بېرىپلا چىقىپ كەتتى.

ئەمدىلا ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى ئالغان تۇرسۇننى باشقىلار بەكمۇ ياقتۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، گەپ - سۆزلىرى جايىدا، مۇلايىم، چىقىشقاق، چوڭلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان يىگىت ئىدى. مانا شۇ خىسلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشكەنىدى. شۇڭا، كۆپچىلىك ئۇنى: «ئۇزۇنغا قالماي ئۆسۈپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىشاتتى.

بۈگۈن كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى ئەخمەت تۇرسۇنغا مۇنداق بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سىزنى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۇەنگە دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈپ سىياسىي

كومىسسارلىققا نامـزات قىـلىپ كۆرسەتـتۇق، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— بولىدۇ، باراي، — بۇ خەۋەردىن تۇرسۇننىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى.

يەنە شۇئانلا ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. ئۇ، بىر جەھەتتىن شارائىتى ناچار، جاپالىق چېگرا رايوندا بىرىنچى قول بولسا، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر جەھەتتىن «ئاشقازان كېسىلىم بار» دەپ كەسىپ ئالماشتۇرۇش ھەققىدە يازغان ئىلتىماسىنىڭ بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇشىدىن ئەنسىرىدى. چۈنكى، ئۇ تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىش ئۈچۈن شۇنداق ئىلتىماس يازغانىدى. تۇرسۇن دېلىغۇل بولۇپ دېدى:

— بىراق، ئۆتكەندە كېسىلىم بار دەپ كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا ئىلتىماس يازغانىدىم.

— ئۇنداق بولسا باشلىققا مەلۇم قىلايلى، — دېدى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئەخمەت، — ھەرھالدا بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ. سىز ئاقىل ئادەمغۇ.

تەمتىرەپ قالغان تۇرسۇن ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، ئەخمەت بۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ خەت يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى تارتمىدا ئىدى.

— كىشى ئۆزى توغرىسىدا كۆرگەنلا كىشىگە سۆزلەپ يۈرگىلى بولمايدىكەن، — دېدى تۇرسۇن بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — مەنغۇ زادىـلا جاپـادىن قورقـمايدىـغان ئادەم، بىراق، تەن - سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيدىكەنمەن.

تۇرسۇن ئاخىرىدا تەشكىلنىڭ قارارىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەخمەتكە رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يۇقىرىغا ئۆستۈرۈلدى. كىشىلەر تۇرسۇننىڭ ئەمدى

چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا يۆتكەلمەي، كادىرلار باشقارمىسىغا باشلىق بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلىشتى.

تۇرسۇنمۇ: «بۇ ھوقۇقتا ئېرىشىشكە ھەقلىقمەن» دەپ قارايتتى. ئۇ ھەتتا ئادەم يوق يەردە، قول ئاستىدىكىلەرگە نۇتۇق سۆزلەش مەشىقى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشال ئىدى. باشقىلارنى كۆرسە ئاۋۋال سالام بېرىپ، ھال سوراپ مۇلايىملىقىنى ئىسپاتلايتتى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى شاكىر شاگشياۋ ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. «كادىرلار باشقارمىسىغا باشلىق بولىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىغان تۇرسۇن، ئىشخانىغا ئىتتىك كىرىپ، كرېسلودىن ئورۇن ئالدى. شاكىر شاگشياۋ ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— سىزنى ئەسلىدە چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا ياكى كادىرلار باشقارمىسىغا ئۆستۈرۈپ يۆتكىمەكچى ئىدۇق، ئەمما، سىزنىڭ «ئاشقازان كېسىلىم بار، شۇڭا يەرلىككە كەسىپ ئالماشتۇرسام» دەپ يازغان ئىلتىماسىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، ئورنىڭىزغا باشقارمىدىكى مۇختەرنى تەيىنلەشنى مۇۋاپىق كۆردۇق، شۇڭا، سىز كېسىلىڭىزنى داۋالاتقاچ، كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىسىڭىز بولىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ، تۇرسۇننىڭ چىرايى خۇددى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، بېشى پىرقىرىدە قايغاندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ «كەسىپ ئالماشتۇرىمەن» دەپ ئىلتىماس يازغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغىنىچە ئېغىر لاشقان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

1988 ـ يىل 1 ـ ئاي



www.uyghurkitap.com

# دادامنىڭ بۇيرۇقى

مەن ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تىنچ - ئامان ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئانام مېنى دادامنىڭ «شاڭخەي» ماركىلىق پىكاپىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تاغامنىڭكىگە ئېلىپ ماڭدى. بۇك - باراقسان سۆۋادانلار سايە تاشلاپ تۇرغان كەڭ ئاسفالت يولدا، پىكاپ ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. تەقدىرىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ گاراڭ بولۇپ كەتكەن كاللامدا خىلمۇخىل ئويلار كېزەتتى. يۈرىكىمنىڭ سىقىلغىنىدىن، ئۆزۈمنى چۆلدە ئېزىپ قالغان تەنھا يولچىدەك سېزەتتىم. پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن گۈرۈلدەپ كىرىپ، يۈزلىرىمنى سىلىۋاتقان سالقىن كۈز شامىلىمۇ ھوزۇرلۇق تۇيۇلمايتتى. . . ئانام كەيپىياتىمدىكى ناخۇشلۇقنى سەزگەن بولسا كېرەك، مۈرەمگە قولىنى قويۇپ، ئامراقلىق بىلەن تىكىلگىنىچە ھەربىي رايون كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان تاغامنىڭ مېنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئورۇنغا تەقسىم قىلىپ قويىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى.

— بالام خاتىرجەم بول، — دېدى ئۇ، — ئابدۇۋېلىنى داداڭ ئۆستۈرگەن. ئۇ بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئانامنىڭ بۇ گەپلىرى كۆڭلۈمنى بىرئاز تىندۇردى، دېمىسىمۇ، ئابدۇۋېلى ئاكام ئۇزاق يىل دادامنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، بىرەر قېتىممۇ دادامنىڭ گېپىنى يەرمىغاندى، ھازىر بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان دادامنىڭ ئورنىدا ئانام مېنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تازىمغا كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن چوڭ ھۆرمەت ئىدى. تاغام ھەرقانچە بولسىمۇ

دادامنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى بىلگەن سىتەمگە دەسسىمەس.

تاغامنىڭ ئۆيىگە كەلسەك، تاغام يوق ئىكەن. بىزنى يەڭگەم قارشى ئالدى. مۇددىئايىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.

— پەيجاڭلىق ئۇنۋان بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردۈم، دېگىن، — دېدى ئۇ سۆيۈنگەن هالدا، — خاتىرجەم بول، مەن تاغاڭغا ئېيتىپ چوقۇم ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرغۇزىمەن. . .

ئەتىسى، ئانام بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇدۇللا تاغامنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم.

— كەل، بۇياققا كەل، — تاغام مېنى بوسۇغىدا كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى. مەن چوڭ - چوڭ چامداپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ، ھەربىيچە سالام بەردىم. ئاندىن ئىككىمىز قاتتىق قول سىقىشتۇق. ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. قولۇمنى قويۇۋەتمەستىن، مېنى كرېسلوغا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، مۈرەمگە قولىنى قويدى:

— ھە، گەپ قىلە، ئوقۇشنى قانداقراق پۈتتۈردۈڭ؟ ئاياغدىن بىرىنچى بولۇپ قالمىغانسەن! — ئۇ مۈرەمنى سىقىپ قويدى. مېنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈردى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىمدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسەممۇ، ئىنچىل تۇردە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «ئۈچتە ياخشى سىنىپ كادىرى»، «ئۈچتە ياخشى ئىتتىپاق ئەزاسى» بولغانلىقىم ۋە قازانغان «نەتىجىلىرىم»نى چالا قويماي سۆزلەپ بەردىم. تېخى مۇنداق ياخشى ئوقۇشتىن مەقسىتىم — تەقسىماتتا ئوبدانراق بىر ئورۇنغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولدۇمىيۇ، شۇئان تىلىمنى يىغدىم. ئۇ، گەپلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

— شۇنداق قىلىپ، توققۇزدا ياخشى بولۇپ ئوقۇدۇم، دېگىنە! — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن تەلەپپۇزدا، — يارايسەن! ھەقىقە-

تەنمۇ داداڭنىڭ ئوغلى بولۇپسەن! — ئۇ مېنى بىردەم ماختىغاندىن كېيىن، ھازىر قىسمىدا مەخسۇس ھەربىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان كادىرلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقى، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمغا بارغاندىن كېيىن، ئوقۇغانلىرىمنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە مۇنتىزىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ياشلىق باھارىمنى تەقدىم قىلىشىم كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلىشىشىغىلا سورىدىم:

— تاغا، يېڭىدىن بىر تۈەن قۇرۇلىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟

— راست، — تاغام ماڭا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى، — قانداق دەيسەن؟

«مېنى ئاشۇ تۈەنگە تەقسىم قىلىسىڭىز» دېيىشكە تەمشىلىۋاتقىنىمدا، ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، ئىشخانىغا بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

— باشقارما باشلىقى، — دېدى ئۇ، تاغامدىن ئىككى قەدەمچە نېرىدا توختاپ، — پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن دىلشات ئوسماننىڭ ئارخىپى كەپتۇ، ئۇنى ئۆتكەنكى لايىھە بويىچە تەقسىم قىلىۋېرەمدۇق؟

— ھەئە، لايىھە ئۆزگەرمىسۇن! — دېدى تاغام بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋە بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ قويدى، — دىلشات ئوسمان دېگەن ئوقۇغۇچى مانا مۇشۇ، سىز ئۇنىڭ رەسمىيىتىنى ھازىرلا ئۆتىۋېتىڭ.

تاغام گېپىنى تۈگىتىپلا ئورنىدىن تۇردى. بۇ، «گەپ تۈگىدى، بېرىپ تىزىمغا ئالدۇر» دېگەن يوشۇرۇن بۇيرۇق ئىدى. مەن تاغامدىن يەنە بىرنەرسە سوراشقا پېتىنالماي، ھېلىقى يولداش بىلەن بىللە ئىشخانىدىن چىقتىم ـ دە، يەنە بىر ئىشخانىغا كىردىم. ئۇ مېنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكامنى كۆرۈپ

چىققاندىن كېيىن، مەن تەقسىم قىلىنىدىغان قىسىمنىڭ نامىنى ئېيتتى. بۇ دەل ئاشۇ يېقىندىن قۇرۇلۇۋاتقان تۆەن ئىدى. مۇددى-ئايىمدىكىدەك ئىش بولغىنىدىن، بېشىم ئاسمانغا يەتكۈدەك خۇر-شاللاندىم ۋە ھېلىقى يولداشتىن بۇ تۆەنىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى سورىدىم. ئۇ گەپ باشلاش بىلەنلا، خۇ-شاللىقىم نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ، بېشىمغا تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ئىچىمدە تاغامنى بىرمۇنچە تىللىۋەت-تىم. چۈنكى، مەن تەقسىم قىلىنغان بۇ تۆەن كۆئېنلۈن تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە بولۇپ، ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ، قاتتىقشى قۇلايسىز، قىش - ياز قار ئۆكسىمەيدىغان جاي ئىكەن. ئادەمنى تۆتەك ئېلىپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدىكەن. . .

ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغانسېرى كۆڭلۈم تېخىمۇ پارا-كەندە بولۇپ، يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئەمما، ئىچكى ھېسسىد-ياتىمنىڭ چىرايىمدا ئىپادىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا:

— مەن ئەسلىدە سىز بىلەن تونۇشۇۋالاي، دەپ كىرگەند-دىم، ھازىرچە تەقسىم قىلماي تۇرۇڭ، — دېدىم - دە، ئۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ خوشلاشتىم ۋە ئۇدۇللا تاغامنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ مۇددىئايىمنى ئۇققاندىن كېيىن، خېلىغىچە جىم بولۇپ كەت-تى. يانچۇقىدىن تۇشتىن ياسالغان، ئالتۇندەك پارقىراق تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ، ئۈچ بۇرجەك كېسىلگەن گېزىت قەغىزىنى كانايچە شەكىلدە يۆگەپ، تاماكا ئورىدى. ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ بىر-نەچچە قېتىم قاتتىق - قاتتىق شورىدى، چىرايىمۇ بارغانسېرى تۇتۇلۇپ باراتتى.

— ئاچام ئىككىڭلارنىڭ مۇددىئايىڭلارنى يەڭگەڭدىن ئۇققاند-دىم، — ئۇ سوزۇپ بىر تىنىۋېلىپ گېپىنى داۋام ئەتتى، — ئورگان ئىچىدە ساقا مۇۋاپىق ئورۇن يوق، يېقىن ئەتراپتىكى قىسىملاردا شتات ئارتۇق، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدا كادىر

كەمچىل، سەن ياش ھەم ساغلام. . .
ئۈنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا زادىلا خۇشياقمىدى. چۈنكى، ئۈنىڭ: «سەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرنىڭ پەرزەنتى»، «بىلىم سەۋىيەڭ يۇقىرى»، «چېگرا مۇداپىئە قىسمى ساڭا نىسبەتەن يەنە بىر مەكتەپ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى ھېچقانداق يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. بەلكى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى ۋە كىنو ئېكرانلىرىدىن تولا ئاڭلاپ ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن گەپلەر ئىدى. شۇڭا، ئۈنىڭ گېپى تۈگىگىچە ئاران چىداپ ئولتۇردۇم. ئاخىر:
— ئانام بىلەن دادام قايتىپ كەلگۈچە تۇرۇپ تۇراي، — دېدىم - دە، دەس ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. بېشىم پىرقىرىدە قايغاندەك بولدى. يەلكەمنى گويا ئېغىر بىر تاغ باسماقتا ئىدى. ئىچىمدە: «خەپ! دادام كەلسۇنچۇ . . .» — دەيتتىم. . .
كۇننى ناھايىتى تەسلىكتە كەچ قىلدىم. دەسلەپ دادامغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ، تاغامنىڭ ئۆزىگە قىلغان «بىھۆرمەتلىكى» توغرۇلۇق بولۇشىغا شىكايەت قىلماقچى بولدۇم، كېيىن، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم - دە، لاغايلاپ يۇرۇپ، يېرىم كېچىگىچە كوچا ئايلاندىم. ئەتىسى تاڭ سۇزۇلۇش بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاغامنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ئۇۋۇقىنى چۇشۇرمەي سىېلىپ بىرپارچە خەت يازدىم. تېخى بەزى گەپلەرنى بىرمۇنچە كۆپتۇردۇم. خەتنى باشتىن - ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ كۆڭلۇم قانائەت تاپقاندىن كېيىنلا، پوچتىدىن سېلىۋەتتىم - دە، يېزىدىكى چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا كەتتىم. ئۇ يەردە تاكى تەقسىمات ئىشىمنى ئانام كۆڭلۇمدىكىدەك توغرىلىغىچە تۇرۇپ، قانغۇدەك سەيلە - تاماشا قىلماقچى بولدۇم. لېكىن، ئىش مېنىڭ كۇتكىنىمدەك بولمىدى، مەن يېزىغا بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى بوسۇغىمىزدا موتسىكلىت مىنگەن بىر جەڭچى پەيدا

بولدى ـ دە، قولۇمغا ئىككى كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ بېرىل-
گە ياندى ۋە مەن ئەس ـ هوشۇمنى يىغىپ بولغىچە كۆرۈنمەس بولۇپ
بولدى. يۈرىكىم نېمىنىدۇر تۈيغاندەك ئەنسىز سوقۇپ تىنىقىم
ئىچىمگە چۈشمەيتتى. كونۋېرت تۇتقان قولۇم بىلىنەر ـ بىلىن-
مەس تىترەيتتى. خېلىدىن كېيىن، قۇم خالتا ئېسىپ قويغاندەك
ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىمنى تەسلىكتە يۆتكەپ، هويلىغا
قايتىپ كىردىم ـ دە، بىرىنچى كونۋېرتنى ئېچىپلا ئەرۋاھىم
قىرىق گەز ئۇچتى. بۇ، مېنى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۇەنىنىڭ
15 ـ ليەن 1 ـ پىيىگە پەيجاڭلىققا تەيىنلەش توغرىسىدىكى
بۇيرۇق ئىدى. تېخى تەقسىملەنگەن ئورۇنغا قاچان يېتىپ بېرىش-
مۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەنىدى. «تاغام ئاخىر قىلىدىغىنىنى قىلىپ-
تۇ ـ دە! — دېدىم ئىچىمدە چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ، —
بارمايمەن — بارمايمەن! دادام قايتىپ كەلمىگۈچە هېچ يەرگە
بارمايمەن!»

ئاچچىقىمدا بۇ ئۆتمەس بۇيرۇقنى يىرتىپ ـ يىرتىپ تاشلى-
ۋەتمەكچى بولدۇمىيۇ، يەنە پەيلىمدىن ياندىم. چۈنكى، قولۇمدا
يەنە بىر كونۋېرت تۇراتتى، قارىسام، دادامدىن كەلگەن تېلېگرام-
ما ئىكەن. خۇشاللىقىمدىن يۈرىكىم ئويناپ كۆڭلۈمدە باشقىچە
بىر ئۈمىد پەيدا بولدى. كونۋېرتنى «شارتتىدە» يىرتتىم ـ دە،
تېلېگراممىنىڭ بىرىنچى قۇرىنى ئوقۇش بىلەنلا چېكەمدىن پۇر-
رىدە تەر قۇيۇلدى:

«ئوغلۇم دىلشات، سەن كىچىككىدە مېنىڭ بالام ئىدىڭ،
ئەمدى ئاۋۋال پارتىيىنىڭ ئاندىن مېنىڭ بالام بولۇپ قالدىڭ،
چۈنكى، سېنى پارتىيە تەربىيىلەپ ئادەم قىلدى. قانداق ئىشلى-
تىشمۇ پارتىيىنىڭ ئىختىيارىدا. . . ئاڭلىسام، تەقسىملەنگەن
جايىغا بارغىلى ئۇنىمايۋېتىپسەن، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى.
جاپالىق جايلارغا پۇقرالارنىڭ باللىرىلا بېرىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ-
لارنىڭ سەندىن قەيېرى كەم؟ دادىسى ئەمەلدار ئەمەس، شۇنداق-

ـمۇ؟ لېكىن، ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم. . . ئەگەر ھەقىقەتەن مېنىڭ ئوغلۇم بولىدىغان بولساڭ تەقسىملەنگەن جايغا دەرھال يېتىپ بار! . . . »

ئۇزۇن يېزىلغان بۇ تېلېگراممىنى تەسلىكتە ئوقۇپ بولدۇم. ھاۋانىڭ خېلىلا سالقىن بولۇشىغا قارىماي، كىيىم - كېچەكلىرىم تەردىن چۆپتەك ھۆل بولۇپ كەتتى. كۆڭلۈمدە: «دادام بۇ ئەھۋاللارنى قانداق ئۇققاندۇ؟ » دېگەن ئوي كېزىپ يۈرەتتى. تېلېگراممىنى يەنە بىر ئوقۇپ چىققىنىمدا، قۇلىقىمدا دادامنىڭ ماۋۇ سۆزلىرى تەكرار - تەكرار جاراڭلىغاندەك بولدى: «سەن كىچىككىنىڭدە مېنىڭ بالام ئىدىڭ، ئەمدى ئاۋۋال پارتىيىنىڭ، ئاندىن مېنىڭ بالام بولۇپ قالدىڭ. . . جاپالىق جايلارغا پۇقرالارنىڭ باللىرىلا بېرىشى كېرەكمۇ. . . ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم. . . »

1988 - يىل 6 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# ئاجايىپ «ئارشاڭ»

قار توختىماي ياغماقتا ئىدى. كەڭ دالىلار ئاپئاق قار بىلەن بېزەلدى، كۆئېنلۈن تاغلىرى بولسا ئاق تون كىيگەنىدى. شوپۇرلارنىڭ ئەتراپتا قالدۇرغان ئىزلىرىمۇ قار بىلەن كۆمۈلۈپ ياتاتتى. غوپۇر ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رادىئاتورغا سۇ قاچىلاش ئۈچۈن بەگگۈگخۇ كۆلىدىن مۇز ئېلىپ كەلدى.

بىز مۇز ئېرىتكەچ پاراڭغا چۈشتۇق. مەن:

— يەنە بىر داۋاندىن ئۆتسەك قارلىق تاغ ھەربىي بېكىتىگە بارىمىز، — دېدىم.

— بۇ يىل ئاپتوموبىل بەنىمىزنىڭ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى، قارلىق تاغ ھەربىي بېكىتى بەلكى قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەندۇر؟ — دېدى غوپۇر.

— بۇ ھەربىي بېكەتنىڭ شەرت - شارائىتى ناھايىتى ناچار. مەن ئۆتكەن يىلى قىشتا بىر قېتىم بارغان. ئۇ چاغدا ھەربىي بېكەتنىڭ يېنىدىن قۇرۇلغان ۋاقتى بولۇپ، خىزمەتچىلەر سۇدىن بەكمۇ قىينالغانىدى. ئاپتوموبىل ئەمەس، ھەتتا ئادەم ئىچىشكىمۇ سۇ يېتىشمەيتتى، — دېدىم.

غوپۇر مېنىڭ سۇ توغرۇلۇق قىلغان سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوتقا قويۇلغان چېلەك ئىچىدىكى مۇز پارچىلىرىنى چوقۇشقا باشلىدى. بىردەمدە مۇز ئېرىپ، چېلەكتە ئازراق سۇ پەيدا بولدى.

مەن قولۇم بىلەن ئوت يالقۇنىنى تۇتۇپ باقتىم. ئوتۇن گەرچە ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، ھاۋا شالاڭ بولغاچ ھارارىتى

ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى.

— مۇنداق هارارەتتە تاڭ ئاتقۇچە مۇز ئېرىتسەكمۇ ئاپتوموبىل رادىئاتورىنى تۇتاشتۇرالمايمىز، — دېدىم مەن، تىت - تىت بولۇپ.

— بۇ قارلىق تاغدا ئەگەر بىر ئارشاڭ بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ؟ — دېدى غوپۇر.

— بۇ چاغدا، كۆزۈم تاغقا يامىشىپ چىقىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىگە چۈشتى. ئۇ ئاللىقانداقتۇر بىرنەرسىنى يۈدۈپ ئېڭىشكەن پېتى تاغقا يامىشىپ چىقىۋاتاتتى ۋە بوم، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن بىزگە قاراپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— يولداشلار ياخشىمۇ سىلەر! بېكىتىمىزگە كېلىپ ئىسسىنىپ كېتىڭلار!

مەن بۇ كىشىنىڭ قارلىق تاغ ھەربىي بېكىتىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن بىلدىم - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى ئاپئاق قار بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يۈدۈۋالغان ھېلىقى نەرسىلەرنى ئاستا يەرگە قويدى ۋە ئۈستىدىكى جۇۋىنى سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئىسسىق ساقلاش تۇڭى ئىكەن. ئوسمان تۇڭنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئىككى ئىستاكان چاي قۇيۇپ بىزگە سۇندى.

— قىش كۈنلىرى قارلىق تاغ بېكىتىدە ئىسسىق چايغا ئېرىشىشىمىز ھەقىقەتەن ئوڭاي ئەمەس، — دېدى چاقچاق قىلىپ غوپۇر.

— بېكىتىمىزنىڭ نامى ئۆزگەردى، ھازىر «قارلىق تاغ ئارشاڭ بېكىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، — دېدى ئوسمان.

— ھەربىي بېكەت ئەتراپىدا ئارشاڭ تېپىلغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەئە!

بىز ئىسسىق ساقلاش تۇڭىدىكى قايناقسۇنى ئاپتوموبىل را-

دىئاتورىغا قويۇپ، ئېرىتىش ئۈچۈن ئەكەلگەن مۇزلارنى تاشلىۋېتىپ، ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ماڭدۇق.

— بۈگۈن «قارلىق تاغ ئارىشاڭ» نى چوقۇم كۆرۈپ باقايلى، — دېدى غوپۇر ئاپتوموبىلنىڭ رولىنى بۇراپ.

ھەربىي بېكەتكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، غوپۇر ئىككىمىز ئارىشاڭنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. بىز ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ خېلى ئىزدەپ ئارىشاڭنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدۇق.

بۇنى ئاڭلىغان بېكەت باشلىقى ئوسمان بىزنى بىر كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆي ئىچى ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ئۆيگە كىرىشىمىز بىلەنلا ئۇستىبېشىمىزدىكى قارلار ئېرىپ، كىيىملىرىمىز ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۆي ئىچىگە بىر قانچە ئىدىش قويۇلغان. ئىدىشلار ئىچىگە يوغان - يوغان مۇز پارچىلىرى سېلىنغان، ئېرىگەن مۇز سۈيى ئىدىشتا كۆۋەجەپ قويۇلماقتا ئىدى.

مەن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك مۇز سۈيىنى كۆرۈپ، كۆئېنلۇن تېغىدا مۇزلارنى ئوت بىلەن ئېرىتكەنلىكىمىز ئېسىمگە كەلدى ۋە بۇ مۇز پارچىلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېرىپ كېتىشىنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئالدىرىدىم.

بۇ ئۆينىڭ مۇز پارچىلىرىنى ئېرىتەلەيدىغان ھارارىتىنى ساقلىيالىشىدىكى سىر — بۇ ئۆينىڭ سېلىنىشىدا، — دېدى بېكەت باشلىقى ئوسمان بىزگە.

بىز ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن، بۇ ئۆينىڭ سېلىنىشىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتۇق. ئەسلىدە بۇ ئۆينىڭ تاملىرى، ئىشىك - دېرىزىلىرى قوش قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي تېمى ئوت ئۆزۈلمەيدىغان ئاشخانىغا، شىمالىي تېمى قايناقسۇ قايىنىتىدىغان ئۆيگە تۇتاشتۇرۇلغانىكەن. جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن بۇ ئۆينىڭ ھارارىتىمۇ تەبىئىي كۆتۈرۈلىدىكەن. غوپۇر بىلەن ئىككىمىز بۇ ئاجايىپ ئۆينى كۆرۈپ:

— پاھ، قالتىسقۇ بۇ! بۇ پەمنى قانداقمۇ تاپقانسىلەر؟ — دېيىشتۇق ئارقا - ئارقىدىن.

بېكەت باشلىقى ئوسمان كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بىز شوپۇر جەڭچىلەرنىڭ سۇ ئىستېمال قىلىش ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بېكەتتىكى بارلىق يولداشلارنى چارە - ئاماللارنى تېپىشقا قوزغىدۇق، نەتىجىدە چايداننىڭ ئىسسىقلىقىنى قوغداش قائىدىسى بىزگە ئىلھام بولدى، چايدان قوش قەۋەتلىك قىلىپ ياسالغان، بىزمۇ تامنى قوش قەۋەتلىك قىلىپ سالساق بولىدىغۇ؟! شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆينىڭ ئۈستىدىن تارتىپ، تام، ئىشىك - دېرىزىلىرىگىچە قوش قەۋەت قىلىپ سالدۇق. سىناق قىلىپ كۆرسەك، ئىسسىقلىقنى ساقلاش ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولدى. ئۆينىڭ ھارارىتىنى يەنىمۇ تولۇقلاش ئۈچۈن يەنە جەنۇب، شىمالدىكى ئۆيلەرنىڭ ھارارىتىدىن پايدىلاندۇق. شۇنداق قىلىپ ئۆينىڭ ئىسسىقلىقى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى. بەڭگۈڭخۇ كۆلىدىكى مۇز پارچىلىرى بۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلىنىشى بىلەنلا ئېرىپ سۇغا ئايلىنىدىغان بولدى. ئاپتوموبىل جەڭچىلىرىنىڭ قىش كۈنلىرىدە سۇ ئىستېمال قىلىش مەسىلىسى ئاخىر ھەل بولدى.

بۇ قارىماققا ئاددىي ئىشتەك بىلىنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەقىل - پاراسەتنىڭ نامايان قىلىنىشى ئىدى. بىز بەكمۇ تەسىرلەندۇق.

— بۇ قارلىق تاغدىكى تەشنالىقىمىزنى قاندۇرىدىغان ئارشاڭ بوپتۇ، — دېدى غوپۇر سۆيۈنگەن ھالدا.

بېكەت باشلىقى ئوسمان:

— ھەربىي بېكىتىمىزنىڭ نامىنى «ئارشاڭ» بېكىتىگە ئۆزگەرتىشىمىزدىكى سەۋەب ئەنە شۇ، — دېدى مەنىلىك ھالدا، — بىراق سىلەر قارلىق تاغدىكى ئارشاڭنىڭ مەنبەسىنى تېخى كۆرمىدىڭلار.

«مەنبە زادى قەيەردە؟» دەپ ئوسماندىن سوراي دېدىمىۇ تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ، سوراشنى ئەپسۇس كۆر-دۇم. تاماقتىن كېيىن، غوپۇر ئىككىمىز كىشلەرنىڭ ئاياغ تېۋىشىنى ئاڭلاپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتۇق. قارىساق، بېكەتتى-كى يولداشلار ئىسسىقلىق ساقلاش ئۆيىگە مۇز توشۇۋېتىپتۇ. بىزمۇ مۇز توشۇۋاتقانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدۇق.

ئىككىمىز لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا قارىماي، بېكەتتىكى يولداشلارنىڭ ئاياغ ئىزىنى بېسىپ بەڭگۈڭخۇ كۆلىگە قاراپ ماڭ-دۇق. قار تىزىمىزغا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول تېيىلغاق بولۇپ، سەل ـ پەل دىققەت قىلمىساق نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇر-لۇقتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كېتەتتۇق.

بەڭگۈڭخۇ كۆلىدىن مۇز ئېلىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا قاتتىق شىۋىرغانغا دۈچ كەلدۇق. بۆرىدەك ياۋۇزلارچە ھۇۋلاپ تۇرغان شىۋىرغان يۈزىمىزگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. مەن مۇزنى يەرگە قويۇپ ئارام ئېلىۋالماقچى بولدۇم، لېكىن، مۇز چاپىنىم بىلەن چاپلىشىپ قېتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى زادىـلا چۈشۈرەلمە-دىم. مانا مۇشۇ چاغدىـلا قارلىق تاغـدىكى ئارىشاڭـنىڭ مەنبە-سى — ھەر كۈنى شىۋىرغانغا قارىماي، ئىسسىقلىق ساقلاش ئۆيىگە تىنماي مۇز توشۇۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ غەيرىتى ئىكەنلىكى-نى بىلدىم.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇز توشۇش قوشۇنى ئىسسىقلىق ساق-لاش ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بېكەت باشلىقى ئوسمان ئۆزى كۆتۈ-رۈۋالغان مۇزنى يەرگە قويدى ـ دە، يولداشلارنىڭ دۈمبىسىدىكى مۇزنى بىر ـ بىرلەپ يەرگە ئالدى. ئىسسىقلىق ساقلاش ئۆيىنىڭ تېمىدا «ۋەتەن چېگرىسىنى ساقلاش شەرەپلىك» دېگەن خەت چاق-ناپ تۇراتتى.

مەن ئۆزۈمگە: «خەلقىنىڭ پەرزەنت قوشۇنى نېمىدېگەن غەيـ-رەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ـ ھە؟! ئۇلار قار ـ مۇزلار بىلەن

قاپلانغان دۇنيا ئۆگزىسىنى باھار تۇسىنى ئالغان يېڭى مەنزىرىگە ئايلاندۇرۇپتۇ» دېدىم.

بىز ئېدىشتىكى مۇز پارچىلىرىدىن ئېرىگەن سۇلارنى رادىئا-تورلارغا قاچىلاپ، سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە يول-غا چىقتۇق.

1988 ـ يىل 10 ـ ئاي

# يايرىغان كۆڭۈل

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شەرقتىن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن قۇياشنىڭ نۇرى قويۇق تۇمان قۇچىقىدىكى يېڭىئاۋات يېزىسىنى قانداقمۇ ئىسسىتالىسۇن؟ يول بويىدىكى ياپراقسىز دەرەخلەر قەھرىتان سوغۇق زەربىسىدىن تىترەپ تۇراتتى. خېلى چوڭ سومكىنى كۆتۈرگىنىچە يېزا يولىدا گۇس - گۇس دەسسەپ كېلىۋاتقان يىگىت بۇ سوغۇققا پىسەنت قىلمىغاندەك ھەر تەرەپكە مەغرۇرانە قاراپ قوياتتى. ئوتتۇرا بويلۇق، قاڭشارلىق كەلگەن بۇ يىگىتكە ماش رەڭ ھەربىي كىيىم خويمۇ ياراشقانىدى.

«ئەخمەت ئاكىنىڭ ئوغلى ئەركىنجان قايتىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدە يېزىغا پۇر كەتتى. بۇ خەۋەرنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنى كۆرگەن ماھىرە تارقاتقانىدى.

ئەخمەت ئاكا ياۋاش، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان ھۇنەرۋەن ئىدى، يۇرتتىكىلەر ئۇنى «قولى گۈل ئادەم» دەپ ماختىشاتتى. ئۇ ھېلىقى مالىمانچىلىق يىللىرىدا كەينى - كەينىدىن قەرزگە بوغۇلۇپ، مۇكچىيىپلا قالغانىدى. ئايالى ئانارخان بولسا كېسەلچان ئىدى. بىچارىنىڭ ئېرىگە يانتاياق بولغۇسى كەلسىمۇ، قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن: «ئاھ خۇدا - ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن!» دەپ ئىلتىجا قىلىشتىن باشقىغا كۈچى يەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە يىغقان - تۈگكەن بىساتىغا سېتىۋېلىپ بوردىغان قويىنى سويۇۋاتقاندا، ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرگەن «قىزىل قوغدىغۇچى» باتۇرلار ئۇنى «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگۈچى گېزەندە» دەپ سازايى قىلدى. يوشۇرۇن قىلماقچى بولغان ئوقىتىنى بىراقلا يوق قىلىپ، يوقسۇزلۇق ئۆڭكۈرىگە ئىتتىرىۋەتكەنىدى. شۇندىن بېرى بۇ ئا-

ئىلە قەرز ئالمىسا كۈن كەچۈرەلمەيدىغان هالغا كېلىپ قالغانىدى. ئاخىر قەرز ئۈستىگە قەرز بولۇپ، كېكىردىكىگىچە بوغۇلۇپ كەتكەن ئەخمەت ئاكا تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى. يۇرت ئىچىدە: «ئەخمەت قېچىپتۇ» دېگەن گەپ تارقالغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ بالىلىرىغا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئانارخان چۆچۈرىدەك بالىلىرى بىلەن دوزاخ پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيىدە باش - پاناهسىز قالغانىدى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئانارخاننى: «بۇزۇق، قاچقۇن ئۇنسۇرنىڭ ئايالى» دەپ مەجبۇرىي ئىشقا سېلىپ، كۆرمىگەننى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا يەنە كۆرىدىغىنى بولسا كېرەك، ئۆزى ئاچ قالسىمۇ بالىلىرىنى بېقىپ هايات كەچۈردى. رەهىمسىز يىللار ئۇنى قامچىلاپ ئۆتىۋەردى. بالىلىرى غۇربەتچىلىك ئىچىدە چوڭ بولدى، لېكىن، ئەخمەت ئاكىدىن خەۋەر بولمىدى، چوڭ ئوغلى ئەركىنجان بوي تارتىپ يىگىت بولۇپ قالدى، ئانىسىغا يانتاياق بولۇپ، ئىشنىڭ ئېغىرىنى قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ بەختى ئوڭدىن كېلىپ تاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن هەربىي سەپكە ئاتلاندى. . .

بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن بىرگە ئويناپ، بىرگە ئىشلەپ چوڭ بولغان ماهىرە ئەركىنجاننى هەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىمۇ يەنە بېكەتكە چىقىپ كۈتۈۋالغانىدى.

ئايرىلغىلى بىرقانچە يىل بولۇپ قالغان يۇرتىنى كۆرگەن ئەركىنجان، خۇشاللىق هېسسىياتى بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، ماهىرە بىلەن بىرگە خىلۋەت يېزا يولىدا كۆڭلى يايرىغان هالدا كېلىۋاتاتتى. يول بويىدىكى چىراغلار ئاسماندىن ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاچچىق سوغۇق ئۇلارنىڭ مەڭزىنى ئانار دەك قىزارتىۋەتكەن بولسىمۇ، خۇددى يازدىكىدەكلا خۇشال قەدەم باساتتى. بىراق ئەركىنجاننىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىملىقىنى ماهىرەلا بىلەتتى. ئاتىسى ئەخمەت ئاكىنىڭ يوقلۇقى، ئۇنى يەنىلا قايغۇغا سالاتتى. ئانىسى ئۇنىڭ كەلگىنىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئېرىدىن تېخىچە دېرەك بولمىغىنىدىن ئىچىدە هەسرەتلىنەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تى. «ئوغلىمىزنىڭ تويىدا ئاتىسى باش بولۇپ تۇرۇپ بەرسە قانداق ياخشى بولاتتى - ھە» دەپ ئىلتىجا قىلاتتى. بۇنى ئەركىنجان بىلەتتى. ئۇ: «ئانا تولا قايغۇرما، دادام چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ» دەپ ئەتىگەن ئاخشاملىرى ئانىسىغا تەسەللى بېرەتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىزىغا چۈشكىلى تېخى بىر يىل بولغان بولسىمۇ، ئالاھىدە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپ قالغانلىقتىن، ئەركىنجان بەكرەك سۆيۈنگەنىدى. مانا ھازىر ئۇ مۇشۇ توغرۇلۇق ماھىرەگە كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزى بىر ئاخشامدا ياكى بىر كېچىدە تۈگىمەيتتى. ياش تۇرۇپلا بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى كەچۈرگەن بۇ جەڭچى كىچىكىدىن تارتىپ سۆيگەن جانانىغا نېمىشقىمۇ كۆڭلىدىكىنى تۆكمىسۇن؟ مانا جامائەت خۇپتەندىن ياندى. ئۇلار ئەمدى ئاقىرىپ تۇرغان قىشنىڭ ئايدىڭ كېچىسىدە يەنە كەينىگە يېنىشتى. ئەركىنجان ماھىرەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ نېمە ئىشتۇ - ھە؟ ئىشىك ئالدىدا بىرمۇنچە كىشىلەر تويلىشىپ تۇراتتى. كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغان ئەركىنجان شامالدەك يۈگۈردى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۇكىلىرىنى باغرىغا باسقان ھالدا جامائەت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئەخمەت ئاكىنى كۆردى.

— دادا!

— بالام، ئەزىز ئوغلۇم!

ئاتا - بالا كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى تۆكۈلگەن ھالدا قۇچاقلاشتى.

* * *

ئوغۇل بىلەن ئاتىنىڭ كەينى - كەينىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن پۈتۈن يېزا جامائىتى ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

قىش ئۆتۈپ، باھارمۇ كەلدى. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك، يەر ـ جاھانمۇ ئىسسىدى. ئەمما، ئەخمەت ئاكىنىڭ كۆڭلىدە بىر ئارزۇ — ئوغلى ئەركىنجاننىڭ توينى قىلىش قالغانىدى.

ئەركىنجان بولسا بۇ يىل ئاتىسى بىلەن بىرگە ھۆددىگە ئالغان ئون مو يەرگە ياخشى ئىشلەپ مول ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن، كەچ كۈزدە توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. دادىسى ئالدىرىتاتتى. بالىسى بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ توغرۇلۇق گەپ ئېچىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئانا بولسا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاغزىغا قاراپ بىتاقەت بولاتتى. ئەركىنجاننىڭ يەنە بىر ئارزۇسىمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ يېزىدا ھەربىيدىن قايتىشقا بەرگەن پۇلىغا بىر تراكتور پونكىتى قۇرۇش، يەتمىگەنگە بانكىدىن قەرز ئېلىپ، دەسلەپ بىر سىپىالكا، ئىككى كىچىك تراكتور سېتىۋېلىش، كېيىن ئاستا ـ ئاستا تراكتور سانىنى كۆپەيتىش، بۇ ئارقىلىق جىسمانىي ئەمگەكنى يەڭگىللىتىپ، دېھقانلارنى كۆپرەك ھوسۇل ئېلىشقا يېتەكلەش.

مانا شۇنداق ئارزۇ ـ ئىستەك ئىلكىدە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىۋاتقان ئەمگەكنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ياز ئۆتۈپ كۈز كەلدى. ئەخمەت ئاكا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئوغلى ئەركىنجان بىلەن بىرگە خامان تەپتى، 30 تاغار بۇغداي ئالدى.

— ئوغلۇم ئەمدى تويۇڭنى قىلارمىز، — دېدى ئۇ، ئېشىنىدىغان ئاشلىقنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، — ئەمدى قولىمىزدا پۇلمۇ بار، خىجالەت تارتمايمىز.

— دادا! توينى كەچ كۈزدىرەك قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھازىر قولىمىزغا پۇل كىرگەندە كىچىك تراكتوردىن بىرنەچچىنى سېتىۋالايلى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى دېھقانلاردىن خېلى كۆپ پۇل يىغدۇق، تراكتورنى ۋاقتىدا سېتىۋالمىساق بولمايدۇ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تراكتور سېتىۋالغىلى ئۈرۈمچىگە ماڭماقچىمەن، — ئەركىنجان ئۆزىگە قادىلىپ قالغان دادىسىنى

قۇچاقلىدى.

ئوغلى دەۋاتقان تراكتور سېتىۋېلىش ئىشىنى ئۇقمىغاچ، ئۇ نېمە دېيەلىسۇن؟

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — توي ئىشىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتسە بولمايدۇ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ كەلگىنىڭدىن كېيىنلا تويۇڭ-نى قىلىشقا ۋەدە بەرگىن.

— ماقۇل دادا! تراكتورنى ئېلىپ كەلگەن ھەپتىنىڭ ئاخىرىقى كۈنىدە تويىمىز بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن كېچىكتۈرسەم مېنى مۇشۇ تۇپراق ئۇرسۇن.

— ياق، قەسەم ئىچمە ئوغلۇم، بولدى ساڭا ئىشىنىمەن.

ئەخمەت ئاكا ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم تاڭدى، ئۇنىڭ كۆز-لىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى توختىماي ئاقاتتى.

1988 ـ يىل 12 ـ ئاي

# ئىسمى ئالماشقان جەڭچى

كەچ كۈزنىڭ سالقىن شامىلى ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماقلارنى تۆكۈپ، دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى خۇددى تەتىللا كۆرپە سالغاندەك رەڭدار قىلىۋەتكەنىدى. شامال بىردىن بورانغا ئايلىنىپ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ھەربىي گازارما چاڭ - توزان ئىچىدە قالدى. پۇرقىراپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇم - توپا دەستىدىن كۆز ئاچقىلى بولمايتتى. چۈشتىن كېيىن بوران پەسلەپ ھاۋا ئېچىلدى. يېڭى جەڭچىلەرنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پولك شتابى مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى — جۇڭخۇيى ئەيسانى قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ قەبرىستانلىققا كەلسە، بۇندىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن قورقۇنچلۇق ۋەقە ئېسىگە چۈشۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كېتەتتى...

ئۇ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى ئەسكەرلەرنى باشلاپ قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا كەلدى. غۇر - غۇر شامال تاغ باغرىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان قەبرىلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. جەڭچىلەر رەتلىك تىزىلىپ تۇپراق بېشىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقاندا، ئەيسانىڭ كۆزى بىر قەبرىگە چۈشتى. قەبرىگە ئورنىتىلغان يېشىل كاھىشقا ئاق سىر بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى، ئۇ تۇرۇشلۇق لىيەنىنىڭ نومۇرى ئېنىق يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ نېمە ئىش؟ ئۇ ھايات تۇرسا نېمىشقا قەبرىگە ئىسمى يېزىلىپ قالغاندۇ، بۇ قەبرىدە ياتقان زادى كىمدۇ؟

ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە، ئەيسانىڭ خىيال ئېكرانىدا نامايان بولدى.

قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال قارلارنى ئۇسسۇلغا سالماقتا. تۆت ئەتراپى قويۇق ئاق سۇۋادان بىلەن قاپلانغان گازارما ئالدىدىكى رادىئو كانىيىدىن دىكتورنىڭ سالماق ئاۋازى ئاڭلانماقتا:

«تاجاۋۇزچىلار مۇقەددەس تېررىتورىيىمىزگە ئۆكتەملىك بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، نۇرغۇن تاغ ئېغىزلىرىنى ئىگىلىۋالدى، كۆپلىگەن ئەسكەر ۋە پۇقرالىرىمىزنى ئۆلتۈردى، يارىدار قىلدى.» بۇ خەۋەر قىسىمنىڭ قايناق ھاياتىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان يېڭى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. تاجاۋۇزچىلارغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىك ئۇلارنى ئىلكىگە ئالدى. ياش جەڭچى ئەيسانىڭ غەزىپى قايناپ زادى تۇرالماي قالدى. ئۇ ھەر كۈنى جاپالىق چېنىقىپ تاجاۋۇزچىلارغا قەتئىي زەربە بېرىش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى. ئاخىر يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، قىسىم قوماندانلىق شتابى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى.

شۇنىڭغا ئاساسەن، قىسىم بىر مەزگىل شالاڭ ھاۋالىق يەر شارائىتىغا ماسلىشىش جەڭ مەشىقىنى باشلىۋەتتى. جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى گراناتنى يىراققا دەل تاشلاشنى مەشىق قىلسا، بەزىلىرى شىتىكنى كۆزلىگەن يەرگە سانجىشنى مەشىق قىلاتتى. بەزىلىرى دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىغا بۆسۈپ كىرىشنى مەشىق قىلسا، يەنە بەزىلىرى يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننىڭ جان ھالقىسىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش مەشىقىنى ئېلىپ باراتتى.

«پاڭ ـ پۇڭ» قىلىپ ئېتىلغان بەلگە ئوقىنىڭ يېشىل نۇرى كۆككە چېچىلىشى بىلەن تەڭ، جەڭگە ئاتلىنىش سىگنالى چېلىندى. بۇ ياڭراق ئاۋاز ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيقۇدا ياتقان تاغ ـ

جىلغىلارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. دۈشمەنلەر ئىگىلەپ ياتقان نامەلۇم ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسى 5 ـ بەنگە تاپشۇ-رۇلغانىدى. شۇ تاپتا بۇ بەندىكى جەڭچى ئەيسانىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ، بۇ كۈننى نەچچە ئايلاردىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى.

3 ـ بەندىكى 12 نەپەر جەڭچى ئۈچ مىنۇتنىڭ ئىچىدە يولغا چىقتى. ئاپتوموبىلغا ئالدىدا چىققان ئەيسا بىلەن مۇسا، ئاپتومات-نى چىڭ تۇتۇپ، يان تەرەپتىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق تاغ شامىلى-نىڭ نەشتەردەك سوغۇقىغا پىسەنت قىلماي، ئەتراپنى كۆزەتمەك-تە ئىدى. ئەيسانىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن بولۇپ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى، ئاپئاق قارلىق چوققىدا ئۆسكەن تاغ تېرىكىنى ئەسلىتەتتى. ئالدى تەرەپتىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى، تېز كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى-نى بىردىن ئاستىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئاپتوموبىلنىڭ سول تەرەپ-تىكى چاقىغا بىر پاي ئوق تېگىپ، قىيسايغىنىچە توختاپ قالدى. ئاپتوموبىلدىن چۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغان جەڭچىلەر، ئاپتو-ماتنى كوزۇپقا تىرەپ تۇرۇپ، سەكرەپ چۈشكەن جەڭچىلەر يەردە ياتقىنىچە تاجاۋۇزچىلارغا ئەجەل ئوقىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى، قىسىملىرىمىزنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ھۇجۇمى ئىدى. شۇڭا دۈشمەنلەر قى-سىملىرىمىزنى توپقا تۇتۇپ، پۇرسەت تېپىپ ئىلگىرىلىمەكچى بولۇۋاتاتتى.

5 ـ بەندىكى مەرگەن ئاتالغان مۇسا مىلتىق تەپكىسىنى ھەر قېتىم باسقاندا، بىر دۈشمەننى ئوڭدا چۈشۈرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەيسا بار ئىدى. بۇ ئىككى دوست بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى. بىر قىسىم دۈشمەنلەر جەنۇبقا قاراپ قاچتى. نامەلۇم ئېگىزلىكمۇ

ئىشغال قىلىندى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن دۈشمەنلەرنىڭ توپچى قىسىملىرى قىسىملىرىمىزنى يەنە شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. بىر توپ ئوقى 5 ـ بەن ئىستىھكامىدا قاتتىق پارتلىدى، شۇ چاغدا ئەيسا ئۆز گەۋدىسى بىلەن ئوق ئېتىلىۋاتقان مۇسانى قوغدىدى ۋە يارىلىنىپ ھوشىدىن كەتتى. ھەسەننىڭ بۇنداق ئالىيجانابلىقىغا دوستلۇقىنىمۇ چوڭقۇر بولغان ۋەتەن مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەنىدى. مۇسا قاتتىق پارتلاش بىلەن تەڭ كۆچلۈك بىر قولىنىڭ ئۆزىنى ئىتتىرۋەتكەنلىكىنى، ئېغىر بىر-نەرسىنىڭ ئۆزىنى بېسىپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. قاراپ ئۇنىڭ ئەيسا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ئەيسا ئېغىر يارىلىنىپ باش تېرىسىنىڭ ئۇچتىن بىرى شىلىنىپ، مۇسانىڭ يۈزىگە چاپلىنىپ قالغانىدى. مۇسا ئەيسانى ئاۋايلاپ ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ قول ياغلىق بىلەن بېشىنى تېڭىپ سانىتارغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە دوختۇرخانىغا تېز يەتكۈزۈشنى تاپىلىدى.

«ئالغا» ھۇجۇم كانىيىنىڭ ياڭراق ئاۋازى، جەڭچىلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تېزلەتتى. يولۋاستەك ئېتىلغان جەڭچىلەر ئون مىنۇت ئىچىدە دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. مۇسا گاھ ئوق ئېتىپ، گاھ ئىشتىك سانجىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى...

قاپقارا ئىس ـ تۈتەك ئىچىدىن بىرقانچە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، يەتتە ـ سەككىز نەپەر دۈشمەن ئەسكىرى بىر ئاكوپ ئىچىدىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غال ـ غال تىترىگەن پېتى چىقىشتى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

جەڭ، چولپان يۇلتۇزى پارلىغان مەھەللىدە ئاخىرلاشتى، تاڭ شەپىقى ئاچ قىزىل يىپەك پەردىسىنى قاراقۇرۇم تېغى ئۈستىگە يايدى، چوققىسى بىلەن كۆكنى تىرەپ تۇرغان ئاقۋاش تاغلاردىكى مەڭگۈ ئېرىمەس قارلار كۈن شولىسىدىن خۇددى كۈمۈشتەك يالتىرىدى. ئېگىزلىكتىكى ئوق ـ دورا ھىدى ئورنىنى ساپ ھاۋا ئالدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دۈشمەن تاشلىۋەتكەن ئېغىر ـ يېنىك

قورااللار چىچىلىپ ياتاتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقانىدى. جەڭ مەيدانىنى تازىلاش ئىشى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى.

«مۇسا يوقىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتۈن قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى، ئىزدەش باشلاندى. بىر پەي ئەسكەر ئۇرۇش مەيدانىنى ئالا قويماي بىرقانچە قېتىم ئاختۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا تېپىلمىدى. ئارقا سەپ دوختۇرخانىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىلدى. مۇسانىڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، «يوقاپ كەتكەن ئەيسا ئىكەن» دەپ، ئۇنىڭغا قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىدا قەبرە قاتۇرۇلغانىدى. ئەيسا دوختۇرخانىدىن چىقىپلا ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى تۇرغان قىسىمدا قۇربان بولغان دەپ تونۇلۇپ كېتىۋەردى...

... ئەيسا كۆزىنى قەبرىدىن ئېلىپ، ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرغان جەڭچىلەرگە ۋەقەنى بايان قىلدى. دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ - ھە! ئەيسانىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇ دوستىنى تولىمۇ سېغىنغان ھالدا ئەسلەۋاتاتتى.

غۇر - غۇر شامال زاراتگاھلىقتىكى قەبرىلەرنى سىيپاپ ئۆتمەكتە. قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىنى سۈپۈرۈشكە چىققان جەڭچىلەر ھاياجان ئىچىدە، ئەيسانىڭ ئارقىسىدىن بىر - بىرلەپ قايتماقتا ئىدى.

— خوش سەپداشلار! خاتىرجەم يېتىڭلار! بىز سىلەرنىڭ ئورۇنداشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشىڭلارغا ۋارىسلىق قىلىمىز! — دېدى پىچىرلاپ، ئەيسا سۈپۈرگىنى قولتۇقلاپ.

1989 - يىل 1 - ئاي

# بېكىتىلمىگەن تاماق

شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان كۈمۈش سۇلار، ئاستا چىقىۋاتقان سالقىن شامال، سارغايغان گۈل - گىياھلار ئەتراپقا كۆز تۇسىنى كىرگۈزگەندى. دولان دەرياسى بويىدىكى ھەربىي گازارمىدىن قوزغالغان «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ بۇك - باراقسان سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا بىر خىل سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ماشىنىدا شوپۇردىن باشقا شاڭشياڭ ئەخمەت ۋە مۇھاپىزەتچى ھەسەن بار ئىدى. شاڭشاڭ نېمىشقىدۇر ئاچچىقلىنىپ ئولتۇراتتى. مۇھاپىزەتچى ھەسەنگە ئەھۋال مەلۇم بولغاچقا جىم بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن «باشقىلارنىڭ سىزگە ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالىمىنى رەت قىلىشقا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— ھەسەن بۇنداق ئىش ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىنىدىغان بولسا مېنىڭدىن كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن، — دېدى شاڭشياڭ قاپىقىنى تۈرۈپ. «‹ئېشەكــكە كۈچــۈك يەتمــسە ئۇر توقۇمىنى›، — دېگەن شۇدە، سوۋغا - سالامنى رەت قىلىدىغان مەن ئەمەس، ئۆزىڭىز» دېدى كۆڭلىدە ھەسەن. ئەمما، تېشىغا چىقىرالمىدى. قانداقتۇر نەرسىلەر سېلىنغان چوڭ سومكا ماشىنا ئورۇندۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. شاڭشياڭ بۇنىڭغا پات - پات قاراپ قويۇپ مۇھاپىزەتچى ھەسەنگە گۈلىيەتتى.

ماشىنا 3 - لىيەننىڭ گازارمىسى خىرە - شىرە، كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل بوستانلىققا يېقىنلاشتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

لىيەنجاڭ تۇرسۇننىڭ تېلېفون بېرىۋاتقان ئاۋازى سىرتقا ئاس-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

تا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشىك يېنىك قېقىلدى ـ دە، ئارقىدىنلا:
— رۇخسەتمۇ؟ — دېگەن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى.
— كىرىڭ، — دېدى تۇرسۇن ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ.
ئاشپەزلەر بەنىنىڭ بەنجاڭى مەخسۇت كىرىپ كەلدى.
— ليەنجاڭ، تاماق نامىنى نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ بولدۇق، جەڭچىلەرگە زادى نېمە تاماق ئېتىپ بېرىمىز؟ ھەر قېتىم قوي ئۆلتۇرسەك ئۆپكە ـ ئۇچىيىنى بىرسىگە، پاقالچىقىنى بىرسىگە، كاللىسىنى بىرسىگە بېرىپ، جەڭچىلەرگە تايىنلىقلا بىرنەرسە قالاتتى. بۇگۇنمۇ. . . — دېدى ئاشپەز تامىقىنى قىرىپ، — ئازلا گۆش قالدى، شورپا سالماقچى ئىدۇق، ئەمدى نېمە قىلساق بولار!
مەخسۇت ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا سۆزلەپ كەتتى.
— بولدى، بولدى! — دېدى ليەنجاڭ، مەخسۇتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. لېكىن، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇ ياندۇقىدىن چىرايلىق ياسالغان موخۇركا قۇتىسىنى ئالدى ـ دە، كاناي شەكلىدە ئوراپ، تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئۇچ قېتىم قاتتىق شورىدى. ھەرقاچان ئاچچىقى كەلسە شۇنداق قىلاتتى.
— ئۇكا، بۇ ئىشلارغا سەن، بىزنىڭ نېمە ئامالىمىز بار دەيسەن، بىردەم بىرسى «بۇ پالانى باشلىقنىڭ تەستىقى» دەپ كەلسە، بىردەم يەنە بىرسى «بۇ پالانى بۆلۈم مەسئۇلىنىڭ يوليورۇقى» دەپ كېلىدۇ، ياكى «شتابتىن پالانى شاۋشياۋ تېلېفون بېرىپتىكەن شۇنىڭغا ئاساسەن. . . » دەپ كېلىدۇ. تازا زېرىكتىڭغۇ كىشى، — دېدى ئۇ خۇرسىنىپ.
ئۇستەل ئۇستىدىكى تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى تۇرسۇن بىلەن مەخسۇتنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.
— ۋەي، ۋەي، ھە، ياسىن جۇڭشياۋمۇسىز؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر دەۋاتامسىز؟ نېمە ئىش قىلات-

www.uyghurkitap.com

تۇق، بايرامنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز. — دېدى تۇرسۇن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلىقىغا يېقىن ئەپكېلىپ.

— تۇرسۇن لىيەنجاڭ، سىزگە ئېيتىش قىيىن بولۇۋاتقان بىر گەپ بار ئىدى، ئاڭلاۋاتامسىز؟ قاراڭ، سىزنى كۆڭلۈم تارتىپ تېلېفون بېرىشىم، — بۇنى ئاڭلىغان تۇرسۇننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى، — ھە، ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى.

— نېمە ئىش ئىكەن دەپ ھەيران قالماڭ، — دېگەن بوغۇق ئاۋاز كەلدى تۇرۇپكىدىن، — ئايالىم تۇغۇپ يېتىپ قالغانىدى. شۇڭا، سويغان قويۇڭلارنىڭ ئۆپكە - ئۈچەي، جىگىرىنى ماڭا بەرسەڭلار دېمەكچى ئىدىم.

تۇرسۇننىڭ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشى خۇددى تاغنى يۆتكىگەندەك قىيىنغا چۈشتى. «قارنىغاندا گۆشكە ئىنتىلگەن ئېغىزلار ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇپكىنى قويۇشقا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

— ۋەي، سىز كىم؟ تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئوسمان دېدىڭىزمۇ؟ — تېخى تۇرسۇننىڭ سۆزى تۈگىمەي، تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن مەغرۇر بىر ئادەمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يېقىندىن بېرى يىغىن تەييارلىقى بىلەن بولۇپ سىز بىلەن ئەھۋاللىشالمىدىم، ھە راست، سىزگە ئاۋۋال بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ ئاندىن ئۆزۈمنىڭ گېپىنى دەي، سىلەرنىڭ خىزمەت تەجرىبەڭلارنى چوڭ يىغىندا تونۇشتۇرماقچى بولۇۋاتىمىز، — ئوسماننىڭ بۇ سۆزىمۇ ئاشپەز مەخسۇتقا ئېنىق ئاڭلاندى:

— ئۆزۈمنىڭ گېپىگە كەلسەم، بۈگۈن ئۆيۈمگە ئاغىنىلىرىم كەلمەكچى ئىدى، شۇڭا، كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئولتۇرايلى دەپ تېلېفون بېرىشىم. كېلىدىغان ۋاقتىڭىزدا گۆشتىن ئازراق ئالغاچ كېلەرسىز، كاۋاپ قىلماقچىمىز، — تۇرسۇن بۇنىڭغىمۇ ئۆزرە قويۇپ جاۋاب بەردى.

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ تۇرۇۋىدى، تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ

كەتتى. تېلېفوننى ئېلىشقا يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن تۇرسۇن، مەخسۇتقا تېلېفوننى ئىشارەت قىلدى ۋە قولى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مېنى سورىسا، يوق دەپ قويغىن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. مەخسۇت: «لېيەنجاڭ؟ ھە، لېيەنجاڭ يوق» دەپلا تۇرۇپكىنى قويدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئولتۇرغان تۇرسۇنغا قارىدى:

— ئۆلتۇرگەن قوينىڭ گۆشىدىن ھازىر ئاران قوۋۇرغىسى بىلەن بىر سانلا قالدى، بايا دېگەندەك شورپا سالماقچى ئىدۇق، گۆش ئاز بولغاچقا ئۇنىڭغا ئازراق كالا گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاشمانتا قىلىشنى لايىق كۆرگەنىدىم، باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ قورداق قىلماقچى بولدۇق. بۇ گۆش يەنە باشقىلارغا كەتسە، جەڭچىلەرگە نېمە ئېتىپ بېرىمىز، ئويلاپ كۆرۈڭ.

تۇرسۇن مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ شىلتىپ - شىلتىپ قويدى، جاۋاب بەرمىدى.

شۇ چاغدا گازارمىغا كىرىپ توختىغان ماشىنىدىن شاڭشياۋ ئەخمەت چۈشۈپ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئىشخانىغا كىردى.

— ھە، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، — دېدى، تۇرسۇن ۋە مەخسۇت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، — چىرايىڭلار باشقىچە تۇرىدىغۇ، سوقۇشۇپ قالمىغانسىلەر؟

— ياخشى تۇردۇق. ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ تۇەنجاڭ، تاماق نامىنى بېكىتەلمەي ئاۋارە بولۇۋاتىمىز، باشقا خاپىلىق يوق، — دېدى تۇرسۇن كۈلۈمسىرەپ، بۇنى ئاڭلىغان شاڭشياۋنىڭ كۆزى قايتا - قايتا ئۆچۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەن تاماق نامى يېزىلغان گرافىغا چۈشتى - دە، قولىغا ئېلىپ قارىدى ۋە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تۇرسۇن يوشۇرماستىن ھەممە گەپنى ئوچۇق ئېيتتى.

— زاپخوزنى چاقىر، — دېدى شاڭشياۋ تەرىنى تۇرگەن ھالدا تۇرسۇنغا بۇيرۇق قىلىپ. شۇ تاپتا شاڭشياۋنىڭمۇ غەزىپى

كەلگەندى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ «قانداق ئىش بۇ، ئىنىمشقا ئىنساپ قىلىشمايدىغاندۇ» دەپ ئويلىدى.

زاپخوز كىرىپ سالام بەردى.

— يولداش تۆەنجاڭ چاقىرىقىڭىز بويىچە كىردىم. دوكلات قىلغۇچى زاپخوز ئەركىن.

— 3 ـ لىيەنىنىڭ بايراملىق ئۆلتۈرگەن قويىنىڭ گۆشلىرى نەگە كەتتى؟ — تۆەنجاڭ ئۇدۇللا سورىدى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— تا. . . تاڭ، مەن بىلمىدىم، بار، . . . بارغۇ دەيمەن، — دېدى ئەركىن بىر لىيەنجاڭغا، بىر ئاشپەزلەر بەننىڭ بەنجاڭغا قاراپ ھودۇققان ھالدا.

— ھە، دەپ باقە، گۆش زادى نەگە كەتتى؟!

— تۆەنجاڭ، مەن. . . مەن ئۇقمايدىكەنمەن، ھا. . . ھازىر ئىگىلەپ باقاي، — دېدى تېخىمۇ تەمتىرەپ.

— سەن ماڭا يالغان گەپ قىلما، سەن ئۇقمايسەن ئەمەس، تازا ئېنىق ئۇقىسەن، — دېدى تۆەنجاڭ ئاچچىقلىنىپ.

زاپخوز تاتىرىپ كەتتى. ئۇ يەنە تۇرسۇن لىيەنجاڭ بىلەن مەخسۇتقا قارىدى.

— رۇخسەت قىلىڭ تۆەنجاڭ. بەزى باشلىقلارغا يۈز كېلەلمەي. . .

— بولدى! — دېدى شاڭشياۋ ئەخمەت، — ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق كىشىگە، مەيلى ئۇ گېنېرال بولسۇن، كومىسسار بولسۇن جەڭچىلەرگە ئاتاپ سويۇلغان قوي ـ كالا گۆشىدىن بېرىلمىسۇن. بۇيرۇقتا كىم خىلاپلىق قىلسا ئىنتىزام جازاسى بېرىلىدۇ.

تۇرسۇن بىلەن مەخسۇتنىڭ كۆتكىنى شۇ ئىدى. ئۇلار تۆەنجاڭنىڭ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئورتاق نىيەتكە كەلدى. زاپخوز ئەركىنمۇ ئۇھ دەپ بىر تىنىۋالدى. شاڭشياۋ

مۇھاپىزەتچىگە ماشىنىدا قالغان سومكىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇي-
رۇدى. سومكا ئېلىپ كېلىندى. ئىچىدە بىر قوينىڭ گۆشى بار
ئىدى.

— بۇ گۆشنى جەڭچىلەرنىڭ بايراملىق تامىقىغا ئىشلىتىڭلار!
كۆڭلى تىنغان ئاشپەز مەخسۇت، لىيەنجاڭ تۇرسۇنغا كۆز
قىسىپ قويۇپ گۆشنى ئېلىپ ماڭدى. شوپۇر ھەسەن شاڭشياۋ-
نىڭ سوۋغاتنى بۇنداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا ئىچىدە ئاپىرىن
ئوقۇدى.

1989 - يىل 11 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ناخشا مۇسابىقىسى

ماشىنىدىن چۈشۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز غەم - ئەندىشە پەيدا بولدى. بۇ چىگرا يولىدىكى كىچىك بېكەتتە ماشىنىدىن چۈشۈپ - چىقىدىغان يولۇچىلار ئەسلىدە ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن بېكەت سۈپىسىدىكى ئادەملەر تېخىمۇ شالاڭلىشىپ، ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. بۇ، ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىكى «داغدۇغىلىق» ئۆزىتىپ قويۇش مەنزىرىسى بىلەن پەرقلىق سېلىشتۇرۇما ئىدى. ئاشۇ ئۆزىتىش كۈنى سىياسىي يېتەكچى ئەخمەت، پۇتۇن لىيەندىكى بەندىن يۇقىرى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بىلەن ناخشىچى جۇمەنى يولغا سېلىپ قويغانىدى.

ماشىنا قوزغىلىشقا ئاز قالغاندا، سىياسىي يېتەكچى ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— قەتئىي ئىرادە بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتنى چوقۇم ئېلىپ كەل، — دەپ قايتا - قايتا جېكىلىگەنىدى، — پۇتۇن لىيەندىكى سەپداشلار مۇشۇ يەردە سېنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالىمىز.

مانا مۇسابىقىنى تۈگەتكەن جۇمە قايتىپ كەلگەندە بولسا، بېكەتتە ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان سەپداشلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

كەچ كىرگەنىدى. قۇياش غەربىي ئۇپۇقتا ئوتلۇق شارغا ئوخشاش پارلىداپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرىنى سەپمەكتە. قىسىمنىڭ سىياسىي باشقارمىسى ئاممىباب ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇپ، ھەر قايسى لىيەندىكى ناخشىچىلارنى بىر يەرگە يىغقانىدى. مانا بۇ كەچتە ناخشىچىلار گىتارلىرىنى

تىرىڭلىتىپ ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

قوماندانلىق شتاب بىناسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان كۆركەم كۇلۇبنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى. كۇلۇبنىڭ پېشايۋىنىدا ئېسىقلىق تۇرغان سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى توققۇزنى كۆرسەتتى. پەردە ئېچىلىپ مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىندى. قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە ناخشىچىلار پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى. مۇسابىقە يېرىملاشقاندا، ئېلانچى:

— جەڭچى قاۋۇل ناخشا ئېيتىدۇ، — دەپ جاكارلىدى. تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. قاۋۇل بۇ چۇقان-سۈرەنلەر ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇنى كۆپچىلىك ئىتتىرىپ-تارتىپ سەھنىگە چىقاردى. شۇ تاپتا قاۋۇلنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك پاراققىدە كۇلۇشۇپ ئۇنى تېخىمۇ تەمتىرىتىۋەتتى. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قاۋۇل پېشانە تەرىنى ئېرتىپ قولىنى كۆتۈردى.

— بولدى-بولدى، مەن كۆپچىلىككە ئاۋۋال يېڭى ئەسكەر بولغان چاغدا ئۆگىنىۋالغان بىر ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ. كۇلۇبنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «پىخ-پىخ» قىلىپ كۈلگەن ئاۋازلىرى ھەر ياندىن ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئۆگىنەيلى، ئۆگىنەيلى ئىزدىنىپ،
پارتىيە، خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن.
. . . . . . . . . . . .

قاۋۇلنىڭ ناخشىسى لەرزان ياڭرىماقتا، كۆپچىلىك بارا-بارا قاۋۇلغا ئەگىشىپ ئېيتىپ، كۇلۇبنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈ-

رۇۋەتتى. ناخشا تۈگىشى بىلەن تەك گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى ـ دە، باھالىغۇچىلار قاۋۇلنى بىرىنچى دەرىجە قىلىپ بېكىتتى. لېكىن، «ناخشا چولپانلىرى» ئۇنىڭغا ئۆكتە قىلدى. بەزىلەر: «ئۇنىمۇ ئاممىباب ناخشا دېگىلى بولامدۇ» دېيىشسە بەزىلەر: «ئۇ باھالىغۇچىلاردىكى گەپ» دەپ پىتنە قىلىشقا باشلىدى. كۇلۇب ئىچىنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىدى. باش باھالىغۇچى ئادىل تەمكىن ھالدا:

— يولداشلار! سىياسىي يېتەكچى قاۋۇل ئېيتقان ناخشا نەچچە يىللاردىن بۇيانقى ئۆگىنىش ئۇلگىمىز لىپى فىكىغا بېغىشلانغان. ئەينى زاماندا بۇنداق ناخشىلار كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەندى. مېنىڭچە باھالىغۇچىلار ئادىل باھالىدى. بىز قاۋۇلنى تەبرىكلەيلى!

يەنە ئالقىش ياڭرىدى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، چۇقان ـ سۈرەنلەر جىمىدى. ئىككىنچى نۆۋەت جۇمە ناخشا ئېيتتى. ئۇمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۆزىنى بىردىنبىر ناخشىچى ھېسابلايدىغان جۇمە قاۋۇلنى ئانچە ياراتمايتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان قۇياشمۇ پاللىدە كۆتۈرلۈپ چىقىپ، خۇش جامالى بىلەن كائىناتنى يورۇتتى. جۇمە مۇكاپات تارقىتىش چوڭ يىغىنىدا بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىقىپ، مۇكاپات ئالىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك، ئاندىن ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر، ئەڭ ئاخىرىدا، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر سەھنىگە چىقتى. قاۋۇل ئەڭ ئاخىرىدا سەھنىگە چىقتى. بۇ «لېيەندىكى مۇكاپاتلاش ئۇسۇلىغا ئوخشاشمايدىكەن» دېدى جۇمە كۆڭلىدە. ئۇ ئالدى رەتنىڭ بېشىدا تۇرغان، بويى ئېگىز، قامىتى كېلىشكەن، قارا قاش تەمبەل جەڭچىگە قارىدى. بۇ قاۋۇل ئىدى. جۇمە قاۋۇلنىڭ بۇ مۇسابىقىدە بىرىنچى دەرىجە-

گە ئېرىشكەنلىكىگە قانداقمۇ قايىل بولسۇن، چۈنكى ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا ناخشىغا بېرىلگەنىدى. سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى «تىرىك ئۈنئالغۇ» دەپ ماختىشاتتى. ئارمىيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ سەپداشلىرى ئىچىدە «ناخشىچى» دەپ نام قازاندى. ھەر قېتىم يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقلارمۇ لىيەندۈيلەرنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىماي قالمايتتى. ئۇ ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ناخشا ئېيتىپ تۇراتتى. مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى ئەخمەتنىڭ توي مۇراسىمى بولغان كۈنى جۇمە «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىدىن پارچىلارنى ئېيتىپ كۆپچىلىكنى مەھلىيا قىلدى. يىگىت قولداشلىرى ئۇنىمۇ كۆتۈرۈپ، ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ تونۇلۇپ كەتتى.

ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قىزىل بايراق مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. سەپداشلار گېزىتتىن ھەربىي رايوندا ئاممىباب ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆردى. ئۇلار جۇمەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئۆزىنى سىناپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈردى. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مۇسابىقىدە داڭقى چىقىپ تونۇلۇپ كەتسە، سەنئەت ئۆمەكلىرىگە يۆتكىلىپ كېتىپ، لىيەندۈينىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىشتىن ئەندىشىمۇ قىلىشتى.

جۇمە تىزىملاتتى. ئۇ تىزىملىكتە قاۋۇل ئىسىملىك جەڭچىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆردى. ئەمما، ئۆزىنىڭ نەتىجە قازىنىشىدىن قىلچە گۇمانلانمىدى. مۇسابىقىدە قاۋۇل ئالقىشقا، يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشتى. «سەھرادا چىللىغان خوراز، شەھەردە چىللىيالماپتۇ» دېگەندەك جۇمەنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنى كۈتمىگەنىدى.

جۇمە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ناخشا تاللىغاندا ھەربىيلەرگە ماس كېلىدىغان ناخشا تاللىماستىن، كوچا

ناخشىلىرىنى تاللىغانىدى، قاۋۇل بولسا ھەربىيلەرگە ماس كېلى-دىغان، مەزمۇنى يېڭى ناخشىلارنى تاللىغانىدى. . .

جۇمە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنى ھېچكىم قارشى ئالمىدى. بۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم بولدى. ئېھتىمال، شۇ دەمدە قاۋۇلنى ئۈز لېيەندىكىلەر باشلىرىغا كۆتۈرۈپ قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقاندۇ. . .

«يەنە بىر قېتىملىق ناخشا مۇسابىقىسىدا ئېيتىلىدىغان ناخ-شىنى ئەستايىدىل تاللاپ، چوقۇم بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشى-مەن» دېدى ئۇ ياتىقىغا كېتىۋېتىپ.

1989 ـ يىل 12 ـ ئاي

# سەنئەتچى ئەسكەرلەر

بىر توپ ياشلار سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تۇپتۇز ئاسفالت يولدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كەچكى قۇياشنىڭ ئالتۇن شولىسى چۇشكەن زەرەپشان دەرياسى بويىغا قاراپ بۇرۇلۇشتى. ئۇلار ئىچىدىكى نىياز يېقىندىن بېرى تولا ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى بېسىۋالالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھالىنى كۆرگەن سەپداشلىرى:

— ئەترەت باشلىقى، سىزنى شۇنچە خۇشال قىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزگە دەپ بەرسىڭىز. بىزمۇ بۇ خۇشاللىقتىن سىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولساق، — دەپ چاقچاق قىلىشتى.

ئۇ ھۇپپىدە قىزاردى ـ دە، تارتىنغان ھالدا:

— ئۇ . . . ئۇ . . . ، — دەپ گېپىنى ئېغىزدىن چىقىرالمىدى.

— ھە، بىلدۇق. قارىغاندا يەڭگىمىز سىزگە ئۆزىڭىزدەك قاۋۇل، ئوماق يىگىتتىن بىرنى تۇغۇپ بېرىدىكەن ـ دە!

ئۇلار پاراققىدە كۈلۈشتى. نىيازمۇ گەدىنىنى قاشلىغان ھالدا كۈلۈپ كەتتى، كۈلگەندىمۇ ناھايىتى سۆيۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئەمما، كۆڭلىدىكىنى دېمەي كېتىپ قالدى.

زېرەك كىشىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈلگەن قانداقتۇر بىر ئوينىڭ بارلىقىنى سېزىۋالاتتى. ئۇ ئاچقان ئەترەت يىغىنىدىن كېيىن سەنئەت گۇرۇپپىسىدىكى بىرنەچچە قىز ئەسكەر: «تولا ماڭغانلىقتىن پۇتلىرىمىز زورۇقۇپ ئىششىپ ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدۇق» دەپ رېپېتىتسىيە قىلىش ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ داۋراڭ سېلىپ

دەتالاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەترەت باشلىقى يىغلىدى» دەيدىغان-لارمۇ، «تاش يۈرەك، پوزىتسىيىسى قوپال، بىزنى قولتۇق تۇتت-دۇ» دەپ يامانلايدىغانلارمۇ بار ئىدى.

نىيازنىڭ بىرقانچە كۈن ئىلگىرى بىر پارچە تېلېگراممىسا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق. تېلېگراممىدا ئۇنىڭ ئۆيگە تېزرەك كېلىپ كېتىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. چۈنكى، ئايالى-نىڭ ئاي — كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىكەن. ئەپسۇس، ئويۇن قويۇش ۋاقتىمۇ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۇچۇن-مۇ خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغقىچە بۇ توغرۇلۇق رەھ-بەرلىككە ھېچ نەرسە دېمىدى. «بىزنىڭ بۇ چەت چېگرا رايوندىكى تەشۋىقات ئەترىتىمىزنىڭ شەرت — شارائىتى ناچار، ۋەزىپىسى ئېغىر، ئاساسىمىز پۇختا ئەمەس» دەپ تەشۋىقات ئەترىتىدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. سەنئەتچىلەر مۇكاپاتقا ئېرىشىشىمىز قى-يىن دەپ ئۈمىدسىزلەنسىمۇ، ئۇ ئۈمىدۋار ئىدى. «مىللىيچە ئۇسۇللىرىمىز نېمىدېگەن نەپىس — ھە! ھازىرقى زامان ئۇسسۇل-لىرىمۇ ئۆزگىچە قىزىقارلىق. ئەسكەرلەرنىڭ ساغرىسىنى ھەر تەرەپكە تولغاپ سەكرەپ كېتىشلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك، بەزى-لەرنىڭ گىتارنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئوينىتىپ ناخشا ئېيتىشلى-رى جەڭچىلەرنى نېمىشقا جەلپ قىلمىسۇن» دەپ ئويلاپ، رېپې-تىتسىيىنى زادى بوشاشتۇرمايتتى. ھەقىقەتەن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان بۇ سەنئەت كېچىلىكىگە چېگرادىكى بىر خىل تۇرمۇشتا زېرىكىپ كەتكەن جەڭچىلەر جان دەپ قاتنىشاتتى. ئۇ چاغدا جاپادىن ۋايىسىغان سەنئەتچى قىزلارنىڭ ھاردۇقى چىقىپ، گۈل-دۈراس ئالقىش سادالىرىدىن بېشى كۆككە يېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى، نىياز بۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

جىددىي تەييارلىق خىزمىتى جەريانىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قىزىللىق بارغانسېرى چوڭىيىپ، ياڭاق سۆڭىكى چىقىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ مەشىق قىلىشنى توختاتمىدى.

كونسېرت نومۇرلىرى ئاساسەن تەييارلىنىپ بولدى، نىياز-نىڭ تىرىشىشى ۋە ئۇلگە كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئۇسسۇلچى، ناخشىچى جەڭچىلەرنىڭ ماھارىتى ئاشتى. نىياز بۇنىڭدىنمۇ خۇ-شال ئىدى.

قەھرىتان قىش پەسلى، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئاق رومال ئارتىۋالغاندەك قارغا پۈركىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باغرىدىكى گا-زارما زالىدا نىياز باشچىلىقىدىكى سەنئەتچى ئەسكەرلەر ئويۇن قويۇۋاتاتتى. ئويۇن ۋاقتى ئۈچ سائەتكە سوزۇلۇپ كەتتى. تاما-شىبىنلار تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، سەنئەتچىلەر قايتا - قايتا سەھنىگە چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. زوقلانغان جەڭچىلەر ناخ-شىلارنى سەھنىدىكى ئارتىس بىلەن تەڭ ئوقۇپ، زال ئىچىنى چاۋاك كەلتۈرۈۋېتىشتى. قاتتىق سوغۇق ئۇلارغا كار قىلمىدى. بۇ قېتىمقى سەنئەت كۆرۈكىگە يەتتە ئەترەت قاتناشقانىدى. نىياز-نىڭ ئەترىتى كوللېكتىپ بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. نىياز قىسىم بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ناخشىچى، ئۇسسۇلچى چولپان بولۇپ باھالاندى. ئۇ خۇشاللىقىدىن سەپداشلىرىنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ چىقتى.

— نىياز، تېلېگرامما! — دېدى ئۈز پولكىنىڭ شتاب باشلى-قى ھوشۇر شاڭشياۋ ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، نىياز ئىتتىك تېلېگراممىنى ئوقۇدى. تېلېگراممىدا ئايالىنىڭ ئامان - ئېسەن ئوغۇل تۇغقانلىقى خەۋەر قىلىنغانىدى. قوش خۇشاللىق نىيازنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى.

قاراقۇرۇم ئېگىزلىكىدىكى چوققىلار، قورقۇنچلۇق قىيالار، تېگى يوق ھاڭلار بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تىك قىيالىق تاغ باغرىدىن ئېلىنغان تار يولدا قاناتلىق تۇلپاردەك «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىل غۇيۇلداپ ئۇچۇپ بارماق-تا. بۇ ئاپتوموبىلدىكى جەڭچى ئارتىسلار بەك خۇشال ئىدى.

ئۇلارغا يېتەكچى بولغان نىياز هازىرمۇ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇلار ناهايىتى خەتەرلىك تاغ باغرىدىن ئۆتتى. نىياز ناخشىسىنى توختىتىپ ئېهتىيات بىلەن سەپداشلىرىغا كۆز سالدى. قىرىقچى مەرۇپ: «ئاللا دېدىم شوپۇر، رولۇڭنى مەهكەم تۇت. بەش بالام يېتىم قالمىسۇن» دەپ هەممىنى يەنە بىر قېتىم كۇلدۇرۇۋەتتى. نىياز ناخشىسىنى يەنە باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە ئوماق بۇدرۇق بوۋاق كۆرۈندى...

1990 ـ يىل 1 ـ ئاي

# ياردارلار ھېكايىسى

تۈن بويى ياغقان قار تاڭ يورۇشى بىلەن توختىدى. قاراقۇ-رۇم تېغىدا زىمىستان قىش ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ كۈنلەردە ئې-گىزلىكنىڭ ھەممە يېرى ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغانىدى. ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش سىگنالىنىڭ ياڭراق ئاۋازى زەرەپشان دەرياسى بويىغا جايلاشقان ھەربىي گازارمىنى جىددىي «جەڭ» تۈسىگە كىرگۈزدى. مەلۇم چېگرىدا ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. زەمبىرەكلەر ئۈزۈلمەستىن ئېتىلىۋاتاتتى. ياردارلار ئارقا سەپ دوختۇرخانى-سىغا ئارقا - ئارقىدىن يۆتكەپ كېلىنىدى. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان ئالدىنقى سەپ دوختۇرخانىسى-دىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى تىزما تاغلار، قورام تاشلار ئاپئاق قارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا، تاغ باغرىدىكى بۇ يېگانە دوختۇرخانا خۇددى قار لەيلىسىدەك ئاجايىپ گۈزەل تۈستە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

باتۇر بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كېلىنگەن، دوختۇرخانىنىڭ بىرىنچى كارىۋىتىدىن ئورۇن ئالغان ياردار ئىدى، ئۇنىڭ يوتى-سىغا ئوق تەگكەن بولۇپ، ھازىر ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، ئۈن چىقارماستىن لېۋىنى چىشلەپ ياتاتتى.

— ۋاي... كۆكرىكىم بەك ئاغرىپ كەتتى. مېھرىبان دوختۇر نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ — دېدى جەڭچى ئۆتكۈر.

— ھا... ھا... ھا... ئۆزۈڭ ياردار بولغىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭ ياردار ئەمەسكەن - دە! ياردار يېتىپمۇ شۇ ساھىبجا-مالنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنىڭنى قارا؟... سەن ئۇنىڭ لېيەن

دەرىجىلىك كادىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دەرىجىسى سىز-نىڭدىن يۇقىرى، — دېدى، باتۇر چاقچاق قىلىپ.

— نەدىكى گەپلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسەن؟ — دېدى ئۆتكۈر. ئالمان - تالمان ئۆزىنى ئاقلاپ، — كۆكرىكىم ئاغرىمىغان بولسا ئۇنى بۇنداق تەقەززالىق بىلەن كۈتمىگەن بولاتتىم. ئەگەر ئۇ ئاشۇ چاغدا جەڭ مەيدانىدىن مېنى ئېلىپ چىقمىغان بولسا، ئاللىبۇرۇن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلاتتىم. بىلەمسەن، مېھرىبان ھەقىقەتەن ياخشى دوختۇر.

مېھرىبان دوختۇر تۆەن دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇ چىرايلىق، مۇلايىم بولغاچقا، ئۇنىڭغا كېسەللىنى كۆرسەتكەن ئەسكەردىن تارتىپ ئوفىتسېرلارغىچە ھەممىسى مەھلىيا ئىدى. مېھرىبان دوختۇر بىر يىل ئىلگىرى لېيەنگە سەييارە داۋالاشقا كېلىپلا، زۇكامداپ قالغان ئۆتكۈرنى تەكشۈرۈپ «قىزىپ كېتىپ-سىز، زۇكام بولۇپ قاپسىز، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىڭ» دېگەنىدى. بۇ ئىشلار ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى.

مېھرىبان دوختۇر يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرغان جەڭ مەي-دانىدىن، يارىلىنىپ ھوشىدىن كەتكەن ئۆتكۈرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى.

— ئۇ ھازىر نەدىدۇ؟ — دېدى ئۆتكۈر ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى يەنە ئەسلەپ.

— ئەلۋەتتە ئالدىنقى سەپتە - دە، — دېدى بەنجاڭ قەھرى-مان. گۈزەل ھۆسنى، مۇلايىم مۇئامىلىسى بىلەن مېھرىبان دوختۇر قەھرىمانىنىڭ كۆڭلىدىنمۇ ئورۇن تۇتقانىدى.

— بەنجاڭ، نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا خىيالغا چۆكۈپ كەتتى-ڭىز؟ — سورىدى يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتقان باتۇر.

— ھە. . . مەنمۇ؟ لېيەندىكى يولداشلار خىيالىمغا كېلى-ۋاتىدۇ. سىياسىي يېتەكچىنىڭ مۇرىسىگە ئوق تەگكەندەك قىلى-

ۋاتاتتى، ھازىرغىچە ئەپكەلمەيدىغۇ، — دېدى قەھرىمان نائىلاج كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ.

— يارىسى يېنىك ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇ چاغقىچە كېلىپ بولاتتى، — دېدى باتۇر، — كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام شۇ بىچارە ئانامنى كۆزۈمگە سۈرتكىدەك بولدۇم جۇمۇ، ئىككى ئاي ئىلگىرى ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ھەربىي سەپتىن قاچان بوشايدىغانلىقىمنى سوراپتىكەن، «مەن چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى تۇرۇپ، ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا قىسىمدىن قانداق ئايرىلىمەن» دەپ خەت يازسام، «خېتىڭىزنى كۆرۈپ ئانامنىڭ نەچچە كۈنگىچە كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى» دەپ سىڭلىمدىن يەنە بىر پارچە خەت كەپتۇ، ھەي! مېنىڭ يارىدار بولغانلىقىمنى ئۇقسا ئانام نېمە بولۇپ كېتەر؟! . . .

— يارىدار بولغانلىق خەۋىرىمىز ئۇنچىۋالا تېز يەتكۈزۈلمەس، — دېدى بىر جەڭچى.

— مەنمۇ بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يەتمىسىكەن دەيمەن. ئاتا - ئانام ماڭا قەۋەت ئامراق ئىدى! — دېدى ئۆتكۈر.

ئۇ يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا ئەركە چوڭ بولغانىدى. ئادەتتە ئائىلىسىدىن ئۇنىڭغا ھەپتىدە بىر پارچە زاكاز خەت، ھېچبولمىسا بىر ئايدا بىر قېتىم خالتا كېلىپ تۇراتتى. ئۇرۇش بولۇۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ غېمىنى يېمەي تۇراتتىمۇ؟! . . .

يوتىسى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىغان باتۇر ئەمدى ۋاي - ۋايلىغىلى تۇردى.

— تولا قاقشاۋەرمەي ئوغۇل بالىدەك ياتقىنا. يارىدار بولغاندىن كېيىنمۇ ئىرادەڭنى بوشاشتۇرۇپ قويساڭ بولمايدۇ، — دېدى بەنجاڭ قەھرىمان.

باتۇر جىمىپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقمۇ ئارامىغا

چۈشسۈن؟ ئۇلار ئاشۇنداق مۇڭدىشىۋاتقاندا، پەستىن كىملەرنىڭ-دۇ ئاۋازى ۋە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— بىرسى كەلدى، — دېدى ئۆتكۈر.

— كىمدۇ؟

باتۇر، ئاشۇ چىقىشقاق مېھرىبان دوختۇرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، «ئۇ كەلسە مېنى كۆرسە - ھە! ھەممە ياردار-لارغا قارىغاندەك قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتەرمۇ، ئۇ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. . .» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچتى.

كېلىۋاتقانلار بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. ئىلگىرى رازۋېد-چىك بولغان ئۆتكۈر بىر قاراشتىلا ئالدىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئوت-تۇرا ياشلىق ئەر - ئاياللار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— ئەسقەر ئۆيۈڭدىن ئادەم كەپتۇ، — دېدى ئۇ بويۇنداپ.

— ۋاي خۇدايىم! ئانامغۇ ئۇ، — دېدى 6 - كارىۋاتتا ياتقان 3 - بەننىڭ جەڭچىسى ئەسقەر ھودۇقۇپ، زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىسى ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋەتكەچكە سول قولى بىلەن بىرنەرسىلەرنى رەتلىمەكتە ئىدى. ئۇ ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق ئىلكىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— تېز بول! ئالدىغا چىقىپ سالام قىل، — دېدى بەنجاڭ قەھرىمان. ئەسقەرگە تام - تورۇس ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئېسىنى يوقاتقىلى تاسلا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئانىسى دۇمچەيگەن ھالدا گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. چاچلىرى ئاقارغان، چىرايىمۇ بەكلا سولغۇن ئى-دى. ئۇنىڭ ھازىرلا ئۈن سېلىپ يىغلايدىغانلىقىنى ئەسقەرنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. ھەقىقەتەن ئاپىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كې-لىش بىلەن تەڭ ھۆڭگىرەك سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاپىسى-نىڭ يىغىسى ئەسقەرنى بەك بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ كارىۋىتىغا تىكىلگىنىچە بىرئاز گاڭگىراپ تۇرغاندىن كېيىن

«ئەسقەر» دەپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ھەمراھ بولۇپ كەلگەن دىۋىزىيە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە باشقا كادىرلار ئالمان - تالمان ئۇنى يۆلەپ تەسەللى بەرگىلى تۇردى. ئۇ ھوشىغا كېلىپلا ئەسقەرنىڭ مۇرىسىنى قۇچاقلاپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچە ھەسرەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئىدىكى، ياردارلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. ئانىنىڭ ئۆز يۈرەك - باغرى ئۈچۈن قىلىۋاتقان نالە - پەريادى كىمنىمۇ يىغلاتمىسۇن دەيسىز؟ دوختۇر سېستىرالارمۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

ئەسقەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي ئاخىر يىغلىۋەتتى، تاشقىرىدا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

باتۇرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۇرتى قاتتىق سوغۇق بولىدىغان تاغلىق رايوندا بولۇپ، تۇپرىقى بولۇپ، ئۇنۇمسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى كەمچىل، كىرىمى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ماشىنا بېلىتى ئېلىشقىمۇ قولى قىسقىلىق قىلاتتى. «مەن ئۇرۇشتا يارىلىنىپ مېيىپ بولدۇم، ئەمدى ئائىلىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدىغان بولدى، ئاتا - ئانام كەلسە، سەپداشلار ئۇلارنى كەمبەغەلكەن دەپ مەسخىرە قىلمىسىلا بولاتتىغۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتۈپ باتۇرنىڭ ئاتىسىمۇ كەلدى.

ئۇ ئۇچىسىغا تولا يۇيۇپ رەڭگى ئۆچكەن ھەربىيچە كىيىم، بېشىغا پۇرلىشىپ كەتكەن ھەربىيچە شەپكە، پۇتىغا ياماق چۈشكەن چۈخەي كىيگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باتۇر ئەۋەتىپ بەرگەنىدى.

باتۇرنىڭ ئاتىسىنى كۆرمىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقانىدى. ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ ياكى نامراتلىقنىڭ دەستىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئاتىسىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار بەكلا كۆپىيىپ كەتكەنىد-

دى. شۇ تاپتا ئاتىسىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى سىيىلىپ يىغلىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى.
باتۇرنىڭ ئاتىسى ئىككى قولىنى سېلىپلا قۇرۇق كەلگەنىدى. ئۇ ياتقان ئوغلىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى. هارغىنلىق چىقىپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلىرىنى باتۇرغا تىككىنىچە، تىترەپ كېتىۋاتقان بەدىنىنى كونترول قىلالماي پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كارىۋاتقا يۆلىنىپ قالدى.
بوۋاي كۆز چانىقىدىن ئېتىلىپ چىققان ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈۋىدى، دۈم كۆمتۈرۈلگەن سۇداندەك، كۆز چاناقلىرىدىن ئاققان ياش توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بوۋاي سۈرتۈپمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. يىغلاپ - يىغلاپ ئاخىر توختىدى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ:
— باتۇر، سەن يۇرتىمىزنى قوغداش يولىدا ياردار بوپسەن، ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدۇق. خۇدا ساقلاپ هايات قاپسەن. سېنىڭ ئۈمىدىمىزنى ئاقلاپ، ۋەتەن ئىشىنى ئەلا بىلىپ، دۈشمەنلەرگە زەربە بەرگىنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق، — دېدى ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ، ئۇنى ئاڭلىغان ياردارلارمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. شۇ چاغدا ياردارلارنى يوقلاپ كىرگەن دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بوۋايدىن هال سورىدى، ئۇنى يۆلەپ تاكى ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.
— ئاتا، خۇداغا ئامانەت! سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، مەندىن ئەندىشە قىلماڭ! — تولۇپ قالدى باتۇر.
ياتاقنى بىردىن جىمجىتلىق باستى. بۇ جىمجىتلىقنى ئەك ئاۋۋال ئۆتكۈر بۇزدى.
— ئائىلەڭلارنىڭ قىيىنچىلىقى خېلى ئېغىر ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئۇ ئىچ ئاغرىتىپ.
باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئالدىڭلاردا خىجىلمەن، ئاتام ھېچ نەرسە ئەپ كەلمەپتۇ، سىلەرنى مېھمان قىلالمىدىم.

— بۇنداق دېمە باتۇر، — دېدى بەنجاڭ قەھرىمان ئويلانغان ھالدا، — بىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ ھالىغا يەتمىسەك بولمايدۇ، ئائىلەڭدە شۇنچە قىيىنچىلىق بار ئىكەن، شۇغىنىسى بۇ چاغقىچە ياردەم قولۇمنى سۇنالماپتىمەن.

— راست، — دېدى ئەسقەر، — بىزمۇ ئۇقماپتۇق.

ئۆتكۈرمۇ «شۇنداق بولدى» دېگەندەك ئېغىر تىندى.

«ھەقىقەتەن ھايات - ماماتتا بىللە بولغان سەپداشلىرىم - دە بۇ» دەپ ئويلىغان باتۇر، سەپداشلىرىغا ئىختىيارسىز ھەربىيچە سالام بەرمەكچى بولدىيۇ، يارىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكىدىن ۋاي - ۋايلاپ جىمىپ قالدى. ئۇ ھازىر ئۇرۇش مەيداندا بولالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ياردارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلغۇچە ئۇرۇش مەيداندا بولالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. دوختۇرخانىغا يەنە بىر توپ ئادەم كەلدى. بۇ قېتىم مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى بىلەن تۇەننىڭ سىياسي كومىسسارى بىرگە كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ سالاھىيىتى ئۇستۇن، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى قىياپىتىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— كىملەرنىڭ تۇغقانلىرىدۇ؟

— ئاتام كەپتۇ! — دېدى ئۆتكۈر ئىككى چوڭ سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن تەمبەل ئادەمگە قاراپ ۋە خۇشاللىنىپ قوشۇپ قويدى، — بۇگۈن تازا تويۇۋالىدىغان بولدۇق - دە، ئاتام چوقۇم ئېسىل نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلدى، دوستلىرىم.

ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان پوسۇلكىلارمۇ سەپداشلىرىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى.

ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى يىغلىمىدى، ئوغلىنى كۆرگىنىدە ئۆلدەك- شىپ ھوشىنى يوقىتىپمۇ قويمىدى، چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى، كۈلۈمسىرەپ قارىدى، ئوغلىنىمۇ يىغلاتمىدى. «خۇدا ساقلاپتۇ، خۇدا ساقلاپتۇ ئامان قالغىنىڭ بىز ئۈچۈن چوڭ ئىش» دېدى ئۇ قايتىدىغان چاغدا. ئۇرۇش بولمىغان بولسا، ئۆتكۈر ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن كادىرلىققا ئۆستۈرۈلەتتى ياكى چەتكە چىقىپ ئو- قۇغان بولاتتى. ئۆتكۈرنىڭ دادىسى ئوغلىغا «ماۋتەي» ھارىقى، «جۇڭخۇا» ماركىلىق پاپىرۇس، پۇشۇرۇلغان پاقلان گۆشى قا- تارلىق قۇۋۋەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

«خۇڭمېي» ماركىلىق تاماكىنى چېكىۋاتقان مۇئاۋىن دىۋى- زىيە كوماندىرى ئۆتكۈرنىڭ دادىسى تەڭلىگەن «جۇڭخۇا» ماركى- لىق بىر بولاق تاماكىنى «رەھمەت» دەپ ئۆزىگە قايتۇردى.

— ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى نېمىدېگەن بايۋەچچە، — دەپ سالدى بىرەيلەن.

— پۇلمۇ - مالمۇ شۇنىڭ قولىدىن چىقىدۇ - دە، — جاۋاب بەردى يەنە بىرەيلەن كىنايە قىلىپ.

خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ كەتكەن ئۆتكۈر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئاتىسى ياردارلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئوغلۇم بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا كېرەك؟

— شۇنداق، ئۇ يەتتە دۈشمەننى يوقىتىپ شەرەپ بىلەن ياردار بولدى، — تۈەن سىياسىي كومىسسارى جاۋاب بەردى.

ئۆتكۈر تىت - تىت بولۇپ تۇرالماي قالدى.

— سىز نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز ئاتا؟ بىرىنچى دەرى- جىلىك خىزمەت كۆرسىتىش ئاسان ئەمەس. مەن تېخى ئارزۇيى- مىزدىكىدەك خىزمەت كۆرسىتەلمىدىم. بۇ ياقتىن جەڭگە قاتنى- شىپ، ئۇ ياقتىن ياردار بولۇپ يېتىپ قالدىم. بۇنى قانداقمۇ خىزمەت كۆرسەتكەنلىك دېگىلى بولسۇن.

ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا دېدى:

— مەن بۇ يەرگە كېلىشنىڭ ئالدىدا، ناھىيىمىزدىكى كەڭ ئامما گېزىتتىن ئوغلۇم ئۆتكۈرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندى ھەمدە «قىسىمدىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە قەھرىمان دەپ نام بېرىشنى تەلەپ قىلغىن» دەپ مېنى ئەۋەتتى. ئاممىنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن مىننەتدارمەن. خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاشتىن مەقسەت كېيىنكىلەرگە ئۈلگە تىكلەش ئەمەسمۇ؟ كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدا يەنە بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا جەڭچىلەر ئوغلۇمغا ئوخشاش باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلمامدۇ؟

كادىر دېگەن كادىر - دە، قاراڭلار، ئۇنىڭ گېپى نېمىدېگەن ئورۇنلۇق - ھە! ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى.

— ئۆتكۈرنىڭ خىزمىتى ئەنگە ئېلىنغانمۇ؟ — سورىدى ئۇ يېنىدىكى تۇەن سىياسىي كومىسسارىدىن پەس ئاۋازدا.

— يولداش ئۆتكۈرنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى تېخى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتمىدۇق. نۇرغۇن تۆھپىكارلار ۋە قەھرىمانلار بىلەن ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا باھالاپ چىقىمىز، — دېدى سىياسىي كومىسسار ئويلانغان ھالدا.

— يولداش كومىسسار بۇنىڭغا ھازىر ئاممىنىڭ پىكرى بار! بۇنىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ، — دېدى ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى.

— ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ باھالاش نىزامى»غا ئاساسەن باھالىنىپ بېكىتىلىدۇ. يولداش، بۇ نىزامنى بۇزۇش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، — دېدى دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى.

— يۇقىرىمۇ سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قارايدۇ - دە، — دېدى ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى تالىشىپ.

— بۇ شۇنداقلا باھالاپ قويىدىغان پەسىللىك خىزمەت خۇلا-سىسىگە ئوخشىمايدۇ. يولداش، بۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

ئۆتكۈرنىڭ ئاتىسى مۇئاۋىن دىۋىزىيە قوماندانىنىڭ سوزىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنى چەتكە تارتىپ پىچىرلىدى:

— تۇەن ئۆتكۈرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى يۇقىرى باھالاپ ئەنگە ئالىدىغانلا بولسا، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى. ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرمايتتىم. قولۇمدىن كېلىشىچە ھۆرمىتىڭلارنى قىلاتتىم.

— بولدى بەس! قەھرىمانلىقنى، نەتىجىنى سېتىپ بەرگىلى، سېتىپ ئالغىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا، قولىنى شىلتىپ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۆتكۈر، نومۇس ـ ئىزادىن تىترەپ ئاغرىقى تۇتتى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى.

— تېز! دوختۇر چاقىرىڭلار! تېز بولۇڭلار! — ۋارقىرىدى بەنجاڭ قەھرىمان پايپېتەك بولۇپ.

ئۆتكۈر ھوشىغا كەلگەندە ياتاقتا ياردارلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ چاغدا قار توختىغان بولۇپ، قاش قارىيىپ قالغانىدى. كۆن پېتىش تەرەپتە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار گۈگۈم قاراڭغۇلىقىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي

# جەڭ ئىزلىرى

قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك قىزغۇچ نۇرى يېشىل ياپراقلاردا جۇلالىنىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە كۆۋجەپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە پارقىراق ئاقۇش شولا ھاسىل قىلغانىدى. ئەتىگەنلىك سىگنالدىن كېيىن، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر، دىۋىزىيە ئۇيۇشتۇرغان «ئىنقىلابىي تارىخىي كۆرگەزمە»نى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن، سەپكە تىزىلدى. ئۇلار كۆرگەزمە زالى ئالدىغا كەلگەندە ھاياجانغا چۆمۈلۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرەكلىرى گۈپۈلدەك سوقۇشقا باشلىدى. يورۇق ئازادە زالنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. پەقەت چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا شەپە ئاڭلانمايتتى. كۆرگەزمىگە قويۇلغان رەسىم ۋە ماددىي بويۇملار يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنى گويا دەھشەتلىك جەڭ مەيدانى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندەك جىددىيلىشىپ كېتىشتى. چۈشەندۈرگۈچى ئويچان كۆزلىرىنى «كۈرەش قەھرىمانى» ئىسمائىل مەھەممەتنىڭ رەسىمىگە تىككىنىچە سۆزىنى باشلىدى:

* * *

. . . سېنتەبىر ئايلىرى ئىدى. ئالتۇن شاردەك يالقۇنجاپ تۇرغان قۇياش، كۈزنىڭ تۇمانلىق ئاسمىنىدا پارلاپ تۇراتتى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان تۇمەن دەرياسىغا يانداش كەڭرى ھەربىي مەشىق مەيدانىدا قىزغىن «جەڭ» بولماقتا. ئېغىر پىلىموتلاردىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازىدىن ئۈركىگەن ئۇچار قۇشلار تەرەپ -

تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشمەكتە ئىدى.

— يارايسىلەر يىگىتلەر! — 45 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويى، تەمبەل كەلگەن باشلىق سىياقى بار بىر كىشى مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، ئىغىر پىلىموت مەشىقى ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭچى-لەر تەرەپكە كېلىۋېتىپ توۋلىدى.

— دىققەت! — بەنجاڭ ئىسمائىل كوماندا بېرىپ جەڭچىلەر-نىڭ ئالدىغا چىقتى - دە، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە تاقاپ سالام بەردى، — يولداش تۇەنجاڭ! ئېغىر پىلىموت لىيەنىنىڭ 3 - بەنى ھۇجۇم جېڭىدىكى مەشىق قائىدىسى بويىچە رەسمىي ئوق ئېتىش مەشىقىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

تۇەنجاڭ باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ دوكلاتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ھۆرمەت بىلەن رەتلىك سەپ تۈزۈپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ «راھەت» تە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ كۆن نۇردىن قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە، تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۈستىبېشىغا بىرقۇر سەپسالغاندىن كېيىن دېدى:

— يولداشلار ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت ئىنقىلابىي كۈچلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ، زومىگەرلىك ۋە كېڭەيمىچىلىك ھەر ۋاقىت ئۇرۇش ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، ئارمىيە-مىز — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنى پۇختا قەدەملەر بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ؛ خەلقىمىزنىڭ بەختىيار، پاراۋان تۇرمۇشى-نى گۈللەندۈرۈشنىڭ كاپالىتى. ھەر بىر ئىنقىلابىي جەڭچى ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنغان دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى لازىم.

تۇەنجاڭنىڭ سۆزى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىگە ئورناپ قالدى.

كۈن ئولتۇرۇپ قويۇق دەرەخلەر بىلەن ئورالغان قىسىم تۇرۇشلۇق جاي گۈگۈم قوينىغا بۆلەندى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي، كەچ-لىك ئۇخلاش سىگنالى چېلىندى. ياتاقلاردىكى ئېلېكتر چىراغلى-رى ئارقا - ئارقىدىن ئۆچۈشكە باشلىدى. لېكىن 3 - بەنىنىڭ

ياتىقىدىكى چىراغ تېخىچە ئۆچمىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇيقۇ ھېچكىمـ-ـنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى. 3 ـ بەندىكى جەڭچىلەرنىڭ چىرايىـ-ـدىن نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقى، نېمىگىدۇر غەزەپلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بەنجاڭ بولسا جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن سو-قۇۋاتقان قەلبىدىكى ئىرادىسىنى قەلىمى ئارقىلىق قەغەز ئۈستىگە پۈتمەكتە ئىدى. . .

* * *

تۆت ئەتراپ قويۇق ئاق تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان يىغىن مەيدانىنىڭ ئۈستىگە «تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلۇغ ۋەتەـ-ـنىمىزنى جان تىكىپ قوغدايلى» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ قىزىل پلاكات ئېسىلغان. يىغىن مەيدانى جەڭگىۋار تۈس ئالغان بولۇپ، ياڭراق شوئار سادالىرى قىسىم گازارمىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى لەرزىگە سالغانىدى.

بۈگۈنكى بۇ يىغىن، قىسىمنىڭ مەلۇم چېگرىدىكى ئۆزىمىز-نى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە مېڭىش ئالدىدا ئۇ-يۇشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق كەڭ ـ كۆلەمدىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئىدى.

— يولداشلار! سەپداشلار! بىزنىڭ بەختلىك، تىنچ ھاياتىـ-ـمىزغا قەست قىلماقچى بولغان ئۇرۇشخۇمارلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە يەل بېرىشى ئارقىسىدا، قۇترىغان تاجاۋۇزچىلار دۆلىتىمىز-نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، بېشىمىزغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈشنى خام ـ خىيال قىلىۋاتىدۇ. بىز قايتۇرما زەربە بېرىپ چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

3 ـ بەنىنىڭ بەنجاڭى ئىسمائىل مەھەممەتنىڭ چوڭ يىغىندا قىلغان بۇ سۆزى، خۇددى ئېگىز تاغدىن شاۋقۇنلاپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىدەك ياڭراپ، پۈتۈن يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئىرادـ-

سىنى ئىپادىلىدى. جەڭچىلەرنىڭ قەلبى ئاللىقاچان ۋەتەن چېگرىسىغا بېرىپ بولغانىدى.

قاراقۇرۇم تاغلىرىدا دەھشەتلىك زىمىستان سوغۇقى ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ كۈنلەردە ئېگىزلىكنىڭ ھەممە يېرى ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغانىدى. غەربىي شىمالدىن سوققان شامال، ئاپئاق قارلارنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقاتتى، سارغۇچ پارقىراپ تۇرغان كۈننىڭ جانسىز نۇرى قەدەمدە بىر چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز - پەس چوققىلارغا چۈشەتتى. سوغۇق شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكۈچە قېتىشىپ، مۇز بولۇپ ئۈيۈپ كېتەتتى. ئۇدا بىرنەچچە كۈن ياغقان قېلىن قار ھەربىي چېدىرلارنى كۆمۈپ تاشلىدى.

يېرىم كېچە. چېدىرلاردىكى چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلگەنىدى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، گاھى - گاھىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پوستىنىڭ ئايىغىدىن چىققان غاچىلدىغان ئاۋازلا ئاڭلىنىپ قالاتتى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇقىرىدىن، دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقان 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى رازۋېد قىلىش ۋەزىپىسى 3 - بەنگە تاپشۇرۇلدى. چۈنكى، بۇ بەن ئالدىنقى بىرقانچە قېتىملىق رازۋېد قىلىش ۋەزىپىسىنى سەزگۈرلۈك ۋە پەم - پاراسەت بىلەن دەل ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇلار خەرىتە ئۈستىدىكى كومپاس ئىستىرېلكىسىنىڭ كۆرسەتكەن نىشانىغا قاراپ يول ئالدى. خېلى ئۇزاق قار كېچىپ ماڭغاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلارنىڭ تايانچ بازىسىغا يېقىنلاپ، دۆڭلۈكنىڭ تۆۋىگە كېلىپ توختىدى. تۈن قاپقاراڭغۇ ئىدى. دۈشمەننىڭ كۆزىتىش مۇنارىدىكى يۇقىرى ۋولتلۇق چىراغ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بىلەن تاغ جىلغىلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. 3 - بەن ئىسمائىل مەھەممەتنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن قېلىن قار ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ سىلجىپ، دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تۇساتتىن ئېتىلغان يورۇتقۇچ سىنارەتتىن بىرى ئۇلارنىڭ بېشىدىلا

خۇددى چاقماق چاققاندەك پارتلاپ ئەتراپنى پاللىدە يورۇتتىدە ئۆچتى. ئىسمائىل ئىككى جەڭچى بىلەن بىردەم مېڭىپ، بىردەم ئۆمىلەپ، تېز ئىلگىرىلەپ، تىكەنلىك سىم توسالغۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. سىم توساققا دۈشمەنلەر كونسېرۋا قۇتىسىدىن ياسالغان ئاددىي قوڭغۇراقلارنى زىچ قىلىپ ئېسىپ قويغانىدى. تېگىپ كەتسىلا ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقاتتى. ئۇلار بىرەر مىنۇت ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئادەم گەۋدىسى پاتقۇدەك يول ئاچتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلىپ تۇرغان سىنارەتلەر ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. نىقابلانغان جەڭچىلەر ئۆزىنى بىلدۈرمەي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، دالدىغا يوشۇرۇنغان دۈشمەن پوتەيلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرى چىراغ يورۇقىدا قانداقتۇر ئۇققىلى بولمايدىغان بىر خىل تىل بىلەن كالدىرلىشىپ، ئۇلارغا ئىككى ـ ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان ئارىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتىپ دۆڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يەر ئاستى ئاكوپقا كىرىپ كەتتى. چىراغلار ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

ئىسمائىل دۈشمەننىڭ بۇ تايانچ بازىسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالدى ـ دە، كەلگەن يولىنى بويلاپ ئۆز يېنىدىكى جەڭچىلەر بىلەن كەينىگە قايتتى. تۈن پەردىسىنىڭ يىراق بىر چېتى خۇددى نېپىز شايىدەك سۇزۇلۇشكە باشلىدى. قۇياش ئۇپۇقتىن ھالقىپ نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەزگىلدە، ئۇلار قارلىق دالىنى توغرىسىغا كېسىپ، كۈن نۇرىدا زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆل بويىغا كېلىپ توختىدى. ئىسمائىل زىيان ـ زەخمەتسىز ئىگىلىگەن مەلۇماتنى قوماندانلىق شتابىغا يوللىدى.

* * *

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ ئىدى. ئاسماننى قويۇق قارا

www.uyghurkitap.com

بۇلۇتلار قاپلاپ، پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى قاراڭغۇ-لۇق يۇتۇپ كەتكەندى. تۇەن قوماندانلىق شتابى ئارزۇيىغا گۇ-رۇپپىسىنىڭ بەرگەن تەپسىلىي مەلۇماتىغا ئاساسەن، دۈشمەننىڭ 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش جىڭىنىشنىڭ مۇ-كەممەل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئاقۇش تۇمان بارا - بارا تارقىلىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە شەپەق نۇرى جۇلا تاشلىدى. مانا شۇ چاغدا 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىنى ئىشغال قىلىش جېڭى باشلاندى. جىمجىت جىلغىلارنى پىلىموت - مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى لەرزىگە كەلتۈردى. ساپ ھاۋا-نىڭ ئورنىنى ئوق - دورىلارنىڭ ئاچچىق ھىدى قاپلىدى، «پاك» قىلغان يېشىل بەلگە ئوقىنىڭ ئىتىلىشى بىلەن تەڭ 3 - بەننىڭ جەڭچىلىرى ئېغىر پىلىموتلىرىنى تىلغا كىرگۈزدى. ئاق-قان يۇلتۇزدەك ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوقلار دۈشمەننى باش كۆتۈرگۈزمىدى. پاراكەندە بولغان دۈشمەنلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، خۇددى ساپىقىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن كاۋا - قاپاقتەك تاشلىق يەرگە دومىلىشىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. پۈتۈن جەڭ مەيدانى شتىكلار-نىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى «چاق - چۇق» قىلغان ئاۋازىدىن قورقۇنچلۇق ھالغا كەلگەندى.

ئىسمائىل ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قاپقارا ساقال-لىق بىر شادا پاچاق دۈشمەننى ئاپتوماتى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ تىك موللاق چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ كۆكسىگە ئاپتوماتىنىڭ نەيزىسى-نى سانجىدى. قىلىچ - نەيزىلەر قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ھالسىرىغان دۈشمەنلەر ئامالسىز قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ تەسلىم بولۇشقا باشلىدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر سوغۇق ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكتىن تۈگۈلۈپ قالغان بۇلۇپ، سوغۇقتا ئۈيۈشۈپ كەت-كەن پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ماڭاتتى. ئۇلارنى جەڭچىلىرىمىز يالاپ ئېلىپ كەتتى. يۈز - كۆزىنى كىرپە تىكىنىدەك ساقال

قاپلىغان ئىگىز بويلۇق ئىككى نەپەر دۈشمەن ئوفىتسېرىنى سو-
راق قىلىپ ئالغان مۇھىم مەلۇماتلار دەرھال قوماندانلىق شتابىغا
يوللاندى.

*　*　*

3 - بەن ئىسمائىلنىڭ يېتەكلىشىدە داۋاملىق ئىلگىرىلەۋا-
تاتتى. دەسلەپكى جەڭنىڭ غەلىبىسى ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى كۆ-
چەيتكەنىدى.

«پاڭ - پاڭ - پاڭ...» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسمانغا
كۆتۈرۈلگەن ئۈچ پاي يېشىل بەلگە ئوقى پۈتۈن قىسىمنى ھەرد-
كەتكە كەلتۈردى. گويا بورانلىق دېڭىز ئۈستىدە يەككە - يېگانە
كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاپ قالغان ئېگىزلىكنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن
قورشاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن جەڭچىلەر تىك قىياغا ياماشتى.
ئىسمائىل جەڭچىلەرگە جىددىي بۇيرۇق بەردى. 3 - بەننىڭ
ئېغىر پىلىموتى خۇددى ئوت ئەجدىھاسىغا ئوخشاش، قاراڭغۇلۇق
ئىچىدە ئوتلۇق ئىزىنى قالدۇرۇپ دۈشمەن بېشىغا ئەجەل ئۇچقۇن-
لىرىنى شىددەت بىلەن چېچىشقا باشلىدى، ئېغىر پىلىموتنىڭ
بوم ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئىككى ياندىكى يېنىك پىلىموتلارمۇ
سايراشقا باشلىدى.

«ئالغا!» ساداسى ئېگىزلىك ئۈستىدىكى دۈشمەنلەرنى ئالاق-
زادە قىلىۋەتتى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ قوماندانلىرى ئېشىنىڭ ئوڭ-
دىن كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا
باشلىدى. قوماندانلىرىدىن ئۆرنەك ئالغان ئەسكەرلىرىمۇ قولىدد-
كى مىلتىق - ئاپتوماتلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا يۈزلەندى. قاچقان
دۈشمەن توپى ئاللىبۇرۇن توسۇپ تۇرغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ
قورشاۋىدا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئىختىيارسىز ھالدا تىزلان-
ماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھايات قېلىشتىن ئۈمىدىنى

ئۇزۇپ جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بەزىلىرى قوللىرىنى ئېگىپ كۆتۈرۈپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كالدىرلايتتى. سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەر تاغ باغرىغا تولۇپ كەتكەنىدى. جاڭ تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئاياغلاشتى. كۆتۈرۈلگەن قوياش ئاچ قىزىل يىپەك پەردىسىنى قاراقۇرۇم تېغى ئۈستىگە يايدى. چوق-قىسى بىلەن كۆكنى تىرەپ تۇرغان ئاقۋاش تاغلاردىكى مەڭگۈ ئېرىمەس قارلار كۈن شولىسىدىن خۇددى كۈمۈشتەك يالتىرات-تى. ئېگىزلىكتىكى ئوق ـ دورا ھىدى ئورنىنى ساپ ھاۋا ئالدى. غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن جەڭچىلەر ئەسىرلەرنى ئېلىپ قىسىم ئارقا سېپىگە قاراپ يولغا چىقتى. يىلان باغرى كەتكەن بۇ تاغ يولىدا خۇددى قاناتلىق تۇلپاردەك ھەربىي ئاپتوموبىللار غۇيۇلداپ ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى. بۇ ئەگرى ـ بۈگرى تاشيولنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغ، يەنە بىر تەرىپى تۈۋى كۆرۈنمەيدىغان ھاڭ ئىدى. جەڭچىلەر ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، تۆ-ۋەندە ئۈچۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قاراپ، ئۆزىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى. ئىسمائىلنىڭ پىلىموتچىلار بەند-مۇ ئەڭ ئالدىدىكى ماشىنىدا كېتىۋاتاتتى. بۇ يول 1962 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، خەتەرلىك ئۆتكەللەر دائىم ئۇچراپ تۇراتتى.

بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاينىڭ خىرە ـ شىرە يورۇ-قىدا بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى ئېگىز، قالغان تەرىپىنىڭ تۈزلەڭلىك ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى. تۈن يېرىمىغىچە بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمىگەن ئاسمان قۇچىقى بارا ـ بارا قويۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ۋە تۈن يېرىمىدىن كېيىنكى ئاينى يۇتۇپ كەتكەنىدى. ئەتراپ گويا قازان-نى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلاشتى. كېچىدىكى قاراڭ-غۇلۇق تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بولۇپ تۇيۇلا-تتى. ئالدىدىكى بىرىنچى ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسى ئۈستىگە ئاغزى ئالدىغا قارىتىلغان ئېغىر پىلىموت ئورنىتىلغانىدى. جەڭ-

چىلەر بۇ كېچىدە دۈشمەننىڭ 26 ـ نومۇرلۇق يەنە بىر تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. ئىسمائىلنىڭ 3 ـ بەنى تۈەننىڭ ئاۋانگارت بەنى قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. ئىسمائىل كۆكسىگە تىرەلگەن پىلىموتنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى تەرەپتىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق تاغ شامىلىنىڭ نەشتەردەك سوغۇقىغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى. قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن، ئىككى مەڭزى سوغۇقتىن خۇددى ئانار دەك قىزارغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى ئاپئاق قارلىق تاغ باغرىدا كۆككە بوي تارتىپ ئۆسكەن قارىغاينى ئەسلىتەتتى. ئاپتوموبىل بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە، بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان بولسا، يەنە بەزىلىرى يېنىدىكىلەر بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئاياقتىكى خادىغا ئېسىپ قويغان نېمىدۇ؟ — قادىرنىڭ ئاۋازى ئىسمائىل بەنجاڭنىڭ دىققىتىنى بۇزدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغان ئۆينى كۆردى ـ دە، شوپۇرغا سۈرئەتنى ئاستىلىتىشنى بۇيرۇدى. تاش يولنىڭ سول تەرىپىدىكى يېقىنلا يەردە تاش بىلەن قوپۇرۇلغان زاڭزۇلارنىڭ ئۆيى ئەمدى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇنىڭ يېنىغا قادالغان خادىنىڭ ئۇچىغا چىگىلگەن قوتاز قۇيرۇقى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئالدىدا نەچچە ئون قوتاز، قويلار يەم يەۋاتاتتى.

ئاپتوموبىل ئۆيگە بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا. ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بەخىرامان يەم يەۋاتقان قوتاز، قويلار، گۈرۈلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ مەخلۇققا قىزىققاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى. ھېچقانداق ئادەمنىڭ شەپىسى يوق ئىدى. ئادەتتە بىرەر ئاپتوموبىل كەلسە، بۇ يەردىكىلەر ئۆيلىرىدىن سىرتقا

چىقىپ قارىشاتتى.

تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى 3 ـ بەندىكلەرنى جىددىي لەشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار پىلىموتلىرىدىن ئوت ئاچتى. ئۇنى بىلەن ئاپتوموبىل ئارىلىقى پەقەت ئەللىك نەچچە مېتىرلا كېلەتتى. يوشۇرۇنغان دۈشمەنلەرنىڭ ئېغىر ـ يېنىك قوراللىرىدىن مۆلدۈرـ دەك ئۇچقان ئوقلار جەڭچىلەرنىڭ باش ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆـ تۈشكە باشلىدى. تاغ زەمبىرەكلىرىنىڭ ئوقلىرى ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە چۈشۈپ تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ، تۇپتۇز يولدا ئازگاللارنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئەتراپنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىـ دى. دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوق ئېچىۋاتقان ئىسمائىل بىرلا تولغىنىپ يىقىلدى. قىپقىزىل قان ئۇنىڭ پاختىلىق چاپىنى ئۈستىدىن تەپچىرەپ چىقىشقا باشلىدى.

— بەنجاڭ يارىلىنىپسىز، پىلىموتىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! — قادىر ئىسمائىلنىڭ پىلىموتىغا قول ئۇزارتتى. يەنە ئۆزىنى ئوڭـ شاپ پىلىموتنى ئېتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئىسمائىل:

— ئورنۇڭدا چىڭ تۇر، — دېدى ئاغرىق ئازابىدىن چىشلىـ رىنى كىرىشتۇرگەن ھالدا.

«تا ـ تا ـ تا ـ تات...» ئېغىر پىلىموتتىن ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان ئوق يامغۇرى غالجىرلاشقان تاجاۋۇزچىلارنى باش كۆـ تۈرگۈسىز قىلىۋەتكەنىدى.

قادىر، بەنجاڭنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ زادىلا تاقەت قىـ لالماي تۇرالمىدى. ئۇ يەنە ئىسمائىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېھتىياتـ تىن ئېلىۋالغان پاختا ۋە داكا بىلەن ئۇنىڭ تېخىچە قان ئېقىۋاتقان يارىسىنى تېڭىپ قويدى.

ئېغىر پىلىموت ئېتىشتىن توختىدى.

— نېمە بولدى؟ — ھەممەيلەن بىردەكلا ئۇنىڭغا قاراشتى. قادىر پىلىموتنىڭ كۆرجىكىنى ھەدەپ باسقان بولسىمۇ ئوق چىقـ مىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ ئوت



www.uyghurkitap.com

كۆچى كۆچىيىپ كەتتى.

ئۆلۈم دەھشىتى ماشىنىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى. ئېغىر پىلىموت تېخىچە ئىشلىمەيۋاتاتتى. ئەسلىدە دۈشمەن ئوقى ئۇ ئېغىر پىلىموتنىڭ ئوق لېنتىسىدىكى بىر تال ئوقنىڭ ئۇچىنى ماكچايتىۋەتكەنىدى. بۇ ماكچايغان ئوق پىلىموت ستىۋۇلىغا قاپلىشىپ قالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېغىر پىلىموتنىڭ كاشىلىسى ئوڭشالدى - دە، دۈشمەنىنىڭ ئۇستىگە قىساس ئوقلىرىنى مۆلدۈردەك ياغدۇردى.

— يولداشلار! — دېدى ئىسمائىل جەڭچىلەرگە قاراپ، — ۋەتەن ئۇچۇن خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى، خەلقىمىز بىزنىڭ غەلىبە خەۋىرىمىزنى ئاڭلىسۇن! چوڭ قىسىم يېتىپ كەلگۈچە قەتئىي بەرداشلىق بېرەيلى! — ئۇ شۇنداق سۆزلەپ تۇرۇپ دۈشمەننى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى. قولاق تۇۋىدىن غۇيۇلداپ ئوقلار ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، يارىلانغان ئىسمائىل پىسەنت قىلمايتتى.

«پاڭ - پۇڭ» قىلىپ ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئىسمائىل مەمەتنىڭ سول قول بىغىشىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كۆكرىكىگە تەگدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ ئوڭ قولى بىلەن ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

— ئالغا! . . .

قىسىم يېتىپ كېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. يوشۇرۇنغان دۈشمەن تولۇق يوقىتىلدى. زاڭزۇلارنىڭ ئۆيى شەكلىدە ياسالغان دۈشمەننىڭ يەر ئاستى ئاكوبى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى.

ئىسمائىل بەنجاڭ جان ئۈزگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، نىمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك ياتاتتى.

تۇەنجاڭ بىلەن سىياسىي كومىسسار يېتىپ كەلدى. تۇەنجاڭ، بەنجاڭ ئىسمائىل مەمەتنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ بارماقلىرى بىلەن ئاۋايلاپقىنا كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ھېچكىممۇ ئۇنى ھازىر مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتتى دەپ قارىمايتتى. تۇەنجاڭ

ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي، كۆز يېشى قىلدى. جۆرىدەپ تۇرغانلار ئىچىدىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. تۆەنجاڭ ئۆز قولى بىلەن ئوتقاشتەك يالقۇنجاپ تۇرغان جەڭ بايرىقىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتى.

— يولداشلار، يېڭى ئەسكەرلەر! — تۆەنجاڭ سالماق ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى، — ئىغىر يىلىموت لىيەنى 3 - بەنىنىڭ بەنجىڭى ئىسمائىل مەھەممەت ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس تېررىتورىيەسىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى بېغىشلاپ، بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ شانلىق نامى، باتۇرلۇقى خەلقىمىز قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد ساقلىنىدۇ.

تۆەنجاڭنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تاغ باغرىدا ياڭرىدى، يىراق - يىراقلاردىن ئەكس سادا قايتتى.

تۆەنجاڭ سۆزىدىن توختاپ جەڭچىلەرگە تىكىلدى. ئۇنىڭ سۆزى قاتار تۇرغان ھەربىر جەڭچىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ جەڭچىلەردىن: «يىگىتلەر سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟!» دەپ سوراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— قېنىمىز ۋە جېنىمىز بىلەن ۋەتەننى قوغدايمىز!

— قەھرىماننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىمىز! — جەڭچىلەرنىڭ ياڭراق ئاۋازى پەلەككە كۆتۈرۈلدى...

* * *

ۋەتەننى جان تىكىپ قوغدىغان قەھرىمان ئىسمائىل مەھەممەتنىڭ ئىش - ئىزلىرى كۆڭۈللىرىگە يېزىلغان يېڭى جەڭچىلەر كۆرگەزمىخانىدىن ئاستا يېنىپ چىقىشتى.

1990 - يىل 3 - ئاي

# ساتىراشلار

قاتتىق چىلىنغان سىگنالنىڭ ئاۋازى كارىۋاتتا ياتقان ئابلەتنى شېرىن ئۇيقىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ يېپىنىۋالغان ئۇزۇن پاختىلىق چاپىنىنى ئېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سائەتكە قارىدى. سائەت توپتوغرا سەككىز بولۇپ قوماندانلىق شتاب تەرەپتىن چاقىرىلغان يىغىنغا يەنە ئۈچ سائەت بار ئىدى.

ئابلەت ئۇدۇلىدا تۇرغان دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ سەل ئاق سانجىغان چېچى مەيىن شامالدا يەلپۈندى. 50 ياشلاردىن ئاشقان بۇ پېشقەدەم جەڭچىنىڭ ياداڭغۇ يۈزىگە قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن غەيۇرلۇقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. قارىماققا سۇرلۇكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خۇش مۇئامىلە، كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ ساپ ھاۋادىن قاتتىق بىر نەپەس ئېلىپ، شۇ دەمدە نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. چېچى ۋە ساقال بۇرۇتىنى سىلاپ بېقىۋىدى، ئالدۇرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇ بوش ۋاقتتىن پايدىلىنىپ چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يىغىنغا بارماقچى بولدى. ئۇ سومكىنى ئېلىپ كارىدورغا چىقتى - دە، دىجورنى بولۇۋاتقان كاتىپ ئابلىمىتقا:

— مەن چاچ ئالدۇرغىلى كەتتىم، ئىش بولسا مېنى ئۇدۇلدىكى ساتىراشخانىدىن ئىزدىسەڭ بولىدۇ، — دەپ قويۇپ سالماق قەدەم تاشلىدى.

تېخى ھېلىلا ئېچىلغان ساتىراشخانىدا ئادەم لىق ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەچكى ئىسمېنىدىن قايتقان خىزمەت كىيىمىنى تېخى يەشمىگەن ئىشچىلار، پاك - پاكىز، رەتلىك

كىيىنگەن كادىرلار، دۇكان ئېچىشقا تەييارلىنىۋاتقان سودىگەر-لەرمۇ بار ئىدى. ئابلەت بىرەر سائەتتە نۆۋەت كېلىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلەپ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆچىرەتتە تۇردى.

— هەي، ئابلەت تۇەنجاڭ! — بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلان-دى. ئابلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ پىركازچىك ياقۇپنى كۆردى.

— تېخى تىجارەتنى باشلىمىدىڭمۇ؟

— شۇنداق تۇەنجاڭ، ئالدىرىماي باشلىساممۇ سودا قېچىپ كەتمەيدۇ، زاۋۇتلارغا مال ئېلىپ بېرىپ، بىكار قالغان چاغلى-رىمدا ئىشچىلارغا ئانچە - مۇنچە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ساتىراشلىقنى ئۆگىنىۋالاي دېگەنىدىم، — دېدى ياقۇپ ھەييارلىق بىلەن. دەل شۇ چاغدا ساتىراش:

— ھەربىي يولداش بۇ يەرگە كېلىڭ، — دەپ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئابلەت ئەتراپقا قاراپ ھەربىي كىيىم كىيگەن پەقەتلا ئۆزى ئىكەنلىكىنى، ساتىراشنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— نۆۋەت تېخى ماڭا كەلمىدى، بالدۇر كەلگەنلەرنى ساقلى-تىپ قويماي ئېلىۋېرىڭ، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— بۇ دۇكىنىمىزنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە تۈزگەن بەلگىلىمىسى. بۇ ساتىراشخانا — ئارمىيە ئۈچۈن خىز-مەت قىلىش ساتىراشخانىسى. بۇنى كەڭ ئاممىمۇ بىلىدۇ، — دېدى ساتىراش ئۇستام.

— ھەربىي يولداش، سىز چېچىڭىزنى ئالدى بىلەن ئالدۇ-رۇۋېلىڭ، — دېدى ئولتۇرغان كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن.

تۇەنجاڭ: «ئۇرۇش يىللىرىدا ئارمىيە بىلەن خەلق ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ھەم شۇنداق. خەلق ئاممىسى ئۆز پەرزەنت جەڭچىلىرىنى شۇنچىۋالا قىزغىنلىق بىلەن ھىمايە قىلماقتا. لېكىن، مېنىڭ ئاممىدىن ئۆگىنىشىم ۋە ئاما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم تېخى بەكمۇ يېتەرسىز.» دەپ

ئويلىدى ـ دە، ئىشچىلارنىڭ ئالدى بىلەن چېچىنى ئالدۇرۇۋېلى-شىنى دەۋەت قىلدى.

ياقۇپ، تۇەنجاڭنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاخشام ئۆزىگە ياردەملىشىپ مال سېتىشىپ بەرگەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئال-دى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئاشتى. كۆپچىلىك تۇەنجاڭنىڭ بۇ روھىدىن ناھايىتى تەسىرلەندى. ياقۇپ خىيالغا چۆمۈپ ئول-تۇرغان تۇەنجاڭغا قارىدى ۋە كۆز ئالدىدىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بىر ـ بىرلەپ نامايان بولۇشقا باشلىدى:

بىر يەكشەنبە كۈنى، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىپ، ياقۇپقا 44 ـ نومۇرلۇق ئاياغ ئىزدەپ ھېچقانداق يەردىن تاپالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا يار-دەملىشىۋاتقان ئابلەت، بۇ خىل ئالاھىدە چوڭ نومۇرلۇق ئاياغنى دۇكاندىن ئىزدەپ تاپالمىدى. ياقۇپ-تىن سورىـۋىدى، ئۇ، بۇ خىل ئاياغنىڭ يوقلۇقىـنى ئېيتـتى. قانـداق قىلىش كېرەك؟ ئابلەت تىت ـ تىت بولدى، ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ يانچۇقىدىن بىر كىچىك خاتىرىنى ئالدى ـ دە، ئۇ ئايالنىڭ ئادرېسىنى يېزىۋالدى ۋە:

— بۇ خىل ئاياغنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆيۈڭىزگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى.

ھېلىقى ئايال ئۈمىد بىلەن ئۆيىگە قايتتى. ئابلەت ۋېلىسى-پىتىنى مىنگىنىچە ئاياغ ئىزدەپ كەتتى.

ئۇ كەچ كىرگۈچە ئىزدەپ ئاخىر ئاياغنى تاپتى ۋە ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كەلدى.

ياقۇپ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چوڭقۇر مۇھەببەت بى-لەن ئابلەت تۇەنجاڭغا:

— سىز ئاما ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، بىردەممۇ تىنىم تاپمايسىز، ھازىر كۆپچىلىك رازى تۇرسا، كۆپچىلىكنىڭ تەكلى-پىنى يەردە قويماقچى بولۇۋاتىسىز، — دېدى.

— ياق، ئىشىم بەك ئالدىراش ئەمەس، ئالدىراش دېيىلىدىغان بولسا، ئىشچى يولداشلار تېخىمۇ ئالدىراشقۇ؟ — دېدى تۆەنجاڭ جاۋابەن.

— تەكەللۇپ قىلماي بۇ يەرگە كېلىڭ، بۇ يەردە بىر بۇلۇڭ ئورۇن بار، بولىدۇ دېسىڭىز چېچىڭىزنى ئۆزۈم ئېلىپ قوياي، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۈنىرىمنى بىر كۆرۈپ باقسىڭىز، — دېدى ياقۇپ كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ.

— ئەستاغپۇرۇللا! كونا كەسپىدىشىم بۇنى مەن سەنچىلىك ئويلىماي قاپتىمەن. ساتىراشلىق ھۈنىرىدىن مېنىڭمۇ ئاز - تولا خەۋىرىم بار ئەمەسمۇ، قاراپ تۇرماي ئۇستامغا ياردەملىشەيلى.

ئۇ دۇكان خادىملىرىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ئاق خالاتنى كىيدى. چاچ ئېلىش ماشىنىسىنى قولىغا ئالدى، خېرىدارلارنىڭ چېچىنى ئېلىشقا تۇتۇندى.

ئابلەت ئىككى ئىشچى ۋە بىر سودىگەرنىڭ چېچىنى بىر دەمدىلا ئېلىپ بولدى، ئاندىن ياقۇپنى ئولتۇرغۇزۇپ چېچىنى ئېلىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا كاتىپ ئابلىمىت يۈگۈرگەن پېتى ساتىراشخانىغا كىرىپ كەلدى، ئابلەتنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى ۋە:

— تۆەنجاڭ، قوماندانلىق شتابىدىكى يىغىنىنىڭ ۋاقتى توقۇز يېرىمغا ئۆزگەردى. ھازىر يەنە بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت بار، سىز چېچىڭىزنى تېزرەك ئالدۇرۇۋالسىڭىز، — دېدى.

— مانا پۈتتى، — دېدى ئابلەت ياقۇپنىڭ بويىنىنى لۆڭگە بىلەن قېقىپ، — دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ بارىمەن.

— يۈرەكلىك بول! ھەرقانداق ئىشتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، — دېدى ئابلەت ياقۇپقا ئىلھام بېرىپ.

ساتىراشلاردىن بىرى چىقىپ كېتىۋاتقان ئابلىمىتتىن پىچىرلاپ سورىدى.

— يولداش، بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟

ئابلىمىت قولىنى كاناي قىلىپ ساتىراشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ تۇەنىمىزگە يېقىندا كەلگەن تۇەنجاڭ ئابلەت شاڭشياۋ بولىدۇ، — دېدى. ساتىراش چاچ ئېلىۋاتقان تۇەنجاڭغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىدى، ئاندىن ئۇستىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئېيتىپ قويدى.

ئابلەت تۇەنجاڭ ئارقا - ئارقىدىن يەنە بىر قانچە كىشىنىڭ چېچىنى ئالدى. ئېسىگە بىرنەرسە چۈشكەندەك دەرھال قول سائىتىگە قارىدى. توققۇزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەنىدى.

ئۇ خالاتنى سېلىپ ماشىنىنى جايىغا قويدى:

— ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ، — مەجلىستىن قايتقاندا ئاندىن چېچىمنى ئالدۇرۇۋالاي.

— بەش مىنۇتتا ئېلىپ بولىمەن، ئولتۇرسىلا، — دېدى ئۇستام.

ئابلەت تۇەنجاڭ:

— رەھمەت، كەچقۇرۇن كېلەي، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

ياقۇپ «ھەتتەڭ!» دەپ ماشىنىنى قولىدا تۇتۇپ قالدى. ئۇستام ۋە خېرىدارلار ئابلەت تۇەنجاڭنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇنىڭ كەينىدىن ھۆرمەت بىلەن قارىشىپ قالدى.

1990 - يىل 5 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆۋەنگە چۈشكەن تۇەنجاڭ

باش باھار مەزگىلى ئىدى. توڭ ئېرىپ دەل ـ دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. تۇەنجاڭ تۇرسۇن ئېگىشىپ بىر پۈتى بىلەن كىچىك ئورۇندۇقنى دەسسەپ تۇرۇپ چورۇقىنى كىيىۋاتاتتى. ئۇ، بۇ چورۇقنى ئۆزى تىككەچ كۆرۈمسىز، مايماق ـ سايماق ئىدى. چېگرىدىكى جەڭچىلەر بۇ چورۇقنى: «رازۋېدكا ئايىغى» دەپ ئاتىشاتتى. تۇرسۇن بۇ ھۈنەرنى يېڭى ئەسكەرلىككە كىرىپلا پېشقەدەم جەڭچىلەردىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ شۇندىن بۇيان چورۇق كىيىش ئادىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

تۇەنجاڭ تۇرسۇن تۇەنگە چۈشۈپ 6 ـ لىيەنىنىڭ تىرىلغۇ ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلماقچى ئىدى. «ھوت، كەتمەن سېپىنى تۇت» دېگەندەك باھار كىرگىنىگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. كېۋەز ئورۇقىنى سېلىش مەۋسۇمى بارغانسېرى يېقىنلاشقانلىقتىن، تۇرسۇن ناھايىتى تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. ئۇ 6 ـ لىيەنگە تېزرەك بېرىپ بۇ قېتىن مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدى.

تۇەنجاڭ يولغا چىقماقچى بولۇپ، تەييارلىنىپ تۇرۇشىغا سەنمۇ ئەركىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىش پىلانى» نى تۇەنجاڭنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇندى.

— 6 ـ لىيەندىكى يولداشلار، بارلىق كۈچىمىز بىلەن بىر كۈن سىناق قىلىپ ئىشلەپ باقساق، پىلاندىكى بىر كۈنلۈك ئىشنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا ئورۇندىيالىدۇق دەپ تېلېفون قىلىپ دوكلات قىلدى، — دېدى تۇەنجاڭ پىلاننى كۆرۈۋې-

تىپ، ئۇ ئەركىن سەنمۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە سۆزدىنى داۋاملاشتۇردى، — قارا، بۇنداق بولىدىغان بولسا، بىر ئاي ئىچىدىمۇ يەرنى ئاغدۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. دېھقانچىلىقتا كونىلارنىڭ: «كۈندىن قالساڭ يىلدىن قالىسەن» دېگەن سۆزى بار، شۇڭا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق مول ھوسۇل ئېلىشىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. ھەم بىرقانچە لېيەندۈينىڭ ئەمگەككە قاتنىشىشىغا توغرا كېلىپ، چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى ۋە جەڭ ھازىرلىق تەلىم - تەربىيىسىگە تەسىر يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۇەنمىزنىڭ پۈتكۈل پىلانىمۇ ئورۇندالماي قالىدۇ.

— ۋاي - ۋۇي! كاللامدىن زادى ئۆتمەيدۇ. بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرغا قويغانمۇ 6 - لېەن، قىيىنچىلىقتىن زارلىنىۋاتقانمۇ 6 - لېەن، ئۇلار قىيىنچىلىقنى كۆپتۈرۈپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى كۆرمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئەركىن سەنمۇ ئۆزىنىڭ تۈزگەن پىلانىنىڭ توغرىلىقىنى تەكىتلەپ.

تۇەنجاڭ تۇرسۇن بىر تال موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ، گەپ قىلماي قاتتىق شوراشقا باشلىدى، بىرھازادىن كېيىن تاماكا كۈلىنى پۈۋلىۋېتىپ:

— ھازىر بىزنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ئۇنداق ياكى مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا ئاساسىمىز يوق. ئۇ يەردىكى ئەھۋال زادى قانداق؟ ئىككىمىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. ئاۋۋال تۆۋەنگە چۈشۈپ باقايلى، ئاندىن بىر گەپ بولار، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— مەنمۇ بارامدىم؟ — دەپ سورىدى ئەركىن.

— ھەئە! سېنىڭمۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ چىنىقىش ئارزۇيۇڭ بار ئەمەسمىدى؟ پارتكوم، 6 - لېەنىنىڭ لېەنجاڭى ئەنۋەرنى دۇۋىزيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشنى بەلگىلىدى. سەن 6 - لېەنگە بېرىپ بىر مەزگىل ۋاقىتلىق لېەنجاڭ بولۇپ ئىشلەپ تۇرساڭ قانداق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، ئەمىسە بۇ قېتىن مەسىلىنى ھەل قىلىمىزمۇ؟

— ھەئە! بۇ قېتىن مەسىلىنى لىيەندۈيگە بارغاندىن كېيىن، ئاما بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلايلى.

* * *

غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا تېرىقچىلىق باشلانغانىدى. يېڭى يۆتكەپ كېلىنگەن تراكتورلار ئېتىزدا تۇراتتى. تراكتورچىلار ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى جىددىي تەكشۈرۈۋاتاتتى. مىلتىقلار قىر ئۈستىدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ قويۇلغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كەتكەنىدى. ئېتىزلىقتا ئولتۇرۇپ كەتمىنىنى ساپلاۋاتقان، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان جەڭچىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يەنە تېخى نەيزىۋازلىق، گرانات تاشلاشنى مەشىق قىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى.

چورۇق كىيىۋالغان تۆەنجاڭ تۇرسۇن، ئەركىن سەنمۇ بىلەن بىرلىكتە تاقىر قىردا كېتىۋېتىپ، سىناق تەرىقىسىدە تراكتور بىلەن ئاغدۇرۇلغان ئېتىزغا يېتىپ كەلگەندە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاغدۇرۇلغان يەرنىڭ چوڭقۇرلىقىنى غېرىچلاپ ئۆلچىدى ۋە توپىسىنى پۇراپ بېقىپ ئىختىيارسىز ھالدا:

— قالتىسقۇ! ئاز دېگەندە ئىككى كەتمەن چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇلۇپتۇ، توپىسىمۇ پوكاندەك چىقىپتۇ، — دېدى.

— تۆەنجاڭ كەلدى! — جەڭچىلەر توۋلىغان پېتى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ سەنمۇ بىلەن ئۇنى ئورىۋالدى. 6 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئەنۋەرمۇ كېلىپ تۆەنجاڭغا دوكلات قىلدى. تۆەنجاڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئەتە ماڭىدىغان بولدۇق، — دېدى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئەركىن سەنمۇنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

ئەركىن سەنمۇ سىنىڭ ئورنۇڭغا كەلدى، لېەن ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرىپ تەييارلىق قىل، مەن ئايلىنىپ كۆرۈپ باقاي.

جەڭچىلەر تۆەنجاڭ كىيىۋالغان ئاددىي چورۇق ئۈستىدە پاراڭغا چۈشتى.

— قاراڭلار تۆەنجاڭ چورۇق كىيىۋاپتۇ.

— شۇينا بىلەن تىكىلگەن چىرايلىق چورۇق ئىكەن.

— تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ قاپتۇ.

— نېمىدېگەن بىلەن بىزنىڭ بۇ تۆەنجاڭىمىز ئېسىل ئادەم - دە.

— ئالتۇن دېگەن توپا ئىچىدىمۇ پارقىراپ تۇرىدۇ...

— چورۇق دېگەن دالا تەلىم - تەربىيىسىدە يول يۈرۈشكە بەكمۇ قۇلايلىق، بولسا مەنمۇ كىيىۋالاتتىم...

بەزى جەڭچىلەر تېخى تۆەنجاڭدىن چورۇق تىكىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

— بۇ ئوڭايغۇ! سىلەر مېنى شاگىرتلىققا ئېلىپ تراكتور ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار. مەن چورۇق تىكىشنى ئۆگىتەي، — دېدى. تۆەنجاڭ بويىندىكى لۆڭگىنى ئېلىپ، پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ.

جەڭچىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى، قارامتۇل كەلگەن قاڭشارلىق بىر جەڭچى تراكتور ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقتى. ئۇ توپا بىلەن قولىدىكى مايلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— تۆەنجاڭ ھۈنىرىڭىزنى ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دېدى.

— مەنمۇ شاگىرت بولاي، دەپ كەلدىم، — دېدى تۆەنجاڭمۇ خۇشال بولغان ھالدا قادىرنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ:

— ئەمىسە بىز كېلىشتۇق، — قادىر سۆزلىگەچ تراكتورغا چىقىپ ئوت ئالدۇردى. گۈركىرىگەن ئاۋاز بىردىنلا ئەتراپنى

www.uyghurkitap.com

چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. قادىر رولنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۈز جايىدا ئايلىنىش ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. ئاندىن تراكتورنى توختىتىپ، تۆەنجاڭنى تەكلىپ قىلدى. تۆەنجاڭ بىر پۈتى بىلەن تراكتورنىڭ زەنجىرىنى دەسسەپ تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ، بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. قادىر تراكتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ تۆەنجاڭنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تراكتور ھەيدەشتىن زادىلا خەۋىرىم يوق. سىنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئەمەلىي تەجرىبەڭ بار، مەن ساڭا شاگىرت بولۇپ ئۆگىنىشىم كېرەك، — دېدى تۆەنجاڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

تۆەنجاڭنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قادىر ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ تارتىنغان ھالدا تۆەنجاڭغا تراكتور توغرۇلۇق ئاددىي ساۋاتنى سۆزلەپ بەردى ۋە چۈشتىن بۇرۇن سىناق تەرىقىسىدە يەر ئاغدۇرغاندا، دەرەخ كۆتەكلىرى كۆپ بولغاچقا، سوقا بىر كۆتەككە ئۇرۇلۇپ كېتىپ سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالغانلىقى، بىرقۇر رېمونت قىلىپ ئوڭشىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۆەنجاڭغا قاراپ:

— ھەي! بۇ كۆتەكلەر ھەقىقەتەنمۇ چوڭ توسالغۇ، ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتەي دېسەم، بىرمۇنچە يەر ئاق قالىدىكەن، يەنە كەتمەن بىلەن ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن؛ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەي دېسەم، سوقا ئۇرۇلۇپ سۇنۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن، مۇنداق يىلتىزلىق يەرنى ئادەتتىكى يەرلەر بىلەن قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن؟ — دېدى.

دەل مۇشۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن ئەركىن سەنمۇ قادىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكەندى. ئۇ ئۇن چىقماي كىشىلەر توپىنىڭ سىرتىدا گەپ تىڭشاپ ئولتۇردى.

قادىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كۆتەك مەسىلىسى تۆەنجاڭنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

— ئولتۇرۇڭلار يولداشلار.

جەڭچىلەر قولىدىكى كەتمەننى يەرگە ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ چۆل-دىسىدا ئولتۇرۇشتى. تۇەنجاڭ بىر چەتتە زوڭزىيىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشتى.

— دەرەخ كۆتەكلىرىنى چىقىرىپ تاشلىساقلا ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدىغۇ؟ — دېدى تۇەنجاڭ.

— دەرەخ كۆتەكلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ناھايىتى تەس. كۆتەكلەر يوغان، يىلتىزلىرى ئۇزۇن بولغاچ بەكلا قول تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كاساپەتلەر ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا، چىقارغان تەقدىردىمۇ قىرغا ئېلىپ چىقىش تەس، كۆتەكلەر قومۇرۇۋېتىل-مىسە، تراكتور يەنىلا ئۇلاردىن ئەگىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈن چۈشتە لىيەندىكى بارلىق يولداشلار ھەرىكەتلىنىپ ئاران يەتتە - سەككىز توپ كۆتەكنى قومۇردى. ئەنۋەر لىيەنجاڭ بۇ كۆتەكلەرنى ئېلىپ كېتىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسىدەك كۈچ چىقارساقمۇ، ئاران بەش كۆتەك-نى يۆتكىيەلىدۇق. بىرمۇنچە يولداشلارنىڭ مۈرىسى ۋە قولى قاپىرىپ كەتتى.

قادىر سۆزلىگەچ بىر تاشنى ئېلىپ ئۇنى كۆتەككە، بەش بارمىقىنى سوقىغا ئوخشىتىپ تۇرۇپ، كۆتەكلەردىن ئەگىپ ئۆ-تۈش تۇپەيلىدىن ئىش ئۇنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى يەرگە سى-جاپ تۇرۇپ چۈشەندۇردى.

تۇەنجاڭ تۇرسۇن، قادىرنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ئەھۋالغا قارىغاندا ئادەم كۈچىنى ۋە تراكتورنى كۆپەيت-سەكمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا پۈتۈن كۈچ بىلەن دەرەخ كۆتەكلىرىنى تازىلاپ، تراكتورنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈردەك تۇرىدۇ. قانداق دېدىم؟

— دۇرۇس، ئىشنىڭ ئېپىنى تاپتىڭىز.

مەسىلە ئايدىڭلاشقانىدى. جەڭچىلەر تۇنجاڭ بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— تۆۋەنگە كۆپرەك چۈشۈپ جەڭچىلەر بىلەن بىرگە بولساق مېڭىمىز سەگىپ، ئەقىل تېپىپ قالامدۇق نېمە؟ — دېدى تۇنجاڭ ئۈمىدسىز هالدا ئالدىغا كەلگەن ئەركىن سەنمۇغا.

ئەركىن سەنمۇ: «قىيىنچىلىقنى كۆپتۇرۇپ كۆرسىتىپ، يوشۇرۇن كۈچنى جارى قىلدۇرمايۋاتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالدى - دە، خىجىل بولغان هالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

* * *

جەڭچىلەر ئەتىگەندىلا تراكتورغا ئەگىشىپ ئېتىزغا قاراپ ماڭدى. بويىنىغا ئاق لۆڭگە چىگىۋالغان تۇەنجاڭمۇ كەتمەننى كۆتۈرۈپ، سەپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

قادىر تراكتورنى هەيدەپ تاقىر ئېتىزنى ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، چوڭ بىر دەرەخ كۆتىكى تراكتور چاقىغا تىرىلىپ قالدى، ئۇ تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈپ ئاچچىقلانغان هالدا كەتمەن بىلەن كولاشقا باشلىدى. تۇەنجاڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سۇدانىنى يەرگە قويدى - دە، قادىر بىلەن كۆتەك كولاشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ يەر ئەسلىدە قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، قۇشلارنىڭ مايدىقى، هايۋاناتلارنىڭ تېزەكلىرى، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستى - ئۈستىگە بېسىلىپ توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. كەتمەن بىلەن چاپقاندا يەردىن «پوس - پوس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر خىل پۇراق ۋە هور چىقاتتى. بۇنداق يەر ناهايىتى كۆپچىلىنىپ كېتەتتى، نېمە تېرىسا ئوبدان بولاتتى.

— بۇنداق ياخشى يەر مۇشۇ زاماندىمۇ ئاق تاشلىنىپ قالسا بولامدۇ تۇەنجاڭ! — دېدى قادىر ئېچىنغان هالدا.

— ھەقىقەتەنمۇ بولمايدۇ! بىز ئۇخلاپ ياتقان مۇنبەت تۇپ-راقنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئويغىتىشىمىز، ئۇنى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان «ئالتۇن قوزۇق»قا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم، — دېدى تۆەنجاڭ.

ئۇلار بىر دەمدىلا كۆتەك ئەتراپىدىكى توپىلارنى قېزىپ بول-دى. بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ، قوللىرىغا پالتا ئېلىشتى. يىلتىزى چېپىلغان كۆتەك بىر تەرەپكە قىڭغايدى.

تۆەنجاڭ لۆڭگە بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋەتتى ۋە ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە يارىلانغان پۇتىنىڭ ئۇيۇشۇپ ئاغرىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، باشقىلارغا تۇيدۇرماستىن پۇتىنى ئاستا ئۇۋۇلىدى.

— بىز بىر ئامال قىلىپ، بۇ كۆتەكنى تېزرەك ئېلىۋەتسەك بولاتتى، — دېدى كۆپچىلىككە قاراپ.

— بۇ كۆتەكنى، بىز، ئارغامچا تارتىش ئەترىتى ئېلىۋېتىش-نى ھۆددىگە ئالدۇق تۆەنجاڭ. سىز دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋېلىڭ، — دېيىشتى ئارغامچا كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ جەڭچى.

تۆەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى. مەيىن شامال كۆكسىگە ئۇرۇلدى. ئۇ شەپكىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈ-رۈپ قويدى، ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرى كۆرۈندى.

— يولداشلار كۆتەك قومۇرۇش ئىنتايىن ئېغىر ئىش. بىز ھەم ئۇنۇملۈك، ھەم ئاز كۈچ كېتىدىغان بىر ئامال تاپساق بولاتتى، — دېدى ئۇ تەرلەپ - تەپچىپ كۆتەك سۆرەۋاتقان جەڭ-چىلەرگە قاراپ.

كۆپچىلىك ھاردۇق ئالغاچ پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

— بۈرۈن مەن گۇڭشېدىكى چېغىمدا تراكتور بىلەن ياغاچ سۆرىگەنىدىم، بۇ كۆتەكنى تراكتور بىلەن سۆرىسەك بولماس-مۇ؟ — دېدى قادىر، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرئاز ئويلىنىۋالغان-

دىن كېيىن.

— يارايسەن! ھەممە ئىش سىناق ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، — دېدى تۇەنجاڭ ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ.

ئۇلار ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى كۆتەككە مەھكەم باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى تراكتورغا باغلىدى. بىرنەچچە جەڭچى كۆتەكنى ئازگالدىن ئوڭاي سۆرەپ چىقىش ئۈچۈن ئازگال قىرىنىڭ بىر تەرىپىنى كولاپ تۈزلىدى. تۇەنجاڭ تراكتور يېنىدا تۇرۇپ ئازگال ئىچىدە ياتقان كۆتەككە قارىدى ۋە قادىرنىڭ تراكتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆتەكنى سۆرىشىگە قوماندانلىق قىلدى. ئارغامچا ئاستا - ئاستا چىڭ تارتىلىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر ئۈن چىقماي قاراپ تۇردى.

— تارت! — ۋارقىرىدى تۇەنجاڭ كەسكىنلىك بىلەن قول ئىشارىسى قىلىپ. قادىر بولۇشىغا ماي بەردى. تراكتورنىڭ گۈركىرىشى بىلەن تەڭ كۆتەكمۇ مىدىرلاشقا باشلىدى ۋە ئازگالدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. كۆپچىلىك تراكتور ئارقىسىدىن ئەگىشىپ خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىغان پېتى ئېتىز بېشىغا قاراپ يۈگۈردى.

تۇەنجاڭ، كۆتەكنى ئازراقلا كولاپ تراكتورغا سۆرىتىپ قومۇرسا ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆپچىلىككە مەسلىھەت بەردى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېتىزلاردىكى يىلتىزلىق كۆتەكلەر ئارقا - ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىلدى. كۈن قايرىلغان چاغدا ئەركىن سەنمۇ كەلدى.

— سەنمۇ، پىلاننى ئەمەلىيەتكە لايىق تۈزۈش لازىم. سىز تۈزگەن پىلاننى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى تۇەنجاڭ ئويلانغان ھالدا.

— ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بۇ پىلانىمنى ئۆزگەرتمىسەم بولمىغىدەك، — دېدى ئەركىن سەنمۇ، تۇەنجاڭغا تاماكا تەڭلەپ.

— بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققاندا، كۈچنى قانداق ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇرۇق، ئوغۇت ۋە ئەمگەك كۈچىنى قانداق ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ؟ يور، بىز يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن پىلاننى ئىمكانقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشقان ئاساستا تۈزۈپ چىقايلى، — دېدى تۆەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ.

* * *

تۆەنجاڭ ئەركىن سەنمۇنى باشلاپ ئاغدۇرۇلغان يەرنى قەدەملەپ ئۆلچىمەكتە. تۆەنجاڭنىڭ قەدىمى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، ئۇنىڭ سالماقلىق بىلەن دەسسىگەن ئاياغ ئىزلىرى كەينىدە قېلىۋاتاتتى.

— يېرىم كۈن ئىچىدە لىيەن بويىچە ئاچقان بىنەم قانچىلىك، قومۇرۇلغان دەرەخ كۆتەكلىرى نەچچە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا قانچە كۆتەك توغرا كېلىدىكەن؟ كۆتەك قومۇرۇش بىلەن يەر ئاغدۇرۇشتا قانچىلىك ئەمگەك كۈچى كېتىدىكەن؟ بۇلارنى ھېسابلىغاندا، بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىش پىلانىنى قانچە ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندىغىلى بولىدىكەن؟ مانا بۇلارنى ھېسابلاپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى تۆەنجاڭ ئەركىن سەنمۇغا.

ئەركىن سەنمۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ياغاچ بىلەن يەرگە سىجاپ ھېسابلاپ، جاۋابىنى بىر - بىرلەپ تۆەنجاڭغا دوكلات قىلدى. بۇ جاۋاب بويىچە بولغاندا بىر لىيەندۇيىنى بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىشقا سالغاندا، پىلاننى مۇددەتتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئورۇندىلىغىلى بولاتتى.

— ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، توغرا پىلان ئامما ئارىسىغا بېرىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى نامايان بولىدۇ. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تۈزگەن پىلان ھامان بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ، — دېدى تۆەنجاڭ

ئەركىننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاۋېتىپ.

— ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى ئەركىن تۇەنجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايىل بولۇپ. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئەركىن تۈزۈلۈپ بولغان پىلانغا تۈزۈ-تىش كىرگۈزگەندىن كېيىن تۇەنجاڭغا بەردى.

ئەركىن سەنمۇ بۈگۈن ئاخشام ئالمىلىق باغدىن ئۆتكەندە تۇەنجاڭنىڭ ياتىقىدىكى چىراغ يورۇقىنى كۆردى. «تېخى ياتماپ-تۇ» دەپ ئويلىغىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ قارىۋىدى، تۇەنجاڭ يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ سېرىق ھەربىيچە يوتقىنى كارىۋات ئۈستىدە رەتلىك يىغىلغان پېتى تۇراتتى. بۇ گەمە ئۆي جىمجىت ھەم سالقىن ئىدى. «تۇەنجاڭ نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئەركىن سەنمۇ دېرىزىدىن يىراقلارغا قاراپ. ئۇ پىلان توغرىسىدا تۇەنجاڭ-نىڭ پىكرىنى ئالماقچى ئىدى. ئەركىن سەنمۇ گەمىدىن يېنىپ چىقتى. تۈن ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. ئورغاق شەكلىدىكى ئاي بولسا پېتىش ئالدىدا تۇراتتى. مېۋىسى ساڭگىلاپ تۇرغان ئالما دەرىخى تۈۋىدە تۇەنجاڭ بىلەن قادىر سىردىشىۋاتات-تى. ئۇ ئىككىيلەن ھېلىراق پىلاننى كۆرۈپ چىققانىدى. تۇەنجاڭ:

— پىلان ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن بوپتۇ، — دېدى يېتىپ كەلگەن ئەركىنگە، — بىز قادىر بىلەن كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىپ چىقتۇق. پارتكوم يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشكە سۇنساق بولغۇدەك.

ئەركىن يېنىڭ نەپەس ئالدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا قادىر-نىڭ قولىنى سىقتى.

— مەن سىنىڭدىن ئۆگىنىمەن قادىر، ئاممىنىڭ پاراستىنى سەل چاغلاشقا بولمايدىكەن.

— مېنىڭدىن نېمىنى ئۆگىنىسەن؟ مەن پەقەت تراكتور

ھەيدەشنىلا بىلىمەن، ھەممىمىز تۈەنجاڭدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم، — دېدى قادىر.

— ياق، ئاممىدىن ئۆگىنىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

تۈەنجاڭنىڭ بۇ سۆزى ئەركىننى يەنە بىر قېتىم قايىل قىلدى. ئۇ يىراقلارغا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇرغان تۈەنجاڭغا ھۆرمەت بىلەن قارىدى.

1990 - يىل 8 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆتۈلمىگەن ئۇچرىشىش

ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغانىدى. خېلىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش قەدىمىي شەھەر قەشقەر كوچىلىرىغا ئىللىق نۇرىنى سەپكەنىدى. يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى.

يول ئۇستىدىكى بىر بېكەتكە كەلگەندە، ئاپتوبۇسقا چىققان بىر ئايال بېلەت ئالغاندىن كېيىن، ئالدىغىراق سىلجىپ قولىدىكى سومكىنى قويدى - دە، ئورۇندۇققا تايىنىپ ئۆرە تۇردى. ئايالنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن بولسىمۇ، رەڭگى سۇلغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇچىسىغا نىمكەش سېرىق ئەنگىلىشىمدىن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئولتۇرغان يەنە بىر ئايال: «بۇ بەختىگۈلمۇ نېمە؟ ئەجەب جۇدەپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. «ئازادگۈلمۇ بۇ، زادى ئۆزگەرمەپتۇ، بەختى كەلگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۆرە تۇرغان ئايال. ئولتۇرغان ئايال نېمىشقىدۇر خىجالەت بولغاندەك، ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدى.

بۇلار باللىق دەۋرىدە ساۋاقداش ئىدى. بەختىگۈل بىلەن ئازادگۈل بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ياش قورامىمۇ پەرقلەنمەيدىغان، تەق - تۇرقى، چىراي شەكلى ھەتتا كىيىملىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىر شاخنىڭ ئالمىلىرىدەك بىر جۈپ قىزلار ئىدى. ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىر - بىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ باقمىغانىدى. ئۇلار ھەر كۈنى توپىلىق يېزا يولىدا ئۇياقتىن بۇياققا بىرقانچە قېتىم ئۆتەتتى. كىشىلەر بۇ قىزلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈلكىتى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ، بەزىلىرى ماخ-

تاشسا، بەزىلىرى چۆكتۇرەتتى. بۇ قىزلارنىڭ ئالمىدەك سۇزۇك مەڭزى، قىياقتەك قاشلىرى، بەتلەنگەن ئوقيادەك كىرپىكلىرى توسۇپ تۇرغان كۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك گۈزەل ئىدى، بولۇپمۇ كېلىشىنى كۈتۈپ كۆۋرۈك يېنىدا ساقلاپ ئولتۇرغان يىگىتلەر، قىزلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا شېرىن سۆزلەر بىلەن ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ قايتىپ كېتىشەتتى.

ئازادگۈل يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان مەلۇم ھەربىي دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان توختى كاتىپنىڭ قىزى ئىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دادىسىنىڭ يول مېڭى-شى بىلەن تېببىي ئىنستىتۇتقا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنىدى. ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، قىسمىنىڭ دوختۇرخانى-سىدا ئىشلەپ قالغانىدى. بەختىگۈل بولسا شۇ مەھەللىدىكى سە-مەت موللامنىڭ قىزى بولۇپ، ئەقىل - ئىدراكى، چېچەنلىكى بىلەن سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى پارال-لېل سىنىپلار ئارىسىدىمۇ داڭق چىقارغان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ سىنىپ باشلىقى بولغان، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مۇنەۋ-ۋەر پىئونېر» دېگەن نامغا ئېرىشكەنىدى. كېيىن، مەكتەپ پىئو-نېرلار باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تونۇلغان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغىمۇ ئەزا بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇ، گۈلدەك بوي تارتىپ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك زىبا، ئوماق قىز بولۇپ چوڭ بولدى.

ئەمما، ئۇنىڭ دادىسى: «قىز بالا دېگەن ئۆزىگە ئەركەك چىۋىنىنىمۇ قوندۇرماسلىقى كېرەك، چۈمبەل تارتىپ، ئۆيدە ئول-تۇرۇشى لازىم» دەپ ئاخىرىغىچە ئوقۇتمىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە بېرىش ئارزۇ-سىمۇ يوققا چىقتى.

قىز بالا دېگەن مەكتەپتە ئوقۇماي ئۆيدە تۇرۇپ قالسىلا ياخشىنىڭمۇ، يامانىنىڭمۇ كۆزى چۈشىدۇ. شۇ كۈنلەردە مەھەللى-

دىكى قۇرامىغا يەتكەن ئوغلى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەختىگۈلنى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلىشاتتى. سەمەت مۇللامنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ كېلىدىغانلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. ھېيت مەزىنىنىڭ ئوغلىغا سايە قىلىدىغانلار كۆپرەك بولغاچ، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن بەختىگۈلنىڭ غەم ـ قايغۇسى كۆپەيدى. ئۇ ئوقۇيالمىغىنىغا ئەپسۇسلىناتتى. بەختىگۈل ئاخىر 19 ياشقا كىرگەن قىلىنىپ، مەزىنىنىڭ ئۆيىگە ئۇزىتىلدى. ئۇ جىگەر رەڭ تور رومالنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىندى.

مانا ئاسارەت دېگەن! ئەقىللىق، چېچەن، سەبىي قىز يۈزىگە چۈمبەل تارتقان بىر «روپاش ئايال»غا ئايلىنىپ قالدى.

بەختىگۈل ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە يىغلىدى. يىغا ئۇنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىن خۇددى بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق يىغلايدۇ؟ بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرى ئۈچۈنمۇ يە؟ ياق، گۇناھ ئۇنىڭدا ئەمەس، بەلكى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تەرسالىق بىلەن كۈچ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق، خۇراپاتلىقتا. ئۇ بۇلار ئالدىدا ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن يىغلايتتى.

ئۇنىڭ بوستاندەك سۇمبۇل چاچلىرى پاخپىيىپ، گۈزەل چىرايى سارغىيىپ، چېكىلىرىدە قورۇقلار پەيدا بولغانىدى.

ئۇ دادىسىنىڭ شۇ كۈنلەردە: «بالا دېگەن ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان رەھمىتى، بالا دېگەننىڭ ئېغىرىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىسقىنى خۇدا بېرىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى دائىم ئاڭلايتتى. يىللار ئۆتتى. ئۇ سەككىز باللىق بولدى. تۇرمۇشى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. مانا مۇشۇ چاغدا ئېرى ئاشقازان راكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. سەككىز بالىنى بېقىش ئۇنىڭ زىممىسىدە قالدى. بۇ ئېغىرچىلىقنى بىر تۇل ئانىنىڭ كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ئۇنىڭدەك ھېس قىلالمايتتى. كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەپ باللارنى باقاتتى.

ئاپتوموبىلدا 20 يىلدىن كېيىن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قال-
غان ساۋاقداشلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئازاد-
گۈل ئورنىدىن تۇرۇپ دەسلەپ تونۇشلۇق بەردى. بەختىگۈل يۈز
يېقىپ كۆرۈشتى، يىغىسىنى توختىتىپ ئالالمىدى.

ئاپتوموبىل بىر يوغان دەرۋازىدىن بېكەت ئىچىگە كىرىپلا
توختىدى. يولۇچىلار ئالدىراش ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، يۈك -
تاقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تەرەپ - تەرەپكە ئېقىشتى. ئازادگۈلنىڭ
ئىنىسى بەختىيار ئاچىسىنىڭ ئالدىغا هارۋا ئېلىپ چىققانىدى.
ئاچىسىنىڭ قولىدىكى سومكىلارنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئەنۋەر، قىزى رەنا بىلەن كۆرۈشتى.
ئازادگۈل بەختىگۈلنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى سوراپ بىلىۋالدى.

— كۆرۈشۈپ تۇرايلى ئاداش، — دېدى ئازادگۈل ئايرىلىشقا
قىيمىغان هالدا. بەختىگۈل ساۋاقدىشىنىڭ بۇ ئىللىق مۇئامىلى-
سىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى.

— ماقۇل، مېنى ئىزدىگىن. ئەمما مەن سېنى. . .

1990 - يىل 8 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىنكاس قوزغىغان ھېكايە

مېنىڭ تېخى يېزىقچىلىقتا يېڭىدىن كىرىشكىنىمگە قارىماي يازغان ئەسەرلىرىم گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنماي قالمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تېخى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىدا مۇكاپاتلانغانىدى. ئەمما، بۇ بىر پارچە ھېكايەمنىڭ مۇنداق قاتتىق ئىنكاس قوزغىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن.

بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئىش بىلەن دىۋىزىيىگە بېرىپ شتاب باشلىقى شاڭشىياۋ خالىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم، ئۇ يەردە سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى جۇڭشياۋ ئابدۇقادىر، مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جۇڭشياۋ رۇستەم ۋە كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى رەھمىتۇللا قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئۇلار قولىدىكى گېزىت ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقان بولسا كېرەك، مېنىڭ كىرىشىمگە سىياسىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى جۇڭشياۋ ئابدۇقادىر پارىڭىنى توختىتىپ ماڭا قاراپ:

— ھە، كېلىڭلار يازغۇچى، — دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى.

— بىز سىلىنى ئەتىۋارلاپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ قويساق «تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا. . .» دېگەندەك سىلىنىڭ قولۇڭلاردىن كەلگىنى شۇ بولدىمۇ ئەمدى؟ — دېدى جۇڭشياۋ رۇستەممۇ ماڭا ئالىيىپ قاراپ.

ئۇلارنىڭ بۇ تاپا ـ تەنىلىرىنىڭ قانداق مەنىدە ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپلا قالدىم. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز مېنى ئەيىبلەپ كېتىشىدە قانداق سەۋەپ باردۇ؟ كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە ھەر خىل پەرەزلەر كەلدى.

قانداق خاتالىق سادىر قىلغانلىقىمنى بىلەلمەي، سوئال نەزىرى بىلەن قارىدىم. يەنە شۇ مەسخىرىلىك قاراشلار، تۈرۈلگەن قوشۇمىلار. . . چىداپ تۇرالماي شاڭشياۋ خالىقتىن:

— بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدىم.

شتاب باشلىقى قاراپ ھومىيىپ قويدى ـ دە:

— قاراڭلار بۇنىڭ خۇپسەنلىكىنى، تېخى نېمە ئىش دېمەكچىمۇ سەن؟ بۇنى سەن بىلمەمسەن؟ خۇپسەنلىك قىلما، — دېدى ئاچچىقلىنىپ. ئابدۇقادىر جۇڭشياۋ قولىدىكى گېزىتنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەسىرىڭلارنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن! سىلىنىڭ مۇنداق كارامىتىڭلارنىڭ بارلىقىنى، سىلىنىڭ قولۇڭلاردىن مۇنداق ياخشىلىقلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتۇق، — دېدى ۋە ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

مەن ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن كۈلگۈم كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن كاللامغا باشقا بىر ئويلارمۇ كەلدى. مەن شۇ چاغدىلا شتاب باشلىقى شاڭشياۋ خالىقنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. ئۇلارنى مۇنچە ساراسىمىگە سالغان قوللىرىدىكى گېزىتكە بېسىلغان ھېكايەم ئىدى. مەن پارىخورلۇقنى پاش قىلىپ يازغانىدىم.

— ئەبەيدۇللا شاۋشياۋ، مەن سىزگە شۇنى ئېنىق ئېيتىپ قويايكى، كونا خامانىنى سورۇۋېرىشىنىڭ پايدىسى يوق. جەڭچى ياقۇپنىڭ شوپۇرلۇق كۇرسىدا ئوقۇپ كېلىشى ئۈچۈن مەن پارا ئالمىغان، پەقەت تەستىق سېلىپ بەرگەنىدىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنى كۆپتۈرۈپ يېزىپ گېزىتكە چىقىرىپسىز. بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا. ئالدىراپ كەتمەڭ، تېخى كۆرۈمىز. قەدىمىڭىزنى ئويلاپ بېسىڭ، — دېدى شتاب باشلىقى ماڭا مىختەك قادىلىپ.

— باشلىقلار، ئوقۇشماسلىق بولۇۋاتىدۇ. بۇ سىلەرگە قارىتىپ يېزىلغان ھېكايە ئەمەس. ھېكايە دېگەن خەۋەرگە ئوخشىماي-

دۇ. . . — تېخى گېپىم ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا:
— ئۇكام بىرىنچى لېيەندىكى شاڭشى (رادىئواي) سولانتىنىڭ كادىرلىقتا ئۆسۈشى ھەرگىز مېنىڭ پارا ئالغانلىقىمدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن، ئىقتىدارلىقىدىن بول-غان ئەمەسمۇ؟ ئۇ توغرۇلۇق ئامىدىن پىكىرمۇ ئالدۇققۇ، ئاي-دىن ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن كوللېكتىپ مۇ-زاكىرە قىلىش ئارقىلىق كادىرلىققا ئۆستۈردۇق. ئۇنىمۇ سىلە ھېكايەڭلاردا ئېغىزغا ئاپسىلە، — دېدى جۇڭشياۋ ئابدۇقادىر.
ھازىرقى ئەھۋالدا گەپ تېپىپ ئۇلارنى قايىل قىلىشقا زادى كۆزۈم يەتمىدى. قارىغاندا ھەممىسىنىڭ ھېكايەمگە قارىتا پىكرى بارلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، بۇ ھېكايەمدە ئەسكەر ئېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆستۈرۈش جەريانىدىكى پارا ئېلىشتەك ناچار ئىستىللار تەنقىدلەنگەنىدى. «ئوغرى گۇمانخور كېلۇر» دېگەن-دەك بۇلارنىڭ قورسىقىنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپكەنلىكىنى بى-لىپ، ئارتۇق گەپ قىلماي چىقىپ كەتتىم.
كەچتە ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى قېقىلدى. ئىشىكنى ئاچسام سىيا-سىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ئىكەن، ئۆيگە باشلىدىم، ئۇ ناھايىتى خاپا ئىدى.
— ھېكايەڭلاردىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن مې-نىڭ مەسئۇلىيىتىم بار. لېكىن، بۇ توغرىسىدا پارتكوم يىغىنىدا ئۆزۈمنى تەكشۈرگەنىدىم. سىلە بىلەن بىرگە ئىشلىگىلى بىرقان-چە يىللار بولدى. مېنىڭ بيوروكراتلىقىم سىلە يازغاندەك شۇ دەرىجىدە ئېغىر ئەمەستۇ، — دېدى ئابدۇقادىر جۇڭشياۋ قاپىقىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى نېمىشقىدۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى.
— مۇدىر، بۇ بىر توقۇلما ھېكايە. سىزگە قارىتىپ يېزىل-غان ئەمەس، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، تۇرمۇشتا ئۇنداق ئىشلار كۆپ ئەمەسمۇ؟ — دەپ تەسەللى بەرگەن بولدۇم. لېكىن، قانا-ئەت ھاسىل قىلمىدىمۇ، ئابدۇقادىر جۇڭشياۋ يەنە شۇ خاپىلىقى

بىلەن چىقىپ كەتتى.

ھېكايەمنىڭ كىشىلەرگە شۇنچە تەسىر قىلغانلىقىدىن بىرئاز چۆچۈپ قالدىم، يەنە بىر جەھەتتىن خۇشالمۇ بولدۇم.

بىرنەچچە ئاي ئۆتتى، قولۇمغا قەلەم ئالمىدىم. لېكىن يېزىقچىلىققا بولغان ئىشتىياقىم يەنە غالىب كەلدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بىر ئايدىن كېيىن «پاكلىق» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ھېكايە يېزىپ چىقتىم. بۇ ھېكايە ئالدىنقى ھېكايەمنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا پاك - دىيانەتلىك سىياسىي بۆلۈم مۇدىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى. ئۇ ژۇرنالغا بېسىلىپ چىقتى.

بىركۈنى كەچقۇرۇن شۇ ژۇرنالنى كۆتۈرگەن سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— يارايسەن، يارايسەن! ھېكايە دېگەننى مانا مۇنداق يازماسەن؟ بۇ ھېكايەڭ دەل جايىدا چىقىپتۇ، تەبرىكلەيمەن، — ئۇ مۇرەمگە يېنىك بىرنى قېقىپ قويدى ۋە بۇ ھېكايەمنى دۆلەتتىن دىئۇز يېرىدىن ئۆزۈلىدا ئاڭلىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاڭلىسام ئۇنى كېسىۋېلىپ يالداما سۇپىتىدە خاتىرىگە چاپلىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتمىدىم، يەنە بىر قېتىم چۆچۈگەندەك بولدۇم. چۈنكى، شۇندىن كېيىن مۇدىر مېنى پات - پات ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ «سىردىشىدىغان» بولۇپ قالغانىدى. لېكىن يازغۇچى دېگەن باھاردا سايرايدىغان، قىشتا غايىب بولىدىغان كاككۇك ئەمەستە. ئۇنىڭدا ۋىجدان بار. مەن يازغۇچىنىڭ بۇرچىنى ئەلۋەتتە بىلىمەن. باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇش، يامان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ قامچىلىماي كۆزنى يۇمۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دەپ كۆرسىتىش ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ ئىشى ئەمەستە! شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە بىر ھەجۋىي ھېكايە يازدىم. ماۋزۇسى «تەمەخور» ئىدى، ئەمدى بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس چىقاركىن؟

1991 - يىل 1 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈزۈلمەس دولقۇن

ئەتىياز پەسلى، ئاسماننىڭ قارامتۇل گىرۋىكىدە ئىسسىپ تۇرغان تولۇن ئاي زېمىننى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇپۇق يۈزى بارغانسېرى سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاينىڭ پېتىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، قوياش تېخى باش كۆتۈرمىگەنىدى. ئورۇندىن تۇرۇش سىگنالى تېخى چېلىنمىغان بولسىمۇ، ئالاقىچىلار لىيەنىنىڭ جەڭچىلىرى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ماھارەت ئۆستۈرۈش مەشىقىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئورۇندىن تۇرۇش سىگنالىمۇ چېلىندى.

جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچىلەر تەلىم - تەربىيە مەيدانىنى جەڭگىۋار تۈسكە كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ «سا! . . . سا! . . . سا! . . .» دەپ توۋلىغان ياڭراق سادالىرى گازارما ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، يىراقلارغا تارقىلاتتى ۋە ئەكس سادا قايتۇراتتى.

ۋاقىت دېگەن غەلىبە.

ئالاقىچىلار لىيەنىنىڭ تېلېفونىستلىرى غەيرەتكە كېلىپ سىم غالتەكلىرى بىلەن تېلېفوننى يۈدۈۋالغان ھالدا «دۈشمەن» گە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن شارائىتتا، قىسىملارنىڭ ۋاقتىدا ئالاقىلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەشىقىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. رادىستلار بەندىكلەرمۇ ئاپپاراتلىرىنى يۈدۈۋالغان ھالدا چاستوتىلارنى توغرىلاپ بىر - بىرىنى چاقىرىشاتتى. بەزى جەڭچىلەر بولسا مىلتىقلىرىنىڭ شتىكلىرىنى پارقىرىتىپ دۈشمەن كۆكسىگە دەل، قاتتىق سانجىش ھەرىكىتىنى مەشىق قىلماقتا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك دىقماققىنا كەل-

گەن بىر جەڭچىنىڭ چەبدەسلىك بىلەن كۆرسىتىۋاتقان ماھارىتى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلاتتى. ئۇ تېلېفونىستلار بەنىنىڭ جەڭچىسى، سېرژانت ئۆتكۇر بولۇپ، تىرىشچان، بىلىملىك يىگىت ئىدى.

— بىرىنچى گۇرۇپپا ئالغا! — بۇيرۇق بېرىلىش بىلەن تەڭ سەپ ئىچىدىن ئۈچ نەپەر جەڭچى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ «دۈشمەن ئاكوبى» تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئالغا قاراپ سىلجىپ، گاھ ئوڭ ـ گاھ سولغا دومىلاپ، تېز ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئۆتكۇر تازىم قىلغاندەك ئېڭىشىپ يىلان باغرى ئىز قالدۇرۇپ «دۈشمەن ئوت توچكىسى»غا يېقىنلاشتى ۋە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق پونكىتى بىلەن قوماندانلىق شتابى ئارىلىقىدىكى سىم يولىنى تارتىپ تېزلىك بىلەن قىسىم ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى.

— ۋاي، چاڭجياڭ... چاڭجياڭ... ئاڭلىدىڭمۇ يوق؟... ئاڭلىدىڭمۇ يوق؟... جاۋاب بەر!... جاۋاب بەر!... — «تى... تى.... تىت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېنىق جاۋاب كەلدى.

— ۋاي، خۇاڭخې... خۇاڭخې... مەن چاڭجياڭ... مەن چاڭجياڭ... ئالدىرىماي سۆزلە... ئالدىرىماي سۆزلە، — قارشى تەرەپتىن جاۋاب ئاڭلاندى. چاقماق تېزلىكىدە ئالاقە ئورنىتىلىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى مەشىق غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. ئۆتكۇر تەقدىرلەندى.

※ ※ ※

قاراڭغۇ تۈن. قاراقۇرۇم تېغىدا قەھرىتان قىش ھۆكۈم سۈرەتتى. ئېگىز تاغ ئۈستىنى ساماۋى رەڭ بۇلۇتلار قاپلىغان،

ئەتراپ ئاقۇش تۇمان ۋە قارا تۇتەك بىلەن ئورالغانىدى. مانا شۇنداق مەزگىلدە نامەلۇم ئىستىھكامنى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىن قايتۇرۇۋېلىش جېڭى باشلاندى. جىمجىت جىلغىلارنى زەمبى-رەك، پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى قاپلىدى. ساپ ھاۋا ئوق دورا ھىدى بىلەن بۇلغاندى. ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈۋاتقان دۈشمەن توپ ئوقى زەربىسىدىن چاچراپ چىققان تاش - توپىلار، ئىس - تۈتەكلەر دەستىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. ئېگىزلىكتە قوچاقلاشما جەڭ باشلانغانىدى. قىلىچلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازلىرى، شىتىك سانجىلغان دۈشمەننىڭ نالە - پەريادى تاغ باغرىنى بىر ئالغانىدى. بۇ جەڭ پەقەت 42 مىنۇتلا داۋام قىلدى. بۇ يەردە تاشلىنىپ قالغان ئېغىر - يېنىك قورااللار، پولات قالپاقلار ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ جەڭدىمۇ دۈشمەننىڭ بىر ئالاقىلىشىش بەنىنى ئۆتكۈر ئۆزى بىتچىت قىلدى.

بىدە كۆك چىقارغان كۈنلەر ئىدى. «تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ بارايلى» دېگەن پارتىيىنىڭ بۇ جەڭگىۋار چاقىرىقى جۇڭشى ئۆتكۈرنىڭ قۇلىقىدا دائىم ياڭراپ تۇراتتى. ئۇ يېڭىلىق يارىتىش كويىدا ئاز ئۇخلاپ، كۆپ ئويلايتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى. يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش جەريانىدىكى بىر ئىش ئۇنى تېخىمۇ ئويلاندۇرۇپ تىنىم تاپتۇرمىدى.

ئالاقىچىلار لىيەنى بىر قېتىملىق ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋاتقاندا، دۈشمەن تەرەپ بىزنىڭ قوماندانلىق شتابىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىسىغا بەرگەن مەخپىي يوليورۇقنى بىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنى قايتىدىن ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەنىدى. ئۆتكۈرنىڭ كاللىسىدىن مۇشۇ بىر مەسىلە ھازىرغىچە چىقىپ كەتمىگەنىدى. ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي تەتقىق قىلاتتى. تىرىشچانلىق يەردە قالمايدۇ. ئۇ قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ماگنىتنىڭ تارتىش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئاپىراتىنى ياساپ چىقىپ، تېلېفوننىڭ

تۇرۇپكىسىغا ئورنىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەمدى جىددىي پەيتلەردە مەخپىيەتلىك ئاشكارا بولۇپ قېلىشتىن ھېچكىم غەم قىلمايدىغان بولدى. ئالاقىچىلار لېنى ئۆتكۈر بىلەن بىرگە مۇكاپاتلاندى.

گۈركىرەپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئادەمنى زەھەردەك چاقاتتى. يېنىك دولقۇنلىرى بىلەن قىرغاقنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ سۈيى بىردىنلا ئۇلغىيىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مانا شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ نامەلۇم ئىستىھكامىنى ئېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ئالاقىچىلار لېنى جەڭچىلىرى جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

ھۇجۇم ئالدىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت جەڭچى بولغان كىشىلا تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن، ھايات بۇ چاغدا شۇ قەدەر شېرىن تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇكى، ئۇنىڭ ھارارىتى تۇپەيلىدىن يۈرىكىنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كەتمىگىنىگە تاڭ قالىدۇ كىشى. بۇ پەيتتە سېنىڭ كۆز ئالدىڭغا ئەزىز ئاتا - ئاناڭ، يارۇبۇرادەرلىرىڭ، ئامراق خوتۇنۇڭ، ئۇماق بالىلىرىڭ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭ. . . ھەممە - ھەممىسى بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلايدۇ، ئالدىڭدا پارلاپ تاڭ ئېتىۋاتقاندەك ئۈمىدلىنىسەن ۋە ئۆز ئىختىيارىڭدىن تاشقىرى غالىب، كۈچلۈك جاسارەت ئىلكىدە ئالغا ئىنتىلىسەن. . .

راست ئەمەسمۇ؟ جەڭ دېگەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مۆكۈشمەك ئوينىشى ئەمەستە. ئۇ ھايات ماماتلىق ئېلىشىش. سەن ئاشۇ يېقىن كىشىلىرىڭنى قايتا كۆرەلەمسەن يوق؟ بۇنىسى ساڭا قاراڭغۇ. ھۇجۇم مىنۇتلىرىدا جەڭچىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدىغان كۆرۈنۈشلەر ئەنە شۇنداق تەسىرلىك بولىدۇ. ئانا يۇرت مېھرى، دىدار كۆرۈش ئىستىكى — جەڭچى روھىنىڭ سۇنماس

ۋە تالماس قانىتى. جەڭچىنىڭ يۈرىكى مۇھەببەتنىڭ ئوچىقى. ئەنە شۇ مۇقەددەس ئوچاقنىڭ ئوتى ئۇنى قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە ئۇندەيدۇ. . . ئۆتكۈر شۇلارنى ئويلاپ باشقىچە روھلىنىپ كەتتى.

ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭگە ئاتلىنىش ۋاقتى بولدى. ئۇلار ئارقا سەپتىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلاشتى.

— خەير - خوش بۇرادەرلەر، — دېدى ئۆتكۈر، — بىز چوقۇم غەلىبە بىلەن قايتىمىز.

ئۇلار غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

تاڭ سەھەر شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش پۈتۈن كائىناتنى نۇرغا پۈركەپ، ئۈزۈمزار تال - باراڭلىق دالىنى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. يول بويىدىكى قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ باغرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەرۋايىتتەك ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر، مەي باغلاپ پىشقان ساپسېرىق ئەنجۈرلەر كىشىنىڭ كۆز يېغىنى يەيتتى. بۇ يەردە يۆتكىلىپ كەلگەن ئالاقىچىلار لىيەنى مەشىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۆتكۈر بولسا - بىر باغلىق هويلىنىڭ ئىچىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيدە تەتقىقات بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ سىناق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. سىناق نەتىجىلىك بولدى. ئۇ غەلىبىگە ئېرىشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە چەتئەلنىڭ قۇترىتىشى بىلەن چېگرىدا قانلىق ۋەقە پەيدا بولدى. بىز ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ تەخىر قىلىپ بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ۋەتەننى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدۇق.

تۈگۈلگەن مۇشتلار، غەزەپتىن چاقنىغان كۆزلەر جىددىي هالەتكە كەلگەن گازارمىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

— ۋەتەن ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە، تىغدەك قىيالارغا چىقىشقا تەييارمىز. پارتىيە، خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاخىرقى نەپىسىمىز قالغۇچە ئادا قىلىشقا قەسەمىيات قىلى-

مىز! — دېگەن ئۆتكۈرنىڭ ياڭراق ئاۋازى جەڭچىلەرنىڭ «ھۇر-را» ساداسىغا قوشۇلۇپ ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۆتكۈرنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان ۋەتەننىڭ چېگرىسىغا بېرىپ بولغانىدى.

ئالاقىچىلار لىيەنى چېگرىغا يېتىپ بېرىش بىلەن تەڭ، سىم تارتىپ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۆتكۈر قاراڭغۇ كېچىدە دۈشمەنگە تۇيدۇرماي سىم تارتىپ، ئالاقىنى ئوڭۇشلۇق ئۈلىدى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ قايتۇرما ھۇجۇم جېڭى باشلاندى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. جەنۇبقا قاراپ قېچىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ يولى توسۇلدى. تۆت ئەتراپى قورشالغان دۈشمەن نەگىمۇ بارالىسۇن؟ بۇ جەرياندا دۈشمەن توپ ئوقى ئۈزۈۋەتكەن تېلېفون سىمىنى ئۆتكۈر يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي بىرقانچە قېتىم ئۈلىدى. ئۇ سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغاندا، توپ ئوقى يەنە مەخپىي ئالاقە سىمىنى ئۈزۈۋەتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا!»، ھەممە تىت - تىت بولۇپ كەتتى. ئۈزۈلگەن سىم ئۇلاشقا يەتمەيتتى، ئېلىۋالغان زاپاس تېلېفون سىمىمۇ يوق ئىدى. ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئېلېكترونلاشقان ماگنىتلىق توكنىڭ بارلىقى ئۆتكۈرنىڭ ئېسىگە كەلدى - دە، سىمنىڭ ئۈزۈلگەن ئىككى ئۇچىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇ تاپتا سىمدىكى توك ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق تەپمەكتە ئىدى. ئالاقە تېزلىكتە ئەسلىگە كەلدى. قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قورشاۋ تارايتىلدى. ھەر ياندىن دۈشمەنگە قاتتىق ئوق ئېچىلدى. ئالاقزادە بولغان دۈشمەنلەر پىتراپ قاچتى. ئۆتكۈر ئىككى قولىدا توك سىمىنى تۇتقان ھالدا قېتىپ قالغانىدى...

— يولداشلار! — دېدى تۈەنجاڭ ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سالماق ئاۋاز بىلەن، — ئالاقىچىلار لىيەنىنىڭ جەڭچىسى جۇڭشى ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ۋەتەنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن بېغىشلىدى. بىز بىلەن مەڭگۈ

ۋىدالاشتى. بىز ئۇنىڭ پىداكار روھىدىن ئۆگىنىشىمىز ئالغا باسايلى!

«جەڭچىنىڭ ھاياتى ئۈزۈلمەس دولقۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھېچقاچان بىر ئىزىدا توختاپ قالمايدۇ» دەپ ئويلىدى تومچاك، ھۆررا توۋلاپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان جەڭچىلەرگە قاراپ.

1991 ـ يىل 2 ـ ئاي

# ئورۇندالغان ۋەسىيەت

قۇياش تاغ ئارقىسىغا مۆكۈشكە ئاز قالغاندا، سىگنال چېلىندى. جەڭچىلەر سەپكە تىزىلىپ رەت - رېتى بىلەن ئاشخانىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ قىسىم ئورۇنلاشقان قورۇنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان كىچىك بوتكىدىكى سەيپۇڭ ئۇستام تاقەتسىزلىك بىلەن يولغا قاراپ ھېلىقى يۇمىلاق يۈز، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ھەربىي يىگىتنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. چۈنكى، ئۇ يىگىت بۇ ئۇستامغا كىيىمىنى يامىتىشقا بەرگىلى بىرنەچچە ئايلار بولغانىدى. بۈگۈنمۇ كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى، لېكىن، ئۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇستام كۈتۈپ - كۈتۈپ ئاخىر ئۆيىگە كەتتى.

بىر كۈنى كەچتە، ئېگىز بوي بىر ھەربىي يىگىت سەيپۇڭ ئۇستامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مۇندىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بىر ھەربىي يىگىت سىزگە بىرقۇر ھەربىي كىيىمنى يامىتىشقا بەرگەنمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە. . . شۇنداق.

— قانچە پۇل تۆلەيمەن؟

سەيپۇڭ ئۇستام بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ:

— ياماش ھەققى بىر يۈەن، نەچچە ئاي ساقلاپ بەرگىنىمگە بەش موچەن، جەمئىي بىر يۈەن بەش مو تۆلىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

يىگىت بىر يۈەن بەش مونى ئۇستامغا سۇندى.

سەيپۇڭ ئۇستام پۇلنى ئېلىۋېتىپ:

www.uyghurkitap.com

— كىيىمنى يامغىلى بەرگەن يىگىت سىز ئەمەسقۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى كەلمىدى، — دەپ سورىدى، ھەيران بولۇپ.

— قانداق، يالغان ئېيتىۋاتامدىكىن دەمسىز؟ — يىگىت قاشلىرىنى يىمىرىپ سورىدى.

— ياقەي، بىزنىڭ كۆڭلىمىز بەك يېقىن ئىدى، — دېدى ئۇستام بىرنەرسىنى ئۇقماقچى بولغاندەك قاراپ.

— ئۇ . . . ئالدىنقى سەپكە كەتتى، — دەپلا يىگىت مېڭىپ كەتتى.

سەيپۇڭ ئۇستام كىيىمنى قولىغا ئالغىنىچە:

— ھوي يىگىت كىيىم قالدىغۇ؟ كىيىمنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپ توۋلىدى. يىگىت قەدىمىنى توختىتىپ قايغۇلۇق ھالدا:

— ئۇستام، ئۇ ئالدىنقى سەپتە شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا كىيىم ھاجەتسىز . . . ماڭا جان ئۈزۈش ئالدىدا سىزنىڭ كىيىم يامىغان پۇلىڭىزنى ئاپىرىپ بېرىشىمنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. رەھمەت سىزگە! — دېدى ـ دە، سالماق قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. سەيپۇڭ ئۇستام كىيىمنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

1991 ـ يىل 11 ـ ئاي

# ئىز قالدۇرۇش

سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يىغىن مۇنبىرى ئۈستىدە «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرەيلى» دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يىغىن مۇنبىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاملارغا، ئەتراپتىكى تېرەكلەرگە پلاكاتلار ئېسىلغانىدى، بۇ، تەرەققىيات يېزىسىنىڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىختىراچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىن سورۇنى ئىدى. يىغىن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلار ئىچىدە چاچلىرى ئاقارغان سالاپەتلىك بىر كىشى ئاممىغا ئويچان نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتى. يىغىن مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن شۇڭقۇغان ياز قۇياشىنىڭ ئوتلۇق نۇرى بۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ پېشايۋانلىق هويلىلىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بۈككىدە ئۆسكەن ئورمانلار ئارىسىدا شاختىن شاخقا قونۇپ سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ساداسى، رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ساداسىغا جۆر بولۇپ كىشىلەرگە زوق بېغىشلايتتى. يىغىن مۇنبىرىنىڭ سول تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «تەرەققىيات يېزىسى پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسى» گە قويۇلغان ئەۋرىشكىلەر كىشىلەرنى جەلپ قىلاتتى. يىغىن مەيدانى ئادەم بىلەن تولغانىدى. مۇنبەردە ئولتۇرغان سالاپەتلىك كىشى ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى يىراق ساھىلغا قاراپ پەرۋاز قىلدى.

. . . قەھرىتان قىش. شىۋىرغان ئارىلاش سوغۇق شامال چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يېزا ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كىشىنى زەھەردەك چاقاتتى. مەھەللىنىڭ قۇم-

ساڭغۇ يولىدا يەلكىسىگە بىر باغلام ئوتۇن يۇدۇپ كېتىۋاتقان يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. قارا كۆز، ئورۇقتىنا كەلگەن بۇ بالىنىڭ ئۇچىسىدا يىرتىلىپ نەچچە يېرىدىن ياختىسى كۆرۈنۈپ قالغان ماتا چاپان، جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن يالاڭ تامبال بار ئىدى. ئۇ، باينىڭ ئەڭ كىچىك يىلىلىقچىسى بولۇپ، ئىسمى توختى ئىدى. جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىش، ئۆيگە سۇ توشۇش، قورۇنى سۈپۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ كىچىك يىلىلىقچى قىلاتتى.

شۇ كۈنلەردە زەرەپشان دەرياسىغا سەل كېلىپ يۇرتنى تاش-قىن قاپلىدى. باينىڭ مال - مۈلكى، يەر - زېمىنى، قورۇ - جايىنى سۇ بېسىش خەۋپى تۇغۇلدى. باي بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېزىنىڭ ئىمامى بولغان تۇرسۇن موللىنى چاقىرىپ مەسلىھەت سورىدى.

— قوي، كالا ئۆلتۈرۈپ نەزىر بېرەيلى، — دېدى موللا تەسۋىنى سىيرىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ. بايغا بۇ مەس-لىھەت ياقمىدى، داخان سايىت:

— بۇ بالايىبەتتەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن توختى ئىسىملىك ئادەمنى تېپىپ سۇغا باساق لازىم، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. بۇ مەسلىھەت بايغا ماقۇل كەلدى.

— توختى شۇمتەكنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى باي.

توختىنى كالا قوتىنىدىكى سامانلىقتىن ئېلىپ چىقتى.

— مېنىڭ ئىسمىم توختى بولسىمۇ گۇناھتىن ساقىت مەن، باي دادا، — دېدى توختى ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي، چوڭ كىشىدەك سۆزلەپ، — ئايىغىم يەرگە تەگكەندىن تارتىپ سىلىگە ھەقسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا.

— جۆيلىمە! كىم سېنىڭ ئىسمىڭنى توختى بولسۇن دەپتۇ؟ كىچىككىنە تۇرۇپ نېمانچە چوڭ سۆزلەيسەن؟ باغلا بۇ قەلەندەر-

نى، — دەپ ۋارقىرىدى باي كۆزنگە قان تولۇپ. لېكىن، سەۋر قاچىسى چېقىلغان توختى باينىڭ كۆزنگە بىر چاڭگال شور توپىنى چاچتى - دە، يۇگۇرۇپ بارغىنىچە باينىڭ دەرەخكە باغلاپ قويغان ئېتىنى مىنىپ، باشقىلار نېمە ئىش بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە كۆزدىن غايىب بولدى، ئۇنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تېپىشالمىدى. ئۇچ كۇنگىچە كۆزىنى ئاچالمىغان باينىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى سۇ باستى. توختى ئىككى ئايغا يېقىن پىيادە يول مېڭىپ ئۇرۇمـ چىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ تىرىكچىلىك قىلىش كويىدا جەنۇبتىن چىققان يېتىمچىلار بىلەن ئېلىغا بېرىپ كۆمۈر كاندا ئىشلىدى. . .

مۇنبەردىكى سالاپەتلىك كىشى ئەسلىدە ئاشۇ قەيسەر شاكىـ چىك توختى ئىدى. ئۇنى ھازىر توختى يولداشوف دەپ ئاتىشاتـ تى. يولداشوف ئاپئاق شالاڭ چاچلىرىنى سىيلاپ خىيالىنى داـ ۋاملاشتۇردى. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇرۇش سەپلىرىدە جەـ سۇرلۇق بىلەن قىلغان بىرقانچە قېتىملىق خەتەرلىك جەڭلەر، شىخونى ئېلىش جېڭىدە قۇربان بولغان سەپداشلار . . . كۆز ئالـ دىغا كەلدى، ئۇ ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۇچۇن ئورـ دېن ۋە مېداللار بىلەن تارتۇقلانغانىدى. ئۇ ئاددىي جەڭچىلەر ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان قەيسەر كوماندىر ئىدى. يىگىرمە بەش يىل ھەربىي سەپتە ئىشلەپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ مەمۇرىي خىزـ مەتكە يۆتكەلگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا قۇيۇنىغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇنى قارىلاپ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار »، «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «چەتكە سېتىلغان ئىشپىيون» قىلىپ قويدى. بىر مەزگىل ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈپ سازايى قىلغاندىن كېيىن يېزىغا سۈرگۈن قىلدى. ئۇ يەردە كۇندۈزى نازارەت ئاستىدا جاپالىق ئەمگەك قىلسا، كەچتە كۇرەش قىلىنىپ كۆرمىگەن كۇنى قالمىدى. ئۇ كۇنلەرمۇ كەلمەسكە كەتتى. ئۇـ نىڭ خىيالى ئەمدى 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى كۇنلەردە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى:

ئۇ بىركۈنى خىزمەتتىن يېنىپ ئۆيگە قايتىپ، مېھمانخانىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتكە كۆزى چۈشتى-دە، قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. بۇ خەت يۇرتتىكى تۇغقانلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنى تۇغۇلغان يېزىسىنى كۆرۈپ ئېلىشكە تەكلىپ قىلىشقانىدى.

يولداشوف چۈشكەن كۈمۈش رەڭ يولۇچىلار ئايروپىلانى بارا - بارا ئېگىزلەپ، تىنىق ھاۋا بوشلۇقىنى يېرىپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئايروپىلان ئالاھەزەل بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئۇچقاندىن كېيىن، قەشقەرگە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان ئەزىز دىيارنىڭ باغ - ۋارانلىرى، تاغ - دەريالىرى ئۇنىڭغا مىسلىسىز گۈزەل تۇيۇلۇپ، ئاجايىپ بىر ھۇزۇر بەخش ئەتمەكتە ئىدى.

ئايروپىلان يېنىككىدە سىلكىنىپ ئايرودرومغا قوندى. يولداشوف قەشقەر شەھىرىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىغا كەلدى، ئەل - جامائەت بىلەن كۆرۈشتى، دۇنيادا بالا - چاقىلىق بولماي يالغۇز ئۆتۈۋاتقان بۇ ئادەم ئاقلانغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بەرگەن 12 يىللىق مائاشى بىلەن ئىقتىساد قىلىپ توپلىغان پۇللىرىنى قوشۇپ جەمئىي 30 مىڭ يۈەن پۇلنى يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىشقا ئىئانە قىلدى. بۇ تاغلىق يېزىدا «يولداشوف ئوتتۇرا مەكتىپى» ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلدى. ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، تۇل ئولتۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق ئوقۇتقۇچى ئايالنى كىشىلەر ئۇنىڭغا سايە قىلىپ توينى قىلىپ قويدى. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ شېرىن راھىتىنى كۆردى...

پىئونېرلار، يولداشوفنىڭ كۆكسىگە گۈل تاقىغاندا، ئۇ خىيالىدىن بىراقلا ئۆزىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى يىلدىن «يولداشوف ئوتتۇرا مەكتىپى»نى پۈتتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، ئۇزۇن تالالىق پاختىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ سورتىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلاتنى بىر ھەسسى-

دىن ئارتۇق ئاشۇرغان مەخەت ئاگرونوم، دولان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى بىلەن شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ دولان قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلىغان مۇتەخەسسىس سابىر ھەسەن- لەر ئورۇن ئالغانىدى. يولداشوف بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالايىتەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەنىدى.

يىغىن مەيداندىكى كىشىلەر مۇنبەرگە بويۇندىشىپ، غۇلغۇ- لا قىلىشقا باشلىدى.

— ئاۋۇ سالاپەتلىك كىشى ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى بولسا كېرەك - ھە!

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇ كىشى يۇرتىمىزدىن چىققان رەھبەر. ھازىر ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىدۇ.

— ھەي ھاجىمكا، ئۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يېنىدا ئولتۇرغان 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئاقساقال ئەخمەت ھاجىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان گېنېرال يولداشوف دېگەن شۇ. ئۇ كىشى ئازادلىقتىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئېلىپ ئالىم بولغان. ئاپەتلىك يىللاردا ئۇ كىشىنى بەك ئازاپلى- غان. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتىمىزغا كېلىپ ئۆز نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى سالدۇرۇپ بەردى. بۈگۈنكى يىغىندا تەقدىرلەن- گەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ كىشى سالدۇرۇپ بەرگەن مەكتەپتە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان پەن - تېخنىكا ئىلغارلىرى، — دېدى ھاجىم ھېلىقى يىگىتكە جاۋاب بېرىپ.

— خۇداغا شۈكۈر. ئاللا بەندىلىرىنى ئىنساپلىق قىلغاي، يۇرتىمىز راۋاج تاپقاي، — دېدى يەنە بىر ئاقساقال دېھقان ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ.

يىغىن رىياسەتچىسى يولداشوفنى بىرقۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن سۆزگە تەكلىپ قىلدى. يولداشوف قىزغىن ئالقىش سادا- سى ئىچىدە سۆزگە چىقتى. ئۇ ئىلىم - پەنگە تايىنىپ يېزا

ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاز بولغان بىلەن مەزمۇنلۇق ئىدى.

— يولداشلار! يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا ئىگىلەش كېرەك، بىلىم ئىگىلەش كېرەك. نادانلىقتىن قۇتۇلۇش زۆرۈر. . .

ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مەيداندىكى دېھقانلارنىڭ قەلبىنى هاياجانغا سالدى. دېھقانلار، ئۇ تەسۋىرلەۋاتقان نۇرلۇق مەنزىلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، گۈزەل ئىستەكلەرگە چۆمۈلدى.

1991 - يىل 10 - ئاي

# جىددىي پەيتتە

شەنبە. تۇنۇگۇنكى چوڭ يىغىندا بىزنىڭ لىيەنىنىڭ تۇەن بويىچە ئىلغار لىيەن بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلىنىشى، ماڭا ناھا-يىتى زور ئىلھام بېغىشلىماقتا ئىدى. تاماقتىن كېيىن، مېڭەمنى بىر ئاز ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن، گازارما يېنىدىكى باغقا كىردىم. ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى گۇپپىدە دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. بىرقۇر ئايلىنىپ باغنىڭ شەرق تەرىپىدىن يانداپ ئۆتىدىغان ئاس-فالت يولغا چىقتىم. ھەر خىل ماشىنىلار ئۇياقتىن بۇياققا ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. يول بويىدىكى سۇۋادانىنىڭ ئەمدىلا تەڭگە بولغان يۇمران يوپۇرماقلىرى لەرزان، يېقىملىق سوققان مەيىن شامالدا كىشىگە زوق بېغىشلايتتى. ئۇنىڭغا كۆز تىككەن ھالدا لىيەنىنىڭ ئەتىكى خىزمەتلىرىنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىمغا، كىم-دۇر بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مېڭىشتىن توختاپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاراپ، لىيەنىنىڭ كاتىبى ياقۇپنى كۆردۈم: «ئۇنىڭ بۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدا نېمە ئىشى بولغىيتى» دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ كېلىپ بىر پارچە خەتنى بەردى. مەن خەتنى قولغا ئېلىپلا تونۇش پوچېركىدىن، بۇنىڭ ئۆيدىن كەلگەن خەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. «ئائىلىدە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دېگەن ئەندىشە خىياللار غىل - پال كۆڭلۈمدىن ئۆتتى - دە، خەتنى ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدىم، راستلا كۆڭلۈم تۇيۇپتىكەن، خەتتە دادامنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكى، مېنىڭ تېزرەك كې-لىپ كۆرۈۋېلىشىمنىڭ لازىملىقى ئېيتىلغانىكەن. مەن دەرھال دوكلات يېزىپ، رۇخسەت ئېلىپ تېزلىكتە ئۆيگە قايتتىم. دادام مېنى ئارانلا تونۇپ:

— كەلدىڭمۇ بالام، — دېدى ـ دە، كۆزىنى يۇمدى. دادام-نىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىشى بىلەن بارلىق خۇشاللىقلىرىم خۇددى توزغاقتەك ئاللىقاياقلارغا توزۇپ كەتتى. مەن بىردەم لۆڭگىنى هۆل قىلىپ دادامنىڭ يۈز ـ كۆز، بويۇنلى-رىنى سۈرتسەم، بىردەم مۇسكۇللىرى كۆرپە يارىسى بولۇپ قال-مىسۇن دەپ گىرېلكىدا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ يۇمشاق ئۇۋۇلايتتىم، كېچىلىرى بولسا تېبابەتكە دائىر كىتابلارنى كۆرەتتىم. ئەتىسى دوختۇرغا كۆرسەتسەم، دوختۇرلار دادامنى تېزدىن يۇقىرى دەرى-جىلىك دوختۇرخانىلارغا يۆتكىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

هازىر، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتقاندى. پۇل راسلاپ، دادامنى داۋالىتىش ئۈچۈن، چوڭ شەهەردىكى تېخنىكى-سى يۇقىرى هەربىي دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردۇم. مەسئۇل دوختۇر دادامنى شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ، ئەستايىدىل تەك-شۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇپ داۋالىدى.

— رەهمەت بالام، تۇتقان چالماڭ ئالتۇن بولسۇن، دەسسى-گەن تۇپرىقىڭ كۈمۈش، ئاللا ساڭا رەهمەت قىلسۇن. . .

دادام ئاخىر تەلتۆكۈس ساقايدى. مەن دادامنى كۆيۈنۈپ داۋالىغان مەسئۇل دوختۇرغا نېمىدەپ رەهمەت ئېيتىشنى بىل-مەيتتىم. ئەتە دوختۇرخانىدىن چىقىمىز دېگەن كۈنى، مەن دوخ-تۇرنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا كىردىم.

— رەهمەت دوختۇر. . .

ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ـ دە، مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— رەهمەتنى سىز ماڭا ئەمەس، مەن سىزگە ئېيتسام بولى-دۇ. مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى دوختۇر.

مەن مەڭدەپ قالدىم.

— ئىلگىرى ئىشخانىڭىزغا كۆپ كىرىدىغان جەڭچىڭىز باتۇر بولىمەن. . .

مەن ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەلۇم قىسىمنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ چاغلاردا باتۇر ئىسىملىك ئاق پىشماق، ۋىجىككىنە بىر جەڭچى قېشىمغا پات ـ پات كېلىپ، ئىشخانامنى تازىلاپ، ماتېرىيال، نەرسىلەرنى رەتلەپ قويۇپ كېتەتتى، بەزى ۋاقىتلاردا كېلىپ چايخانىدىن چايدانغا چاي ئەكىلىپ بېرەتتى، ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، قىسىمغا كەلگەندىن كېيىنكى خىزمەت ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

بىر كۈنى يۇقىرىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىكەن دەپ، بىر قولنى ئىككى قىلالماي جىددىي تازىلىق قىلىۋاتساق، ئۇ كېلىپلا تازىلىققا كىرىشىپ كەتتى. چېلەكتە سۇ ئەكېلىپ دېرىزە ئەينەكلىرىنى، كىتاب تىزىلغان جازىلارنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتى. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ دائىم كېلىپ تۇردى. بۇ ئىشلارغا ئون نەچچە يىل بولۇپ قالغاچقا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانىكەن.

— سىز ئاشۇ باتۇرمۇ؟ چوڭلا كوماندىر، كاتتا دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىپسىز. دادامنى كۆيۈنۈپ داۋالىغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدىم مەن.

— مېنىڭ دوختۇر بولۇشۇمغا دەل سىز كۈچ چىقارغان، — دېدى باتۇر، — شۇ چاغلاردا مەن بوش ۋاقىت بولسىلا كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتۇم. بىر كۈنى قېشىڭىزغا كىرسەم «باتۇر ئالدى بىلەن خىزمەتنى ياخشى ئىشلە، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ئۆگىنىشنىمۇ چىڭ تۇت» دەپ بىرقانچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى بەردىڭىز، ليەندۇيگە ئەكېلىپ ئوقۇغانسېرى قىزىقىپ قالدىم، كېيىن سىز ماڭا ھەربىي مەكتەپكە بېرىشقا بىر سان ھەل قىلىپ بەردىڭىز، شۇنىڭ بىلەن مەن ھەربىي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندىم. مەن سىزنى كۆرۈپلا تونۇدۇم، چىرايىڭىزدىكى سۇلغۇنلۇققا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. بىرنەچچە كېچە ئۇخلىماي ماتېرىيال كۆرۈپ، ئەڭ ياخشى داۋالاش

لايىھىسىنى تۈزۈپ، داۋالاشقا ئۆزۈم مەسئۇل بولسام دادىڭىز-نىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ سىزگە: «رەھمەت، بالام» دې-گەن چاغدا مەن يېنىك نەپەس ئالدىم. . .

كۆز ئالدىمدا گۈل - چېچەككە پۈركەلگەن يېپيېڭى بىر دۇنيا نامايان بولماقتا. توۋا، ئۆز ۋاقتىدا ھېچكىمنىڭ دىققەت نەزىرى چۈشمەيدىغان ياۋاش، كەمسۆز بىر بالىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە داڭلىق دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

2004 - يىل 1 - ئاي، ئۈرۈمچى

# نامسىز خەت

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلق قوراللىق بۇسى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى ئابدۇقادىر خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىگە ئېسىلغان پىكىر ساندۇقىنى ئاچقاندا، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى باستىقا يېزىلغان بىر پارچە خەتنىڭ بارلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال خىزمەت بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ قويدى.

بۇ بىر پارچە نامسىز خەت بولۇپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق قىلىپ: «باسىت كېجاڭ، سىز ئالغان ھېلىقى 15 مىڭ يۈەن پۇلنى تېزدىن ماڭا قايتۇرۇۋېتىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ! . . . » دېگەن بىرنەچچە قۇر خەت يېزىلغانىدى. خەتنى ئېچىپ كۆرگەن باستىنىڭ پېشانىسىدىن پۇرقىراپ سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. «ھېلىقى كۈنى كەچتە يانتاق يېزىسىنىڭ باشلىقى قاسىم 15 مىڭ يۈەن سېلىنغان قىزىل بولاقنى بەرگەندە، ئۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بولمىسا، كىم بىلىپ قالغاندۇ؟ ئەيسا بۇجاڭدىن چاتاق چىقتىمۇيا؟» باسىت كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان ئىدى. يانتاق يېزىسىنىڭ باشلىقى قاسىمنىڭ بالىسىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىشتا ھەقىقىي قىيىن ئۆتكەل ئەيسا بۇجاڭ ئىدى. دەرۋەقە، يېزا باشلىقى قاسىمنىڭ ئەيسا بۇجاڭغا سۇڭگۇتكەن قىزىل بولىقى باستىنىڭكىدىن تۇم بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. مۇبادا ئەيسا بۇجاڭ كۇكۇلىسىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويغان بولسا، ئاخىر باستىنىڭمۇ چېتىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇ يۇقىرىقىلارنى ئويلىغاندا خۇددى بىرسى بېشىغا بىر

چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى.

باست كېچاك ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىپلا ھېلىقى ئىگە-سىز خەتنى چىقىرىپ ئايالىغا كۆرسەتتى. ئايالى ئۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۇنىڭغا:

— باشقىلار سېزىپ قالغاندىكىن پۇلنى قايتۇرۇۋەتسىڭىز ياخشى بولارمىكىن، بىز پۇلنى دەپ ئىستىقبالىمىزنى نابۇت قىلساق بولمايدۇ، — دېدى.

ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئايالىنىڭ پىكرىنى قوبۇل كۆردى-دە، ئىشنى كىچىكتۇرمەسلىك ئۈچۈن دەرھال ھېلىقى پۇلنى ئېلىپ يانتاق يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى.

يېزا باشلىقى قاسىم باستنى كۆرۈپ قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ باستنى خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەن چېغى دەپ خۇشامەت قىلىپ قىلمىغان قىلىقى قالمىدى. باست ھېلىقى پۇلنى سومكىسىدىن چىقارغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە تۇيۇقسىز يوقاپ قېتىپلا قالدى. ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— نېمە ئىش بولدى، كېچاك، پۇلنى ئاز كۆرگەن ئوخشىمامسىز؟ مەن يەنە قاراپ تۇرمايتتىم، سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قولۇم دائىم كۆكسۈمدە ئىدى، — دېدى.

باست خىجىللىق ئىچىدە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بۇ پۇلنى ئالسام بولمىغۇدەك، بالىنىڭ ئەسكەر بولۇش مەسىلىسىنى پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلايلى، — دېدى.

ئۇلار پۇلنى بىرھازا بىر-بىرىگە ئىتتىرىشتى. يېزا باشلىقى قاسىم باستنىڭ بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ياۋاشلىق بىلەن پۇلنى قولىغا ئالدى-دە، بالىسىنىڭ ئەسكەر بولۇش ئارزۇسىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچىگە تىندى.

باست، قاسىمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى-دە، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

دەرۋەقە، بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ناھىيىلىك ئەسكەر قو-
بۇل قىلىش كومىتېتى قوبۇل قىلىدىغان ئەسكەرلەرنى تەستىقلاپ
چاقىرىق قەغىزى تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يانتاق يېزىسىنىڭ
باشلىقى قاسىمنىڭ بالىسىمۇ بار ئىدى.

بۈگۈنكى يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۇزۇتۇش يىغىنى داغدۇغىلىق
ئېچىلىپ، خەلق قوراللىق بۆلۈمى باشلىقى ئەيسا سۆز قىلىپ
كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، ئىككى ئايغا يەتمەي
يانتاق يېزىسىنىڭ باشلىقى قاسىمنىڭ ئوغلى قىسىمدىن قايتىپ
كەلدى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇققان يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار
خىزمەت گورۇپپىسى ئەۋەتىپ ئەسكەر قوبۇل قىلىشتىكى يوچۇق-
لارنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەيسا بۇجاڭنىڭ قو-
بۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن 15 مىڭ
يۈەندىن پارا ئالغانلىقى ئېنىقلىنىپ، ئۇنى پارتىيىدىن چىقىرىپ،
قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇ-
رۇپ بەردى. ئۇزاققا قالماي باست بۇجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.
ئۇنى دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەبرىكلەپ
كېلىشتى. تاماق ئۈستىدە بولۇشىغا ئىچىپ تازا كەيىپ بولدى.
ئۇ مېھمانلارنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان
ھالدا ئايالىغا:

— راست گەپنى دېسەم، مېنى بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتۈر-
گەن ھېلىقى نامسىز خەتنى يازغان مېھرىبان كىشىگە ئوبدان
رەھمەت ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ! — دېدى.

ئايالى ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويىدى - دە، تارتمىنى
ئېچىپ:

— قاراڭ بۇ نېمىكەن؟ — دېدى.

باست كەيپىلىكتىن خۇمالىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يېرىم
ئېچىپ قارىۋىدى، تارتمىدا تېخى ئەۋەتمىگەن ئىككى پارچە خەت
تۇراتتى، ئۇنىڭ پوچېركىسى ئۆزىگە ئەۋەتكەن خەتتىكى پوچېركا

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى.

ئايالى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئەگەر ئالدىدا ئەۋەتكەن خېتىم ئۇنۇم بەرمىگەن بولسا، مەن بۇ ئىككى پارچە خەتنى يەنە ئەۋەتمەكچى ئىدىم، — دېدى.

بۇ ۋاقىتتا باستىنىڭ مەستلىكى تامامەن يېشىلىپ، ئايالىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ-لا قالدى.

2004 - يىل 2 - ئاي، ئۈرۈمچى

# «ئاغىنەم» نىڭ ھۈنىرى

ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئايرودرومدىن قوزغالغان يولۇچىلار ئايروپىلانى لەرزان كۆتۈرۈلۈپ، غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. قىزىق كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە قەشقەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قاپتىمەن. چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىدا ئايروپىلان دېرىزىسىدىن ئانا دىيارىمغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىمدا، ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالىرى، گۈزەل رەتمۇرەت شەھەر بازارلىرى شۇنچە يېقىن ۋە ئازادە بولۇپ كۆرۈندى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئانا يۇرتۇم قەشقەردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا، ئالىي مەكتەپكە بىلىم كەۋ- سىرى بىلەن تەشنالىقىمنى قاندۇرۇش ئۇچۇن ماڭغانىدىم.

ئانا يۇرتۇمغا يېتىپ كەلگىنىمدە، ئايرودرومغا چىقىپ، بىرىنچى بولۇپ مېنى كۈتۈۋالغان كىشى — كونا خىزمەتدىشىم ۋە ئاغىنەم مۇھەممەت بولدى. مەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، كۆ- تۈش زالىدىن چىقىشىمغىلا ئۇ مېنى قولتۇقلاپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— قانداق ئەھۋاللىرى، تەنلىرى تازىمۇ؟ يول بويى كۆپ جاپا چەكتىلە، ئۆزلىرىگە ئەجەبمۇ تەقەززا بولدۇق. كۆزلىرىمىز- نىڭ گۆھىرى ئېقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى...

سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى كۈلكىدىن يۇمۇ- لۇپ، يوغان ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى.

— مەنمۇ ھەربىرلىرىنى بەك سېغىنىدىم، — دېدىم، مېنى ئالغىلى كەلگەن كىچىك ماشىنا تۇرغان تەرەپكە ئىتتىك بۇرۇلۇ- ۋېتىپ، ئەمما، ئۇنىڭ شۇ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن كۆڭلۈم بىر

www.uyghurkitap.com

قىسمىلا بولۇپ قالدى.

ماشىنا تاش يولدا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، سوڭىكى ئاس-فالت يولغا چىقتى ـ دە، بىر خىل سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتى. قۇياش نۇرى ماشىنا ئەينىكىدە جۇلالايتتى. ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، بېشىمنى ئالدىمدىكى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە قويۇشۇم بىلەن تەڭ، مۇھەممەت يەنە كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئۇ ھىجىياتتى، ئىگىلەتتى، قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى دەيتتى. . . يەنە بېشىمنى كۆتۈردۈم، يانتۇ بولۇپ ئولتۇردۇم. خىيالىم ئۆتمۇشكە كەتتى.

* * *

مۇھەممەت بىلەن ئىككىمىز بىر ھويلىدا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ھەربىيلىككىمۇ بىر ۋاقىتتا كىرىپ، بىر لېيەنگە تەقسىم قىلىنغاندۇق. ئۇ تىرىشچان، خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى، ھەر يىلى ئىلغار بولۇپ باھالىناتتى، بىز جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە ئىدۇق. بار نەرسەمنى ئۇنىڭدىن ئايىمايتتىم. بىز شۇنداق يېقىن ئىدۇق.

بىركۈنى ئىزدەپ ياتاقغا كىرسەم، ئۇ يوتقانغا پۈركۈنۈپ يېتىپتۇ. باشقىلاردىن سورىسام: «بىرنەچچە كۈن بولدى، كې-سەلمەن، دەيدۇ» دېدى، ھال سوراپ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇ يېرىم يىللىق باھالاشتا ئىلغار باھالىنالمىغانلىقتىن، روھى چۈ-شۈپ كەتكەنىكەن، مەن ئۇنىڭ شان ـ شەرەپكە توغرا مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن سەمىمىي مەسلىھەت بەردىم. ئۇ بۇنى قوبۇل كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، يىللىق باھالاشتا يەنە ئىلغارلار قاتارىغا قوشۇلدى. پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، كادىرلىققىمۇ ئۆستۈرۈلدى. شۇڭا، ئۇ مېنى كۆرگەنلا جايدا: «مېنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمگە سىلىنىڭ ياردەملىرى سەۋەب بولدى، مەن سىلىنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەر

ۋاقىتتا ئۇنتۇمايمەن!» دەيتتى. مەن: «ياق بۇرادەر، بۇ ئۆزۈڭ-
نىڭ تىرىشچانلىقىدىن كەلگەن» دەپ ئۇدۇل جاۋاب بېرەتتىم.
كېيىن، مەن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ، مۇھەممەت مېنىڭ
ئورنۇمغا تۇەنجاڭ بولدى. ئالاھازەل يېرىم يىلدىن كېيىن، خىز-
مەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ مەزكۇر تۇەنگە كەلدىم. بىر كۈنى
مۇھەممەت مېنى 3 - لىيەنگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن
بىزگە ئۇدۇل كېلىپ قالغان بىر ياش ئوفىتسېر ھەربىيلەرگە
خاس قىياپەتتە سالام بېرىپ يول بوشاتتى. مەن بۇ بەستلىك
كەلگەن يىگىتنىڭ چەبدەس ھەرىكىتىگە قايىل بولۇپ كېتىۋاتقى-
نىمدا، مۇھەممەت:
— يولداش كومىسسار، دىققەت قىلدىلىمۇ، ھېلىقى ياش
ئوفىتسېرنىڭ ئىسمى مۇرتىزا بولىدۇ. ھەربىي ئىنستىتۇتنى
پۈتتۈرۈپ يېقىندا قىسىمىمىزغا كەلگەنىدى. ئىككى ئايغا يەتمى-
گەن ۋاقىت ئىچىدە، تۇەن باشلىقلىرىدىن تارتىپ، ئەسكەرلەرگە
قەدەر ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ شاپاش-
لاپ يۈرۈيدۇ. ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، ئۇ باشلىقلارنى كۆرسە، نېمە
ئۈچۈندۇر قايماقتەك يۇمشاپ كېتىدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭ باشقىچە
غەرىزى باردەك قىلىدۇ، — دېدى ۋە ياقتۇرمىغاندەك قىلىپ
ھىجىيىپ قويدى. مەن ئۈنچىقماي ماڭدىم. تۇەن شتابىدىن چى-
قىپ تېخى ئىككى يۈز مېتىرمۇ يول ماڭمىغانىدۇق، مۇھەممەت
بىر كەينىمگە، بىر ئالدىمغا ئۆتۈپ پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.
كىچىككىنە ئېگىز - پەس يولدىمۇ قولتۇقۇمدىن يۆلەيتتى، توپا
قونغان كىيىملىرىمنى ھە دەپ قېقىشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ
بۇ قىلىقى بىلەن ھېلىقى ياش ئوفىتسېر توغرىسىدا قىلغان سۆزى
بىر - بىرىگە تامامەن زىت ئىدى. مەن چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ
قالدىم ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدىم. لېكىن، ئۇ
بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن، ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ
كېتىۋەردى.

ھەش - پەش دېگۈچە ياز كېتىپ، سېخىي كۈز يېتىپ كەلدى. ئەسكەر قىسقارتىش، شتاتنى ئىخچاملاش ھەققىدىكى يوليورۇققا بىنائەن بىزنىڭ قىسىممىز شتات قىسقارتىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. مەن تەقسىمات كۈتۈپ، «ھوقۇقسىز» كادىرلار قاتارىغا قوشۇلدۇم، بۇنىڭ بىلەن ئاغىنەم مۇھەممەتنىڭ مۇرەمدىكى قولىمۇ تەدرىجىي پەسكە چۈشتى. كېيىن قارىسام، ئۇنىڭ قولى باشقا بىر باشلىقنىڭ مۈرىسىگە قويۇلغان بولۇپ، بۇ رەھبەرنى پەرۋانىدەك ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

* * *

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتى. مەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدىم، مۇھەممەت بىزنىڭ ئۆيگە پەقەتلا يولىمايدىغان بولدى. كېسىلىممۇ بارغانسىرى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. بالىلىرىم خاتىرجەم بولالماي، مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى. قول هارۋىسىنىڭ ئوڭ يان تەرىپىدە هاسىراپ - هۆمىدەپ كېتىۋاتقان ئايالىم رەنانىڭ چىرايىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر غەمنىڭ ئىپادىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر چاقىرىمدەك يول باسقاندىن كېيىن، مۇھەممەت «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپتا ئولتۇرۇپ ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ئوغلۇم ئەركىنىڭ كۆزلىرىدە كۈتمىگەن خۇشاللىق جىلۋە قىلدى - دە، ئىختىيارسىز هالدا يول چېتىگە چىقىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ماشىنىنى توسۇپ:

— مۇھەممەت ئاكا، دادامنىڭ كېسىلى بەكلا ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئېغىر كۆرمىسىلە، ئۆتەر يوللىرى بولغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا ئالغاچ كەتسىلە بوپتىكەن، — دېدى ئۆتۈنۈك قىلىپ. ئەركە، مەغرۇر ئۆسكەن ئوغلۇمنىڭ چىرايىدىكى يېلىنىش ئالامىتىنى كۆرۈپ يۈرىكىم زىڭىلداپ كەتتى.

ئاستىلاپ كەلگەن ماشىنىدىن بېشىنى چىقارغان مۇھەممەت ئۇنى مەنىستىمىگەن هالدا:

— ئۇكام، شۇنداق قىلسامغۇ ياخشى بولاتتى، مەن جىددىي ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن، يولىمىزمۇ بىر ئەمەسكەن، — دېدى - دە، چاڭ - توزان ئىچىدە غايىب بولدى. بالامنىڭ خۇشاللىق چاقنىغان كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. مەنمۇ هوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

مەن ئېسىمگە كەلگەندە، قول هارۋىسىدا ئەمەس، بالىنىستا ياتاتتىم. مەن بىلەن ياتاقداش كىشى دەل مۇھەممەتنىڭ بىۋاستە باشلىقى ئىكەن. ئۇ ماڭا:

— بۇرادەر، كېسەل بىلەنمۇ ئويناشقان بارمۇ؟ كېسەللىرى شۇ دەرىجىدە ئېغىر تۇرسا، مۇھەممەت تۈەنجاڭ يول ئۈستىدە سىلىنى ئېلىۋالاي دېسە، نېمىشقا ئۇنىمىدىلا؟ — دېدى ئۆكۈنۈش بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاۋېتىپ، بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولۇپ، ئۆزۈمنى تامامەن يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدىم.

ئادەم بالىسى هەرقانداق ئاچ - يالىڭاچلىق، دەرت - ئەلەمگە چىدىشى مۇمكىن، بىراق، يېقىن دوستى تەرىپىدىن ئالدانغاندا، خورلانغاندا مۇنداق ۋاپاسىزلىققا، يۈزسىزلىككە چىداپ تۇرۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

* * *

شوپۇرنىڭ ماشىنىسىنى تورمۇزلىشى، مېنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلىرىمنى قاپ بەلدىن ئۈزۈۋەتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۆيۈم ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن.

دەم ئېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا، ئىشقا چۈشۈش ئۈق-

تۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئىككى كۈن شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەت-تى. مەن ئىشقا چۈشتۈم. ئىشخانىغا كەلگىنىمگە تېخى بىر سائەتمۇ بولمىغانىدى. كاتىپ ئىمام تەستىقلىتىش ئۈچۈن بىر دوكلاتنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ:

— مۇبارەك بولسۇن! مەرتىۋىڭىز يەنە كۆتۈرۈلگىدەك، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

توساتتىن سورالغان بۇ سوئال مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. مەن:

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — دەپ سورىدىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ.

— مۇھەممەت تۆەنجاڭ.

ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن قويىقا چىچىم تەتۈر ئۆرۈلدى - دە، تېرىكىپ:

— بىكار گەپ، ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنگۈچى بولما! — دېدىم.

«تەمەخور ئۆزۈن قولاق كېلۇر» دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەي، يۇقىرىنىڭ مېنى ئۆستۈرگەنلىكى ھەققىدىكى رەسمىي بۇيرۇقى ئوتتۇرىدا ئېلان قىلىندى. شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بارسام، مۇھەممەت تۆەنجاڭ ئۈستىبېشى لايغا مىلەنگەن ھالدا لاي كۆلچىكى ئىچىدە لاي ئېتىۋېتىپ، بىرمۇنچە جەڭچىگە ھويلا ئا-رامىنىڭ قەيىرىنى تازىلاش، قانداق سەرەمجانلاشتۇرۇش، قانداق بېزەش، توخۇ كاتىكى، سەي ئورىلىرىنى قانداق رېمونت قىلىش ھەققىدە «تەلىم» بېرىۋېتىپتۇ.

«توۋا، بۇ نېمە ئىش!» دەپ قالدىم ئۆز - ئۆزۈمگە. مۇھەممەتنىڭ بۇ بىھۇدە رەڭۋازلىقىغا قاراپ غەزىپىم تاشقانىدى. ئەمما ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ:

— تۆەنجاڭ، بۇ ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلالايمىز. سىزدە ھە-

قىقەتەن باشقىلارغا ياردەم قىلىش نىيىتى بولىدىغان بولسا، كو-
چىلاردا دۈۋىلىنىپ تۇرغان ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاۋ-
ۋال خەلققە ياردەم قىلىڭ، — دېدىم.

1989 - يىل 4 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# يىراقتىن كەلگەن خەت

شەنبە، مۇھەممەت كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مېڭىسىنى بىرئاز دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، گازارما يېنىدىكى باغقا كىردى. ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى گۈپپىدە دىمىغىغا ئۇرۇلدى. بىرقۇر ئايلىنىپ باغنىڭ شەرق تەرىپىدىن يانداپ ئۆتىدىغان ئاسفالت يولغا چىقتى. ھەر خىل ماشىنىلار ئۇياقتىن بۇياققا ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. يول بويىدىكى سۇۋادانىنىڭ ئەمدىلا تەڭگە بولغان يۇمران يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ، كىشىگە زوق بېغىشلايتتى. ئۇنىڭغا كۆز تىككەن ھالدا لېيەننىڭ ئەتىكى خىزمەتلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ مېڭىشتىن توختاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، لېيەننىڭ كاتىپى ھەسەنجاننى كۆردى، ئۇ كېلىپ بىر پارچە خەتنى بەردى. خەتنى قولىغا ئېلىپ كونۋېرتتىكى ئىنگلىزچە يېزىلغان ئادرېسنى كۆرۈپ بىرئاز ئەجەبلەندى. بۇ خەتنىڭ چەت ئەلدىن كەلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. «چەت ئەلدە تۇغقىنىم ياكى تونۇشۇم بولمىسا كىمدىن كەلگەندۇ؟» ئۇ خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ تۇرۇپ قالدى...

* * *

... قەھرىتان قىش. سوغۇق شامال قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يېزا ئۇستىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، قاپقارا تۈگۈلۈكلەردىن ئۆي ئىچىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ ئىس ياندۇراتتى. پاكار - پاكار ۋەيرانە ئۆيلەر ئىس بىلەن توشۇپ كۆزنى

ئاچقىلى بولمايتتى. مانا شۇنداق سوغۇق قىش كۈنىدە يېزىنىڭ
قارلىق يولىدا بىر يۇدۇم يۇلغۇن شېخى يۈدۈپ كېلىۋاتقان ئوتتۇز
ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر كىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ-
نىڭ ئۇچىسىدا نەچچە يېرىدىن يامالغان ماتا چاپان، ۋەتۆەرىكى
چىقىپ كەتكەن يالاڭ تامبال بار ئىدى.
ئۇ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان ئۆيگە ئاز قالغاندا،
ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ: «ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ مېنى قۇتۇلدۇ-
رۇڭلار!» دېگەن ئاھ - زارىنى ئاڭلاپ، كەينىگە قارىغىنىچە
چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى. قىزىل تېۋىلغا ساپلىق ئۆرۈم قامچا
كۆتۈرگەن چارساقال سېمىز بىر ئەر كىشى، ئورۇق، كىيىملى-
رى جۇل - جۇل بىر بالىنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى.
— ھەي، قەلەندەرنىڭ بالىسى، سەن تېخى مېنىڭ زىرائە-
تىمنى چەيلەپ دەسسىگۈچى بولدۇڭما؟...
قېچىۋاتقان بالا يۇلغۇن يۈدىۋالغان كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ:
— دادا قاچ، — دېدى - دە، ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان
ياندىكى ھويلا تېمى ئىچىگە ئۆزىنى يوشۇردى. ئەسەتقارىي، بۇ
ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى.
«زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ نىيازبەگ نېمە ئۈچۈن ئوغلۇم مۇ-
ھەممەتنى قوغلاپ يۈرۈيدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بولغۇچە، كۆزلىرى
قىزارغان نىيازبەگ كېلىپ قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي، يول-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ تۇرغان ئەسەتقارىينى كۆرۈپ:
— ھە، ئەسەت قەلەندەرمىدىڭ؟ ماڭا ئوبدان ئۇچراشتىڭ.
بالاڭ ھارامزادە ماڭا بىھۆرمەتلىك قىلدى، سەن گەدەنكەش قەلەن-
دەرلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي، — دېدى خىرقىراپ ۋە
ئەسەتقارىينى قامچا ئاستىغا ئالدى.
— خۇدا ھەققى بېگىم، بالام پوق يەپ ئېتىزلىرىدا مېڭىپ

سالغان ئوخشايدۇ. كەچۈرسىلە، — دېدى تارىم قىلىپ ئەسەتقا-
رىي قورقىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، بەگ تام كەينىگە ئۆرتۈپ
مۆكۈۋالغان مۇھەممەتنى قامچىلاشقا باشلىدى، بەگ ئۇنى ۋەشىپ
توختاي دېمەيتتى. ئەسەتقارىي غەزەپكە تولدى - دە، قانغا مىلى-
نىپ ياتقان جانجىگەر بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى.

— ھەي ئىنساپسىز بەگ! ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ سەنلەرگە ئىشلەپ، ئۆزىمىز تېرىپ، ئۆزىمىز ھەيدەپ بەرگەن ئېگىزلىقتا بىرەر قېتىم دەسسەپ سالساق نېمە بوپتۇ؟ . . . ئەل قىساسى مىنەلھەق! سەندىن قىساس ئالىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر ئىلاھىم . . . — دەپ مۇزلاپ تىترەۋاتقان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە خۇداغا نالە قىلدى ئەسەتقارىي.

ئۆچ ئېلىش ئەسەتقارىينىڭ كۆڭلىدىن چىقمىدى. ئۇ بىر كېچىسى بەگنىڭ قورۇسىغا چۈشۈپ، ئايۋاندا بەخىرامان ئۇخلا- ۋاتقان نىيازنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ئاندىن ئائىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سەبىي بالىلىرىغا «خوش» دەپ ياقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . . .

تۈن پەردىسى ئاخىر يىرتىلدى. قىزىل قۇياش دولان دەريا- سىنىڭ ئىككى ياقىسىنى يورۇتتى. مىڭ يىللار مابەينىدە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخلەر قايتا بىخ سۈرۈپ، ئەتراپنى يېشىللىققا چۆمدۈردى. باھار كېلىش بىلەن تەڭ، مۇھەممەت ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەن ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن قىسىم- غا جەڭچى بولۇپ كىردى . . .

ئۇ، ئۇزاققا قالماي تىرىشچانلىقى بىلەن نام قازىنىپ بىر قېتىم بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىككى قېتىم ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ ھەممىگە تونۇلدى.

مۇھەممەت قىسىمدا نۇقتىلىق تەربىيىلىنىدىغان تايانچ كۈچ- لەر قاتارىدا ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى . . .

*  *  *

كەچكى شەپەق نۇر تالالىرىنى تەرەپ - تەرەپكە لىپىلدەك ئېسىپ، چەكسىز دالىنى گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. مۇھەممەت خىيالىدىن ئۆزىگە كېلىپ پىچىرلىدى: «داداممۇ يا؟ شۇنداق، راستلا دادام يېزىپتۇ» ئۇ قولىدىكى خەتنى تۇتقىنىچە يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىردى - دە:

— ئانا دادامدىن كەپتۇ، — دېدى، — ئۆزىگە قاراپ ھاڭ بېقىپ قالغان ھەسەلخان ئاچىغا خەتنى سۇنۇپ.

— ئوقۇپ باققىن بالام، — دېدى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋال- غان ھەسەلخان ئاچا، كۆزىگە ياش ئېلىپ. مۇھەممەت ئوقۇدى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم! مېھرىبان ئايالىم ھەسەلخان، سىز- نىڭ بىكۆيۈم ئېرىڭىز ئەسەتھاجى بولىمەن. ئەينى ۋاقىتتا جاھان- نىڭ تارلىقىدىن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا تاش يۈرەكلىك قىلىپ سىلەرنى تاشلاپ، جان ساقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكە- نىدىم، ھازىر يېشىم بىر يەرگە بېرىپ، پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلى- دى. جان پىدالىق بىلەن تەر تۆكۈپ تاپقان پۇل، مال - مۈلكىم- گە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادىمىم يوق. ئوغلۇم چوڭ بولغاندۇ؟ شۇڭا سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، مال - مۈلكىمگە ئىگىدارچى- لىق قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بى- لەن ئالاقىلىشىپ تۆت كىشىلىك تەكلىپنامە ئەۋەتتىم، كۆزۈم يولۇڭلاردا. . . » دېيىلگەنىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا چوڭ ھەرپلەر بىلەن ئادرېسى ئوچۇق يېزىپ قويۇلغانىدى.

ھەسەلخان ئاچا بىر چاغلاردا مۇشۇنداق مەزمۇندا بىر پارچە خەت كەلگەنلىكىنى غىل - پال ئېسىگە ئالدى - دە، خەت ئەۋەتكەن كىشىنىڭ مۇھەممەتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئەھۋالنى مۇھەممەتكە يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى.

مۇھەممەت قەلەمنى قولىغا ئالدى - دە، جاۋاب مەكتۇپ

يېزىشقا كىرىشتى:

«ئاتا، خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق. سىز بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن قەدىرلىك. لېكىن، ۋەتەن بىز ئۈچۈن تېخىمۇ قەدىرلىك. ھازىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز نامرات ئەمەس، ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز، بىز ۋەتەندىن ئايرىلالمايمىز، ئەگەر ھەقىقەتەن بىزنى، ئەل يۇرتقا مۇھەببىتىڭىز بولسا، بىزنى يات ئەلگە بېرىشكە دالالەت قىلماي، ئانا يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېلىڭ، پۇل - بايلىقىڭىزنى ئانا يۇرتىنى گۈللەندۇرۇشكە سەرپ قىلىڭ، ياخشى كۈتۈۋالىمىز...»

1989 - يىل 7 - ئاي

# بۇزۇلغان قارار

ئاقۇش كۇل رەڭ بۇلۇتلارغا باش قويغان قاراقۇرۇم تاغلىرى كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا ئاسمان يۈزىنى بۇلۇتلار قاپلاپ، تاغ كۆكسىدىكى قاراۋۇلخانىنى دەھشەتلىك چىقىن پاللىدە يورۇتتى ۋە شارقىراپ يامغۇر قۇيۇلدى. بۇ يامغۇر سۇلىرى جەڭچىلەرنىڭ كۆزىدىن ئاققان ھەسرەتلىك ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ھازىدار پامىرنى قايغۇ ـ ئەلەمگە غەرق قىلىۋەتكەنىدى. بارلىق مەۋجۇدات بىر جەڭچىگە ماتەم بىلدۈرۈۋاتقاندەك سۈكۈتتە ئىدى.

قىيا تاغ باغرىغا جايلاشقان قىسىمنىڭ كىچىك، ئاددىي مەجلىسخانىسىدا، بەنجاڭ مەتتۇرسۇننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قاتتىق مۇنازىرە بولماقتا ئىدى. جەڭچىلەر دېرىزە ئەتراپىغا توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ:

— ئۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟

— نەدىكى بىرگەپلەرنى قىلىۋاتىدىغۇ. . .، — دېگەندەك نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلىرى، ئېچىلىۋاتقان يىغىنغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. لېكىن، قاتتىق مىجەزلىك ئوفىتسېرلار يەنىلا ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋاتاتتى. . .

* * *

پېژغىرىم تومۇز كۇنلەردىمۇ چوققىسىدىن ئاق قار، كۆك مۇز كەتمەيدىغان ئېگىز تاغلار ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باغرىدىكى يىلانباغرى ئەگرى -

بۈگرى يولدا كېتىۋاتقان ھەربىي ئاپتوموبىللار گاھ ئۈزۈلۈپ – گاھ پەسلەپ ئاستا يۈرمەكتە ئىدى. مەلۇم قىسىم جەڭچىلىرى يېڭى ۋەزىپىگە ئاتلىنىپ سەپەرگە چىققاندى. جەڭچىلەرنىڭ كۈلكە – چاقچاقلىرى بۇ خىلۋەت تاغ باغرىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئاپتوموبىل يەنە بىر داۋاندىن ئېشىشىغا بەنجاك مەتتۇرسۇن ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشا كۆكنى يېرىپ يىراق – يىراقلارغا تارقالدى.

«مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن، يولدا قويماڭلار مېنى، يولدا قويساڭلار قويۇڭلار، چۆلدە قويماڭلار مېنى. . .»

بۇ ناخشا ھەممەيلەننى روھلاندۇردى. ئۇلار خۇددى نۇرغۇن جىرادىن ئېقىپ كەلگەن تارامدىن ھاسىل بولغان شاۋقۇنلۇق دەريادەك، ناخشىغا جۆر بولدى. تاغ قوينى باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى.

جەڭچىلەر قونالغۇغا بېرىپ كەچلىك تاماقنى يېدى – دە، ھاردۇق يەتكەچكىمىكىن، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ليەن شتابى ئورۇنلاشقان ئۆيدە يەنىلا چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ليەنجاڭ ئابلا ۋە باشقا ئوفىتسېرلار خەرىتىنى ئېچىپ قويۇپ، جەڭ پىلانى ئۈستىدە خېلى ئۇزاققىچە باش قاتۇردى، ئاخىر بىر قارارغا كېلىشتى. ليەنجاڭ سائەتكە قارىدى – دە، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان سىگنالچىنى ئويغىتىپ، جىددىي يىغىلىش سىگنالى چېلىشنى بۇيرۇدى.

لەرزان چېلىنغان سىگنال ئاۋازى قاراقۇرۇم باغرىدا ياڭرىدى. تاغ – داۋانلار ئەكس سادا قايتۇردى. جەڭچىلەر چەبدەسلىك بىلەن ئورۇنلىرىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ھايت – ھۇيت دېگۈچە سەپكە تىزىلىپ بولدى. ليەنجاڭ ئابلا سەپنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، قەددى – قامىتىنى رۇسلاپ ھەرقايسى بەنلەرگە ۋەزىپە تاپشۇردى.

— يولداشلار، يۇقىرى ئىگىلىگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، چەت ئەلدىن يوشۇرۇن كىرگۈزۈلگەن ئىشپىيونلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن تەشكىللەنگەن ئاز ساندىكى قوراللىق باندىتلار، بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىمىزغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى تورغا تولۇق چۈشۈرۈشىمىز لازىم. 1 - بەن X چوققىنى، 2 - بەن X تۇمشۇقنى ئىگىلەڭلار، 3 - بەن ئالدىدىن توسۇپ زەربە بېرىڭلار! . . .

جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى، ئوق - دورىلىرىنى تەقلەپ، بەلگىلەنگەن نۇقتىغا مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىپ باردى - دە، ئاكوپلارغا ئورۇنلىشىپ باندىتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۈزىتىشكە باشلىدى.

يېرىم كېچە، زېمىن ئۇستىگە قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئىزغىرىن تاغ شامىلىنىڭ سىرلىق ساداسىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. يەنە بىرھازادىن كېيىن، ئات تۇۋىقىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. جەڭچىلەر جىراغا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىشتى باندىتلار بىغەم ھالدا چېگرا تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىتاقەت بولغان جەڭچىلەر بۇيرۇقنىڭ بېرىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئەنە دۈشمەن قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشماقتا، جەڭچىلەر جىددىيلەشمەكتە، دەل شۇ چاغدا كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ ئېتىلغان قىزىل رەڭلىك بەلگە ئوقى جەڭچىلەرنى ھۇجۇمغا ئاتلاندۇردى.

— ئات! — بەنجاڭ مەتتۇرسۇن ۋارقىراپ بۇيرۇق بېرىش بىلەن تەڭ، بىرىنچى بولۇپ قولىدىكى ئاپتوماتنى زۇۋانغا كەلتۇردى. باشقىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچرىغان باندىتلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە خۇددى ئۇۋۇسى

بۇزۇلغان ھەربىلەردەك ئۆزلىرىنى ھەر يانغا تاشلىنىپ جان ساق-
لاش كويىدا قېلىشتى. باندىتلار شاختىن تۆكۈلگەن قارا ئۇچۇمت-
دەك ئاتتىن غۇلىماقتا ئىدى. نىشانسىز، قوماندانسىز قالغان ئون
بىر توپ باندىتلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى قېچىشقا
يۈزلەندى. ئىگىسىز ئاتلارنىڭ ئەنسىز كىشنەشلىرى، ئوقلارنىڭ
ۋىڭىلداپ ئۇچۇشلىرى، جان تالاشتا قالغان باندىتلارنىڭ ئېچىد-
نىشلىق ئاھۇپەريادى قوشۇلۇپ، بۇ تاغ باغرىنى قورقۇنچلۇق،
ۋەھىمىلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. باندىتلارنىڭ ئالدىنقى سىپى
تارمار بولغاندىن كېيىن، ئارقا سىپى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ
خۇدىنى يوقاتقان ھالدا، قالايمىقان ئوق چىقىرىپ بۇسۇپ ئۆتۈشكە
ئۇرۇندى. ئەمما، جەڭچىلەرنىڭ قاتتىق قامال قىلىشى بىلەن،
بىر قەدەممۇ ئالدىغا سىلجىيالمىدى. ئۆزلىرىنى قورام تاشلارنىڭ
دالدىسىغا ئېلىپ قالايمىقان ئوق ئاتقىلى تۇردى، ئىككى تەرەپتىن
ئېتىلىۋاتقان ئوقلار يەرگە يامغۇردەك تاراسلاپ چۈشمەكتە ئىدى،
بەنجاڭ مەتتۇرسۇن، جەڭچىلەرگە مۇھاسىرىنى كىچىكلىتىپ،
ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق قىلدى ـ دە، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ دۈش-
مەن ئۆلۈكلىرى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتتى ۋە توختىماي ئوق
ئۈزدى. شۇ ئەسنادا يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان بىر
باندىت ئۆزىنىڭ قارشىسىدىن چىقىپ قالغان مەتتۇرسۇننى كۆر-
دى ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئوق چىقاردى، ئوق مەتتۇرسۇننىڭ
يان بېشى، كۆكسى، بوينىغا تەگدى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ئوڭ قولى
بىلەن يەرنى تىرىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇدۇل قاراپ ئۆزىگە ئوق
چىقارغان باندىتنى كۆردى ـ دە، بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئاپتو-
ماتنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى. بىر دىسكا ئوقنى قالدۇرماي ئېتىپ،
ھېلىقى مەلئۇننىڭ كۆكرىكىنى تىتما ـ كاتاڭ قىلىۋەتتى، ئۆزد-
مۇ ئاستا يىقىلدى. بارا ـ بارا تاڭ سۈزۈلدى. جەڭچىلەر ئاپتو-
ماتنى چىڭ تۇتۇپ قانغا مىلىنىپ ياتقان مەتتۇرسۇننى كۆردى،
ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى.

— بەنجاڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز!
— باندىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىمىز! . . . — دېگەن سادالار پامىر ئېتىكىگە تارالدى. ئۇلار دۈشمەننى سۈر توقاي قىلىپ، بىرنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماي، پۈتۈنلەي تارمار قىلدى.

* * *

بۈگۈن، جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغان بەنجاڭ مەتتۇرسۇننىڭ دەپنە ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كەسكىن مۇنازىرە بولۇۋاتاتتى. تۈەن شتابىنىڭ كىچىك مەجلىسخانىسى تاماكا ئىسىغا توشقانىدى. تۈەنجاڭ لى چىڭگۈي يەنىلا ئۆز كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ دېدى:
— مەتتۇرسۇن دېگەن ئاز سانلىق مىللەت جەڭچىلىرىنىڭ ئۈلگىسى، ئۇنىڭدەك قەھرىمان جەڭچىنى بىرنەچچە مېتىر رەختكە ئوراپ كۆمۈۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟
— مەن سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن، — دېدى تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قەيسەر لى تۈەنجاڭنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، — بىز ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم.
— نېمە، ئۆرپ - ئادەت، ئۆرپ - ئادەت دېگەن؟ — لى تۈەنجاڭ قەيسەرنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئۇنى مەن دېگەن بويىچە هۆرمەت بىلەن دەپنە قىلىمىز، گۈەنسەينى تەييارلىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئارقا سەپ باشلىقىدىن.
— تەييارلاپ بولدۇق، يەنە ئىچ كىيىم، سىرتقى كىيىمدىن بىرقۇر هازىرلاپ قويدۇق.
— ئوبدان قىلىپسىلەر، ئۇنداق بولسا. . .
تاقىتى تاق بولغان مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار قەيسەر

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— بۇنداق قىلساق بولمايدۇ! — ئۇ جىلە بولۇپ ئەتكەنىدى بۇ بىر جۇملە سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلايتتى. قەيسەر دۆلەت مۇداپىئە ئىنستىتۇتىنى پۇتتۇرگەنىدى. مىجەزىنىڭ ئوچۇق، كىيىك چىك پىئىللىقى، تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تۇەندە ھەممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى، — بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە جەسەتنى گۆەنسەيگە سالمايمىز، يۇيۇپ تاراپ، كېپەنگە ئوراپ يەرلىكىدە قويىمىز، سىز بۇ ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك، ئۇنداق قىلمىساق تەسىرى ياخشى بولمايدۇ.
— نىمە؟ — لى تۇەنجاڭ تاماكىنى قاتتىق شورىدى ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەتتۇرسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر جەڭچىسى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كومپارتىيە ئەزاسى، ئۇنى قەدىرلىمىسەك، يېڭىچە ئۇزاتمىساق بولامدۇ، بىرنەچچە مېتىر رەختكە ئوراپ، چامغۇر ئورىسى كولىغاندەك يەرنى كولاپلا كۆمۈۋېتىدىغان ئۇنداق خوراپاتلىقنى قىلمايمىز.
— يولداش تۇەنجاڭ — قەيسەر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — خوراپاتلىق بىلەن ئۆرپ - ئادەتنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىشىمىز لازىم. گۆەنسەيگە سېلىش خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز — يۇيۇپ كېپەنگە ئېلىپ كۆمۈش.
— بولدى - بولدى، — قەيسەرنىڭ سۆزىنى بۆلدى لى تۇەنجاڭ، — مەن بىرئاز سانلىق مىللەت جەڭچىسىگە كۆيۈنۈپ گەپ قىلىۋاتىمەن. بىز ئۇنى ئاشۇنداق ئاددىي كۆمۈۋەتسەك ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، تەشكىلگە قانداق يۈز كېلىمىز؟ — ئۇ راست ئېچىنىۋاتاتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىنى بىلمىگەچكە كېپەنگە ئېلىپ دەپنە قىلىشقا قوشۇلمايۋاتاتتى، ئەمما، ئۇنىڭ نىيىتى ياخشى ئىدى.

قەيسەر، لى تۇەنجاڭنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت توغرىسىدىكى ئەقىل-لىقلىرى ساۋاتتىنىمۇ بىخەۋەر ئىكەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلاي دېسە، مىللىي جەڭچىلەرنىڭ نارازى بولۇشىدىن ھەتتا ئاممىغا ئاڭلانسا، بۇ سەۋەبلىك تۇپەيلى بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى.

— ئۇنداقتا، — دېدى لى تۇەنجاڭ ئۆز پىكرىنى ئۆتكۈزمەك-چى بولۇپ، — بىز قول كۆتۈرۈپ قارار قىلايلى، مېنىڭ پىك-رىمگە قوشۇلىدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىسە مېنىڭ تەكلىپىم بويىچە بولسۇن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ پىكرى قۇۋ-ۋەتلەنسە، شۇ بويىچە قىلايلى. قېنى مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلى-دىغانلار قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!

يىغىندا قاتناشقان بەش كىشى دەسلەپ بىر ـ بىرىگە قارى-شىپ جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىمۇ نېمىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، نېمىنىڭ خۇراپاتلىق ئىكەنلىكىگە نىسبە-تەن ئېنىق ئۇقۇم بولمىغانلىقتىن، گاڭگىرىشىپ قېلىشقانىدى.

— جىم ئولتۇرىسىلەرغۇ، مېنىڭ پىكرىمگە قېتىلام-سىلەر ـ قېتىلماسىلەر؟ — لى تۇەنجاڭ يەنە سورىدى.

دەسلەپتە سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقى قولىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قەيسەردىن باشقىلار قولىنى كۆتۈردى.

— ئەمىسە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بوي سۇنۇش پرىنسى-پى بويىچە، مەن دېگەندەك قىلايلى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىس-سار قەيسەر ئۆز پىكرىدە قالسا بولىدۇ، — دېدى لى تۇەنجاڭ.

قەيسەرنىڭ كاللىسى گادىرماچ خىياللار بىلەن تولۇپ كەت-تى. ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقى توغرىسى-دىكى چۈشەنچىلىرىمۇ كارغا كەلمىدى. ئەمدىكى مەسىلە مېيىتنى قەيەردە قويۇشتا قالغانىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى قەيسەر ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇ-

رۇپ، — قارارمۇ ماقۇللاندى، مېيىتنى قەيەرگە قويۇش بۇ تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە. بۇ چۆل جەزىرىگە بىر ئىنقىلاۋىي جەڭ- چىنى كۆمۈپ قويۇپلا كەتسەك بولماس، بىرئاز چىقىم بولسا بىزدىن كېتىدىغىنى ناھايىتى شۇ ئازراق ئاپتوموبىل مېيى، ئۇنى يۇرتىغا ئاپىرىپ يەرلىكىدە قويساق، بۇنىڭ تەسىرى ياخشىراق بولارمىكىن دەيمەن.

— بۇ پىكرىڭىزنى ئويلىشىشقا بولىدۇ، — لى تۈەنجاڭ بىرىنچى بولۇپ ئىپادە بىلدۈردى، — ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشى- مىز كېرەك.

— مېيىتنى مەن ئېلىپ باراي، — دېدى قەيسەر.

— بولىدۇ، سىز تەييارلىق قىلىڭ، — دېدى لى تۈەنجاڭ ئۇنىڭغا. ئاندىن يېنىدا تۇرغان ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ باشلى- قىغا قارىدى، — سىز مېيىتقا يېڭى كىيىم - كېچەك كىيدۈرۈپ، گۈەنسەيگە سېلىپ، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىغا بېسىشقا مەسئۇل بولۇڭ!

شەرقتىن بالقىغان قۇياش ئالتۇن نۇرىنى قارلىق چوققىلار- دىن ھالقىتىپ، قاراقۇرۇم ئېتىكىگە تەكشى چاچقانىدى، قىزىل كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ئېگىز - پەس تاغ يولىدا ئاستا چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇستىدە ئول- تۇرغان بىرنەچچە جەڭچى گۈەنسەيگە قاراپ ئاچچىقتىن نېمە دېيە- شىنى بىلمەي قېلىشقانىدى. قەيسەر كابىنكا دېرىزىسىدىن ئېگىز - ئېگىز چوققىلارغا نەزەر تاشلاپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا كېتىۋاتاتتى. «شۇ تاپتا مەتتۇرسۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ يىغلىشىۋاتقاندۇ؟ ئۇلارغا قانداق تەسەللى بېرىش كېرەك؟ . . . » ئۇ ئويلىغانسېرى باش - ئايىغى يوق خىيالغا پېتىپ ھەسرەتلىنەتتى. ماشىنىنىڭ بىر چاقى كا- تاڭغا چۈشۈپ كېتىپ قاتتىق سىلكىندى. قەيسەر قاباھەتلىك چۈشتىن ئۆزىگە كەلدى. «ئەگەر مەتتۇرسۇننىڭ ئۇرۇق - تۇغ-

قانلىرى ئۇنى گۇەنسەيگە سېلىپ ئەكەلگىنىمىزنى بىلىپ قالسا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. . .» بۇ ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ «ماشىنىنى توختىتىڭ!» دەپ شوپۇرغا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ماشىنا بىر تۇزلەڭلىكتە توختىدى، ئۈستىدىكى جەڭچىلەر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، يەرگە چۈشكەن قەيسەرگە قاراشتى.

— ھەممىڭلار چۈشۈڭلار! — دېدى قەيسەر.

جەڭچىلەر قاپاقلىرى ساڭگىلىغان، روھى چۈشكەن ھالدا بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئالدىرىماي چۈشۈشتى.

— يولداشلار سىلەرگە شۇنى تاپىلىماقچىمەن، — دېدى قەيسەر مەيۈسلەنگەن جەڭچىلەرگە تەمكىن كۆز سېلىپ، — مەتتۇرسۇنىنىڭ جەسىتىنى گۇەنسەيگە سالغانلىقىمىزنى ھېچكىم ئېغىزدىن چىقارماسلىقى كېرەك، بۇ مېنىڭ بۇيرۇقۇم.

— مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بۇ قانداق گەپ، — دېدى مەتتۇرسۇنىنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق بەنجاڭ بولغان جەڭچى، — گۇەنسەيگە سالغىلى ئۇنىمىساق، بۇ تۆەنىنىڭ قارارى دەپ جەسەتنى مەجبۇرىي گۇەنسەيگە سالغۇزدۇڭلار، ئەمدى قوپۇپ ھېچكىمگە دېمەڭلار دەيسىز، بۇ زادى قانداق ئىش؟

— ئۇكام، بىزدە «ئالدىرىمساڭ غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ» دېگەن گەپ بار، گەرچە بۇ ئىش تۆەنىنىڭ قارارى بىلەن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ قارار ئاخىر بۇزۇلىدۇ.

جەڭچىلەر مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار قەيسەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىگە قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ رازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى يۈرتقا ئون نەچچە كىلومېتىر قالغاندا، قەيسەر ئاپتوموبىلنى توختاتقۇزدى - دە، جەڭچىلەرگە گۇەنسەينى چۈشۈرۈشنى ئېيتتى، جەڭچىلەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە

گۇەنسەينى چۇشۇرۇپ ئىغىزىنى ئىچىپ، مەتتۇرسۇننىڭ جەسە-تىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن ئالدى، گۇەنسەينى بىر دالدىغا قويۇپ قويۇشتى. ئۇلار جەسەتنى نوسۇلكىغا سېلىپ ئاپتوموبىلغا ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن «بېيجىڭ» ماركىلىق بىر جىپ ماشىنا توپا توزىتىپ يېتىپ كەلدى.

— توختاڭلار، — دەپ ئالاقزادىلىك بىلەن ۋارقىرىدى لى تۇەنجاڭ ئالدىراشلىق بىلەن جىپتىن چۇشۇۋېتىپ.

«ئاپلا! — دېدى قەيسەر كۆڭلىدە تۇەنجاڭنى كۆرۈپ، — بۇ ئادەم ئەمدى ئىشىمنى بۇزىدىغان بولدى.»

— مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، مەن سىلەرگە يېتىشەل-مەي قالارمەنمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەندىم، كۇتكىنىمگە يارىشا يېتىشىۋالدىم، — ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يۇقىرىدىن تېلېفون كەپتىكەن، مەن مەتتۇرسۇننىڭ ئۆلۈم ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش قارارىمىزنى ئېيتسام دىۋىزىيە سىياسىي كومىسسارى قايناپ كەتتى. سىزنىڭ گېپىڭىزگە سەل قارىغىنىم ئۇچۇن ناھايىتى پۇشايمان قىلدىم، مەن خاتا قىپ-تىمەن. . . ، — ئۇ قىسمىدىن ئىلىپ كەلگەن ئون نەچچە مېتىر ئاق رەختنى قەيسەرگە بەردى.

جەسەت كېپەنگە ئىلىنغاندا، ئۇ ئۆينىڭ سىرتىدا تاماكا چې-لىپ ئولتۇردى. جامائەت تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ماڭ-غاندا، ئارقىدىن قارا كۆرۈنۈش مېڭىپ قەبرىستانلىققا يېقىن كەلدى. يىراقتىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۆز جەڭچىسىگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلىدى.

1971 ـ يىل 5 ـ ئاي

# ئەل ئوغلى

باش كۆز، پامىر چوققىلىرى تۇنجى قار بىلەن قاپلانغان
بولۇپ، گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. تاغ باغرىدىكى تۈزلەڭلىك-
لەردە ئاپئاق قاردىن لېچەك تاقىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى قۇياش
نۇرىدا خۇددى كۈمۈش تەڭگىدەك يالتىرايتتى. تاغ ئېتىكىگە
جايلاشقان بۇ ناھىيىنىڭ كەڭرى كەتكەن زېمىنىدا چوقچىيىپ
تۇرغان ئۆي - ئىمارەتلەردىن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى-
نىڭ خېلى ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى
بولاتتى. ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسى بۇ ئۆزگىرىش ۋە مەئىشەت-
لىك كۈنلىرىنى ھاكىم شامىلنىڭ تۆھپىسى دەپ بىلەتتى. چۈن-
كى، نەچچە يىللار ئىلگىرى، بۇ ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ
ھال كۈنى تولىمۇ ناچار ئىدى. شورلۇق تۇپراق خەلقنىڭ
قان - تەرىگە تۈشلۈق ھوسۇل بەرمەيتتى. شامىل ھاكىم قاچان
بۇ يۇرتتا پەيدا بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ دېھقانلارنىڭ كۈنى
ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شامىل ھاكىم ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق
كەلگەن، بۇغداي ئۆڭ، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى خىزمەت تەج-
رىبىسى مول كىشى بولۇپ، دائىم تاقىۋالىدىغان قوڭۇر رەڭلىك
كۆزەينىكى ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقانىدى. بۇگۈن ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ دەرۋازا ئالدىدىن كوچى-
نىڭ ئېغىزىغىچە ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەت، يېزىلاردىن بو-
لۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يولنىڭ ئىككى چېتىگە تىزىلغان بو-
لۇپ، ئۇلار ھاكىمنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى قوللىرىغا گۈل دەستىلەرنى ئېلىشقان بولۇپ، چىرايى-
دىن ئايرىلىشقا قىيماسلىق چىقىپ تۇراتتى. كىشىلەر ناغرا -

سۇنايلارنى ياڭرىتىپ، ئۇسسۇللارنى ئويناپ ھاكىمنى باغىدۇغد-
لىق ھالدا ئۇزىتىپ قويدى. ئۇزىتىش سېپىدە توپ-توپ بولۇپ
تۇرغان كىشىلەر بىر - بىرىگە قاراپ: «ھاكىمنى يۆتكەپ كەت-
مەي، يەنە بىرقانچە يىل ناھىيىمىزدە ئىشلىگىلى قويغان بولسا
يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتى تېخىمۇ يېڭى تۈس ئالغان بولاتتى» دەپ
غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— كادىر دېگەن دۆلەتنىڭ، ئامال قانچە؟ — دېدى يېشى
يەتمىشكە يېقىنلىشىپ قالغان قاۋۇل بوۋاي ئەتراپتىكى ئاممىغا
قاراپ.

— شامىل ھاكىمنىڭ ۋىلايەتكە ئۆسكىنى كاتتا ئىش بولدى!
تەشكىلنىڭ كۆزى بار ئىكەن، — دېدى بادام دوپپىلىق، بۇرۇت-
لۇق ئادەم، — ئۆسسە، مۇشۇنداق ئادەم ئۆسسە بولىدۇ زادى!

— بۇ ئادەم ۋىلايەتكە بارسا خەلققە تېخىمۇ كۆپ ياخشى
ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ.

خەلق ئاممىسى مانا مۇشۇنداق غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا ھاكىم
ئولتۇرغان پىكاپ ئاممىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئاستا قوز-
غالدى. سانسىزلىغان قوللار «خوش» دېگەن مەنىدە ھاۋادا ئېسى-
لىپ قالدى. سانسىز كۆزلەردىن ياش ئەگىدى، يولنىڭ ئىككى
قاسنىقىدىكى دەرەخلەرمۇ خۇددى قايغۇرغاندەك سۈكۈتتە تۇراتتى.

* * *

بۇك - باراقسان سۇۋادانلار سايە تاشلاپ تۇرغان تۈپتۈز
ئاسفالت يولدا «نىيۇتۇ» ماركىلىق پىكاپ ۋىلايەتكە قاراپ ئۇچقان-
دەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شوپۇرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان
شامىلنىڭ چىرايىدىن ئۆزىنىڭ بۇ ناھىيىدە ئۆتكەن بىرقانچە
يىللىق ھاياتىدىن تولىمۇ رازى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شا-
مىل سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا نەچچە يىللار

ئىلگىرىكى ئىشلار خاتىرىسىگە ئەسىر بولدى.

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. يولۇچىلار بېكىتى ئالدىدىكى مېھمان- خانا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكا بېكەت ھويلىسىدىكى قاتار تىزىلىپ كەتكەن ئاپتوبۇسلارنى، مەيدان ئوت- تۇرىسىدىكى تۆمۈر رېشاتكىلىق گۈللۈكلەرنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇ- راتتى. بىر چاغدا ياتاقلارنىڭ چىراغلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېنىپ، تاڭ ئاتقانلىقتىن دېرەك بەردى. سەپەر ھاردۇقى يەتكەن يولۇچىلار تاتلىق ئۇيقۇدىن كەچكۈسى كەلمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى. بېكەت قورۇسىدىكى ئاپتوبۇس، ئاپتوموبىل- لارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بېكەت ئىچىنى بىر ئالغاندى.

ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىۋاتقان شامىل ئورنىدىن تۇردى - دە، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئاپتوبۇسقا قاراپ ماڭدى. ئۇ مەملىكەت بويىچە كەمبەغەل ناھىيە- لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئانا يۇرتى شورئاۋات ناھىيىسىگە كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرى- دىغان يۇرتىنى قانداق ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى ئويلار ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇگۈن، يولۇچىلار بېكىتىنىڭ ئالدى بۆلەكچىلا ئاۋات بو- لۇپ كەتكەنىدى. تاڭ ئاتقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، سومكا، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكەن يولۇچىلار تەرەپ - تەرەپتىن بېكەتكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قەيەر- گە بارىدىغانلىقى، نېمە ئىش بىلەن سەپەرگە چىققانلىقىنى سورى- شاتتى. بېكەتتە يولۇچىلاردىن ئۇزاتقۇچىلار كۆپ ئىدى. ئاپتو- بۇسلار مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ ئوت ئالدۇرۇلدى، بېكەتنىڭ دەرۋازىسىمۇ ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۇزات- قىلى چىققانلار ئاپتوبۇسىنىڭ دېرىزىسى ئەتراپىغا ئولىشىپ، بىر - بىرىگە ئامانلىق تىلىشىپ، خوشلاشماقتا ئىدى. ئاخىر ئاپتوبۇسمۇ قوزغالدى، شامىلنى ئۇزاتقىلى چىققان سەپداشلىرى

ئۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ خوشلاشتى.
ئۇ بىرنەچچە كونا ئاپتوبۇس، تراكتور، ئېشەكلىك ھارۋىلارغا چۈشۈپ يول يۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىر يۇرتىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ مەھەللىسىدە كېتىۋېتىپ، يۇرتىدىكى شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئۇنۇمسىز تۇپراقلارنىڭ ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش ياسىمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، يول بويىدىكى ئېتىزلىقتا تېرىلغان زىرائەتلەر شورنىڭ تەسىرىدىن ئالا ئۆسۈپ قالغانىدى. ھەي. . . »
ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ھەمدە كۆڭلىگە بۈيۈك بىر ئارماننى پۈكتى.
باش باھار يېتىپ كەلدى، يېشىللىقتا پۈركىنىۋاتقان دالىلاردىن باھارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. شامىل قىسمىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ناھىيىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى سايلىق دېگەن يېزىغا يېزىلىق خەلق قورۇللىق بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي يېزىلىق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ، بۇ جەرياندا كەنتلەرگە چۈشۈپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شورلۇق تۇپراقنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر كىتابلارنى كۆپلەپ كۆردى. بولۇپمۇ زەيلىك يەرلەرنى ئېكىن يەرگە ئۆزگەرتىش تەجرىبىسىنى نۇقتىلىق ئېلىپ باردى.
يۇرتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان رېشاتكىلىق كۆۋرۈكتە، بۇگۈنمۇ يەتتە - سەككىز ئادەم پاراڭغا چۈشكەنىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۆۋرۈك ئۈستىگە يىغىلىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ پارىڭىنى قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. گەپتىن گەپ تۇغۇلۇپ، پاراڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن شامىل ئۈستىگە مەركەزلەشتى.
— بىزگە قىسمىدا تەربىيە كۆرگەن، بىلىمى بار، ياخشى كادىر دەپ تونۇشتۇرغان بۇ يىگىت ئەتىدىن - كەچكىچە كەنتمۇ

كەنت، ئائىلىمۇئائىلە شاپاشلاپ يۈرۈپ، خېلى ئىش تېرىيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان مۇئەللىمى سۇلتان گەپ تېشىپ.
— ئىڭىكىگە تېخى ساقال چىقمىغان بۇ كادىرنىڭ يېڭىلىق يارىتالىشى تايىنلىق جۇمۇ، ئۇمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش دەس- لىپىدە شاپاشلاپ باقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىبىر پەيدا قىلىپ، بوزەكلەرگە قول شىلتىپ، نەپسىگە چوغ تارتىپ چۆنتەك تولدۇ- رىدۇ ھەقىچان، — دېدى ئوتتۇرا ياشلاردىكى چوقۇر بىر كىشى.
— بۇ يېتىمنىڭ ھازىرقى خىزمەت قىزغىنلىقىغا قارىغاندىمۇ كۆڭلىگە خەلق ئاممىسىنى پۈككەندەك قىلىدۇ. بىراق، ئەتە - ئۆگۈن بەل قويۇۋەتمىسىلا بولاتتىغۇ؟
— خەلق ئۇچۇن كۆيۈپ پىشىدىغان ياخشى كادىرنى بۇزىدى- غان يەنە شۇ بىز خەق ئاغىنىلەر، چىرايلىق گەپ قىلسا ئاڭلىماي- مىز، ياخشى كادىرنى ھۆرمەتلەپ، بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈر- مەي، نەدىكى بىر ئاغزىدا گېپى بار، كادىر تۇرۇپ دېھقاندىنمۇ سەت گەپ قىلىدىغان قۇش مىجەز كادىرلارنى ۋاي دەپ كېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىلمىلىك، ياخشى كادىرمۇ بارا - بارا جاھاننىڭ رەيتارىغا كىرىۋالىدۇ.
— توغرا دېدىڭلار، دېھقاننىڭ غېمىنى يەيدىغان ياخشى كا- دىرغا ئېرىشتۇق، خۇدايىم بۇ كادىرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەر- سۇن، ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلسۇن.
— شامىل بۇجاڭنىڭ دەپ بېرىشىچە، شورلۇقنى مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ئۆزگەرتىپ ماڭىدىغان بولساق، بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە مەھسۇلات ئۇنۇمى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى شورتاڭ تۇپراقنى نېمىلا تېرىساق نەپ ئالغىلى بولىدىغان يەرگە ئايلاندۇر- غىلى بولىدىكەن.
— ئۇ چاغدا خېلىلا ھاللىنىپ قالىمىز دەڭلار؟
— شۇنداق بولمامدىكى.

بۇ پاراڭلار بىردەمدىلا شامىلىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ بۇ خىل ئىنكاستىن ئاممىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى. ئۆزى بۇ تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋەردى. ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، شورنى يوقىتىش ئاساس قىلىنغان تەجرىبە ئېتىزلىرىنى كېڭەيتتى. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى. ئارىسالدى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنى زەيكەش چېپىشقا تەشكىللەپ، ئېتىز بويلىرىغا قاغاجىگدە كۆچىتى قويۇپ، زەيلەرنى قاچۇردى. قىش ۋاقىتلىرى يەرگە توڭ ياتقۇزۇپ، تومۇز كۈنلىرى قىلىن سۇغۇرۇپ، شور يوقىتىش دورىلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق شور تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەتتا سالغان ئۇرۇق مەھسۇلاتىنىمۇ ئالغىلى بولمايدىغان ئۇنۇمسىز يەردىن دەسلەپكى قەدەمدە مول ھوسۇل ئالدى. ئۇنىڭ بۇ خىل تەجرىبىسى ئۇزاققا قالماي يۇرتتا ئومۇملاشتى. ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ تەجرىبىدىن قانائەتلەندى ھەمدە ئۇنى ۋىلايەتكە كېڭەيتتى. ئۇ ئۇزاققا قالماي شۇ يېزىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، كېيىن ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ يۆتكەلدى. ئۇزۇنغا قالماي سايلامدا ھاكىم بولۇپ سايلاندى.

ناھىيە بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز نەچچە كىلومېتىردىن ئاشاتتى. ئۇ ناھىيىگە يۆتكەلگەن كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى، لېكىن، باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا دېھقانلارنىڭ يەنىلا سىرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى، سۈپەتلىك تۇپراققا ئايلىنىپ بولالمىغان شورتاڭ، ھوسۇل-

سىز يەرلەردىن كەمبەغەللىك پۇراپ تۇرۇۋاتقانلىقى، يۇرتىدىكى بالىلارنىڭ توپىلىق يوللاردا يالاڭ ئاياغ مەكتەپكە بارىدىغانلىقى، ئۇستى ئوچۇق، تاملىرى چاك كەتكەن سىنىپ ئىچىدە دەرس ئاڭلاۋاتقانلىقى، تېخى نۇرغۇنلىغان بالىلارنىڭ شۇ پۇرسەتكىمۇ ئېرىشەلمەي يۈرۈۋاتقانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، يۈرىكى ئىچىشقاندەك بولدى. ئۇ ناھىيىگە بارغاندىن كېيىنمۇ، بۇ خىل قىياپەتنى قانداق ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى كۆپ ئويلىدى. ئۇخلىسىمۇ مۇشۇ ئىشلار ئۇنىڭ چۈشىگە كىرەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «تەشكىل مېنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ ئەتىۋارلىغانىكەن، ئەلۋەتتە ئاممىغا مەڭگۈ خاتىرە بولۇپ قالغۇدەك بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇشۇم كېرەك» دەپ ۋەدە قىلاتتى.

ئۇ ئىشقا كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ، ئۈچ ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ ناھىيىنىڭ ھەممە يېزا - قىشلاقلىرىنى ئايلاندى، تەكشۈردى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ھەر خىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ بىر كۈنى ناھىيىدىن شاپتۇل يېزىسىغا تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا كېتىۋېتىپ، ناھىيە بازىرىغا كىرىدىغان كوچا ئېغىزىدا بازار باشقۇرغۇچى، تازىلىق ئىشچىسى قاتارلىق خادىملارنىڭ ئېشەك هارۋىلىق دېھقانلارنى توسۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشكە رۇخسەت قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تالىپقا تېلېفون بېرىپ:

— بۈگۈندىن باشلاپ دېھقانلارنىڭ ئېشەك هارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ سودا قىلىشىنى توسۇماڭلار! — دەپ ئورۇنلاشتۇردى. ئېشەك هارۋىسىنى ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلىدىغان دېھقانلار ئۇنىڭ بۇ

ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى.

— ئېشەك ھارۋىسى دەرۋەقە دېھقانلارنىڭ بىر [illegible] قاتناش قورالى، ئەمما، ئېشەك ھارۋىسىنى كوچىلارغا كىرگىلى قويسا، قاتناش تەرتىپىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، كوچا تازىلىقىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. بۇ ئىشتا سىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويدىڭىزمۇ قانداق؟ — دېدى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەر.

— ناھىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ قارىشىڭىز توغرا. بىراق، ناھىيىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندا، مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز، دېھقانلارنىڭ كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى تولىمۇ كۈچلۈك. مېنىڭچە ئۇلار ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىنى بەخىرامان ھەيدەپ كوچىلارغا كىرسۇن، ناھىيە بازىرىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرسۇن، قوبۇل قىلسۇن، ئىدىيىسىنى ھېچ بولمىغاندا كۆز قاراش جەھەتتىن بولسىمۇ ئازاد قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كوچىغا ئات، ئېشەك بىلەن كىرىشىنى چەكلىسەكمۇ ئۇلگۇرىمىز ۋە بۇ خىل چەكلەشنى دېھقانلار تېز قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر بىز دېھقانلارنىڭ كوچىغا ئات، ئېشەك بىلەن كىرىشىنى چەكلىسەك، خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالىساق، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىمىز. ئالدىنقى ئايدا يۈز بەرگەن ۋەقە دەل بۇ سۆزۈمگە ئىسپات بولالايدۇ، — دېدى ھاكىم شامىل.

ئالدىنقى ئايدا ساقچىلار بىلەن يۇقىرالار ئارىسىدا مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەنىدى. ساقچىلار ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كوچىغا كىرگەن بىر دېھقاننى تۇتۇۋېلىپ، ئەللىك يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە قىستىدى. يېنىدا بەش يۈەنمۇ پۇلى يوق دېھقان يىغلىغۇدەك بولۇپ ساقچىلارغا يېلىندى. ئەمما ساقچىلار دېھقاننى قويۇۋەتمىدى. ئاچچىقىغا پايلىمىغان دېھقان ساقچىلارغا قول ياندۇردى. ساقچىلار ئىشنى چوڭايتىپ دېھقاننى سولاپ قويدى. جەمئىيەتتە

بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى.

شامىل بىرنەچچە ئايلىق تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىز-مىتىنى بىر يەرگە ئاپارغاندىن كېيىن، بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ پارتكومغا سۇندى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە، ناھىيىلىك پارتكوم شامىل-نىڭ دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى. مەجلىسخانا يوپيورۇق، ئازادە بولۇپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان تامدا بىرقانچە پارچە تەقدىرنامە ۋە لەۋھە ئېسىقلىق تۇراتتى.

يىغىن باشلىنىپ بىرئازدىن كېيىن، شامىل تەييارلىغان دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى يىغىن قاتناشچىلىرىغا قىسقىچە تونۇشتۇ-رۇشقا باشلىدى:

— ناھىيىمىز مەملىكەت بويىچە كەمبەغەل ناھىيىلەرنىڭ بىرى، نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. خېلى كۆپ دېھقانلىرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. لېكىن، ناھىيىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، دېھقانلار قانچە ئىشلىسىمۇ ئىشلىگىنىگە تۇشلۇق نەپكە ئېرىشەلمەي، بۇنىڭ بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي كېلى-ۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەن-دەك ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش، كەلكۈن ئاپەتلى-رى خەلققە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ناھىيىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇ-ھىم نۇقتىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تاللاپ، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ، پىلاننى قەدەم باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئەمەلىيلەشتۈ-رۈپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىمىزنىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

مەجلىسخانا جىمجىت بولۇپ، شامىلنىڭ قولىدىكى ماتېرى-

يالىنىڭ ۋارقىنى ئۆرگەن ۋاقىتتىكى «شىرىق ـ شىرىق» قىلغان ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، قىلغان سۆزى ئىخچام، مەزمۇنلۇق ئىدى. ھازىر ھەممىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلىشىپ، كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر خېلى بىر قىسىم دېھقانلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ۋە كىتاب پۇلىنى تۆلىيەلمەي، بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا قۇربىتى يەتمىگەچكە، باللار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن ئايلاجىسىز ۋاز كېچىۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ دېھقانلارغا قويغان ھەددى ـ ھېسابسىز سېلىقلىرى دېھقانلارنىڭ شىللىسىنى بېسىپلا قالماي، دېھقانلارنى بىزار قىلماقتا.

شامىلنىڭ دوكلاتىدىكى بەزى سان ـ سىپىرلارنى ئاڭلىغان ئايرىم يىغىن قاتناشچىلىرى نارازى بولغان ھالدا: «قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدىغۇ بۇ ئاداش!» دەپ پىچىرلاشتى. بەزى رەھبەرلەرگە بۇ دوكلات يېڭىلىق تۇيۇلدى بولغاي چۆچۈدى. شامىل سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى.

شامىل ئالدىدا تۇرغان مىنېرال سۇدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، يىغىندىكىلەرگە سۆزىنىڭ قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئولتۇرغانلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ قارىشىمچە، بۇندىن كېيىن بىرىنچى، يۇقىرى بەلگىلىگەن بەلگىلىمە بويىچە، دېھقانلار تۆلەشكە تېگىشلىك سېلىقلارنىلا تۆلىشى كېرەك. باشقا ھەرقانداق نامۇۋاپىق سېلىقلارنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويساق. ئىككىن-

چى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان نامۇۋاپىق سىيلىق-لىرىنى قاتتىق چەكلەش بىلەن بىرگە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە كىتاب پۇلىنى يېزا كۆتۈرۈۋېتىش؛ ناھىيىمىزدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى ناھىيە مالىيىسىدىن كۆتۈرۈۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويساق، — ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىن قاتناشچىلىرىغا تاشلاندى، — شۇنداق قىلساق دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى بېيىش يولىغا باشلاپ، تۇرمۇشىنى تېز ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، — ئۇ ماتېرىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ناھىيىمىزدە ئوقۇشسىز قالغان يۇمران نوتىلارنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگىلى، نۇرغۇنلىغان ياشلارنى غەم - ئەندىشىسىز ھالدا ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىزدا ئىختىساسلىقلار كۆپىيىدۇ. ئىختىساسلىقلار كۆپەيدى دېگەنلىك يۇرتىمىزنىڭ بايلىقى كۆپەيدى دېگەنلىكتۇر. ئىختىساسلىقلار بولسا، ھەرقانداق ئىشنى ئىلىم - پەنگە تايىنىپ قىلغىلى، ھوسۇلسىز شورلۇق تۇپراقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئېكىن يەرگە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

مەجلىسخانا تاماكا ئىسى بىلەن تولغانىدى.

— بۇ ئىنتايىن ياخشى تەكلىپ ئىكەن، — دېدى مۇئاۋىن شۇجى ئەسقەر ئېغىز ئېچىپ، — لېكىن، ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئاساسى ئاجىز، بۇنداق بولۇشى، بۇ يەردە يېزا كارخانىلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن يەر تەۋرەش، كەلكۈن ئاپەتلىرى يۈز بەردى. ناھىيىمىزدىكى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇنچىلا مائارىپ چىقىمىنى ناھىيە مالىيىسى ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، «دوكلات» تا كۆرسىتىلگەن بەزى كونكرېت ئىشلارنى تەكشۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئاندىن كېڭەشىپ ئەمەلىيلەش-
تۈرسەك بولارمىكىن؟

يىغىندا ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى كەڭ كۆلەم-
دە، قىزغىن ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئاخىرىدا ھەممەيلەننىڭ پىكرى بىر يەرگە بېرىپ قالاي دې-
گەندە، پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ چاڭ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى مەر-
كەزلەشتۈرۈپ:

— يولداشلار! «دوكلات» ناھايىتى ياخشى يېزىلغان، ئۇ
يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا، ناھىيىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ
ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن. ئۇنىڭدا ئاساسىي زىددىيەتلەر ئوتتۇر-
ىغا قويۇلۇپلا قالماي، بەلكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارى-
لىرىمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، بۇنى ئىشلىرىمىزغا تۈرتكە بول-
ىدىغان ياخشى دوكلات دېيىشكە بولىدۇ! — ۋاڭ شۇجى ئىستاكان-
دىكى چاينى بىر ئوتلىدى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —
ھەممىمىزگە مەلۇم ناھىيىمىز يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى. دېمەك،
يېزا ئىگىلىكى ناھىيىمىزدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى. ناھ-
ىيىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن «دوكلات» تا كۆرسىتىل-
گىنىدەك مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەرگە ئىلىم ـ
پەن ئىگىلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى،
يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى مائارىپتا. ئەگەر ناھىيىمىزنىڭ
نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىمىز دەيدىكەنمىز، مائارىپنى را-
ۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ۋاڭ شۇجىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قوي-
غان خۇلاسە سۆزى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى
مۇجەسسەملىگەنىدى. يىغىندا بېكىتىلگەن پارتكومنىڭ «مائارىپ-
نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى قارارى» ۋە «دېھقانلارنىڭ
يۈكىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» لىرى ئۇلارنىڭ
كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. ئۇلار گۈزەل كەلگۈ-

سىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولۇشتى.
شەمسىيە كالىنىدارى بويىچە ھىسابلىغاندا، ئاۋغۇست ئېيى ئۆتۈپ كەتتى، سېنتەبىرنىڭ غۇر - غۇر شامىلى جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلدى. يول بويىدىكى گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئالتۇن رەڭگە كىرگەن زېمىن كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. باغلاردىن، ئېتىزلىقلاردىن مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەرنىڭ تاتلىق پۇرىقى، سارغىيىپ پىشقان قوغۇنلارنىڭ مەززىلىك ھىدى كېلىپ تۇراتتى. باغلاردىكى قىزىرىپ پىشقان ئانارلار يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، قىزىل ياقۇتتەك دانچىلىرى پوستىغا پاتماي قالغانىدى.
شامىلنى ئېلىپ كېتىۋاتقان پىكاپ ئىككى تەرىپى بوك - باراقسان دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئاسفالت يولدا بىر خىل سۈرئەت بىلەن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شامىل تەشكىلىنىڭ ئۆزىگە «خەلقنىڭ چاكىرى» دەپ نام بەرگەنلىكى ۋە ۋىلايەتكە باشلىق قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكى قاتارلىق شان - شەرەپلەرنى ئېسىگە ئالدى - دە، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسىنىڭ تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، كۆڭلىدە بولسا: «تەشكىل ماڭا ئىشىنىپ مېنى ئەتىۋارلىغان، مۇھىم خىزمەتلەرگە قويغانىكەن، چوقۇم تەشكىلنىڭ تەلىپىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلىدى.

1999 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر

[General Information]
书名=战场足迹　维吾尔文
SS号=40252573

www.uyghurkitap.com